# كېرىيە

1

2012

克里雅





ج ك پ كېرىيە ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم روزىباقى روزىنىڭ بېغىشلىمىسى

«كېرىيە» ژۇرنىلى قەدىمىي كېرىيە دىيارىنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى نامايەن قىلىدىغان ئالتۇن كۆزنەك. ئۇ ناھىيەمىزنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يارقىن سەھنىسى، كېرىيەدىكى كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى ئويۇشتۇرىدىغان بازا. «كېرىيە» ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرىپ، كېرىيەنىڭ ھەر ساھە تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى بولغان تەشۋىقات ھەمدە جامائەت پىكرى مۇھىتىنى يارىتايلى.

روزىباقى روزى



ج ك پ كېرىيە ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى جيەنجۈننىڭ بېغىشلىمىسى

以现代文化引领、大力传承和弘扬于田优秀民族文化。

李建军

(زامانىۋىي مەدەنىيەتنى باشلامچى قىلىپ، كېرىيەنىڭ مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيىتىگە زور كۈچ بىلەن ۋارىسلىق قىلايلى ۋە ئۇنى جارىي قىلدۇرايلى.)

# كېرىيە

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

## 2012.1

(ئومۇمىي 1 ـ سان)



نەشر قىلغۇچى: كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «كېرىيە» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# كېرىيە

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

2012 ـ يىلى 1 ـ سان . (ئومۇمىي 1 ـ سان)

باش مۇھەررىر: رېھىم نىياز مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم

## بۇ ساندا

### تەبرىك ۋە ئۈمىد

قەدىمىي ماكاندىكى جەزبىدار گۈلدەستە ...... روزباقى روزى 4

### ھېكايىلەر

قىسمەت ...... مەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا 7
بۇغاز خېچىر ...... ھەببە مەمەتئەيسا 27
ئەبەيىنىڭ چىپىي ...... ئەنۋەر جېلىل 45
قاغا چاڭگىسى ...... تۇرسۇن مەخمۇت 79
پاكزات ھەققىدە يىگى لەتىپە ...... ئەنۋەر مەتسەيدى 84
گايىت سامساقنىڭ ئوغلى بوش ...... مەتتۇرسۇن سۇلايمان 105

### نەسرلەر

نەسرلەر ...... ئايىمنىسا سۇلايمان 22
پىشقەدەم ساۋاقداشلار ئەنجۈمەنىدە دېيىلگەن گەپلەر ...... مەتقاسىم ئابدۇراخمان 87
ياشلىقتىكى خىياللار ...... دۆلەتخان ئابدۇۋەلى 89
ئەدەبىيات خورىماس بولاق ...... مەنزىرەم تۇردى 108

### نەزمىي ئەسەرلەر

ئىككى شېئىر ...... ياسىن زىلال 36
ئۈچ شېئىر ...... مەخمۇت مۇھەممەت (ئۆزلەت) 61
يىتىم قىزچاق ...... ساھىبجامال مەتسەيدى 62
شېئىرلار ...... بۇخەلچەم تۇردى 63
ئۈچ شېئىر ...... داۋۇت تۇرسۇن 64
ئۈچ شېئىر ...... غوجابدۇللا ئابدىلىم (يۇلغۇن) 65
شېئىرلار ...... ئامىنەم مەتقۇربان 66
رۇبائىيلار ...... ئابدۇلئېزىز ئابدۇقادىر 89
ئىككى شېئىر ...... زەيتۈنەم مەتىمىن 95
سالامنامە (شېئىرى چاخچاق) ...... ئابلىكىم تالىپ 96
شەنبىدە (ساتىرا) ...... ئابدۇرشات مۇساجان توغرۇل 98

لىرىكىلار ........................................ ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك 99
ئۇزارماقتا كۆلەڭگەم جىمجىت ........................ مەلىكە مۇھەممەت ئايزىت 100
شېئىرلار ........................................ رىسالەت مەردان 101
مۇھەممەت مۇسا، ئابدىغنى تۇرسۇن، پەرھات كازىمى، ئابدۇراخمان مەتنۇرى، رۇستەم ئابدۇللا، مەمتىمىن
تۇرسۇن، ئېلى مەتسەيدى قاتارلىقلار........................ 103


## ئەدەب ۋە سەنئەتكارلىرىمىز


كېرىيە دىيارىدىن يېتىشىپ چىققان ئوخشاش ئىسمىلىك ئۈچ ئەدىپ .............. سادىر تۇرسۇننىياز ئۇدۇنلۇق 55


## ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك


مۇھەببەتكە تولغان شەھەر — مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ قەلىمىدىكى دۇنيا .............. ئاينۇر دولقۇن 38


## روھ قىرغاقلىرىدا


مىللى مەرىكىلىرىمىزنىڭ مەدەنىيلىكىنى يۇقاتمايلى........................ خەيرىگۈل قادىر 91
ئىنتىلىش ۋە ئەقىدە ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ........................ رەيھانگۈل مۇھەممەت 93


## تارىختىن سۆز


كېرىيەدىكى ئۆتەڭ، دەڭ - سارايلار ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى .............. ياقۇپ مۇھەممەت 70
پۇلۇدىكى ئالاجۇي قورغانى ۋە قىرغىز قىسمىنىڭ ئالاجويدىكى پائالىيەتلىرى .......... ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن 71


## يۇرت ئېتەكلىرىدە


كۈنسىرى گۈزەللىشىۋاتقان كېرىيە خەلق باغچىسى ........................ رىھىم نىياز 67
يۇرتىمىزدىكى يېشىل مەرۋايىت بوستان شاللىق رايونى ........................ مەمەتئەيسا قۇربان 113


## تىلماچلار مۇنبىرى


ئوقۇتقۇچۇم ........................ ھېلىن كېللىر (ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام ت) 74
ئىككى ھېكايە ........................ فىلىڭ خۇاڭ، يۆ شۇخۇڭ (ئابلەت ئابدۇللا ت) 77
قىلتاق ........................ ۋاڭ شۆلياڭ (ئالىمجان ئابلىز ت) 117
ئىككى ھېكايە ........................ يى مىڭ، لىۇ شاۋخىي (رىجەپ ئىبراھىم ت) 121


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى


ئۈچ يېتىم (چۆچەك) ........................ تەييارلىغۇچى: ئېزىز قاسىم ياغ 124
يۇرت ناملىرى ھەققىدە رىۋايەت ........................ توپلىغۇچى: ئېزىز ئىمىن 126


* * *


مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: كېرىيە قىزى ........................ **يۇسەنجان قاسىم فوتۇسى**



**بۇ سانىنىڭ نۆۋەتچى مۇھەررىرى: ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن**
**مۇھەررىرلەر: ئالىمجان ئابلىز، ئايىمنىسا سۇلايمان، ئايىمنىسا ھاشىم**
**مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن**
**مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ**

# قەدىمىي ماكاندىكى جەزبىدار گۈلىستان

— «كېرىيە» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

كېرىيە ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم روزىباقى روزى

كېرىيە قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيەسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ھەم ئەڭ كۈجۈم راباتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۈستۈن تاغ مۇزلۇق چوققىلىرى بىلەن چوڭ مۇزتاغ چوققىلىرىدىن باشلانغان كېرىيە دەرياسى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ سوزۇلۇپ كېرىيە بوستانلىق كارىدورىنى شەكىللەندۈرگەن. كېرىيە ناھىيەسى شەرقتە بىپايان ساي قۇملۇق ئارقىلىق نىيە ناھىيەسى بىلەن، جەنۇبتا كۆككە بوي سۇنغان ھەيۋەت قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن غەربتە بۆك باراقسان جاڭگاللىق ئارقىلىق چىرا ناھىيەسى بىلەن شىمالدا بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ.

كېرىيە ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمىي يۇرت. ئۇ ناھايىتى قەدىمىي زامانلار ئىلگىرىلا ئىنسانىيەت پائالىيەت ئېلىپ بارغان قەدىمىي زېمىنلارنىڭ بىرى بولۇپ بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ دەپ قارالغان باش كەكسۇلاق تاش قۇرال ئىزلىرى كېرىيە دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن 77 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئەڭ قەدىمىي ھاياتلىق ئىزنالىرىدىن خەۋەر بېرىپ ياتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچ مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە كېرىيە ناھىيەسىنىڭ لۇش قەبرىستانلىق خارابىسىدىن تېپىلغان ھەمدەپنە بۇيۇملار ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى تۈرى ۋە خىلىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن قەدىمىي قاراقۇرۇم مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق ئىزلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. تەكلىماكان چوڭقۇرلۇقىغا يۇلتۇزلاردەك تارقالغان مارجانلىق خارابىسى، يۇملاققۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسى، قارادۆڭ قەدىمىي شەھەر خارابىسى، قىغاز كونا شەھەر خارابىسى ... قاتارلىقلار قەدىمىي تارىم مەدەنىيىتى ۋە بۇ مەدەنىيەتنىڭ شان شۆھرىتىنى نامايىش قىلىپ تۇرىدۇ. كېرىيە كونا شەھەر رايونى ئۆزىنىڭ قەدىمىي ئۆرۈپ ئادەت مەدەنىيىتىنى ئۆزىدە ئۆز پېتىچە ساقلاپ قالغانلىقى بىلەن قوغدىلىدىغان رايون قىلىپ تەستىقلىنىپ ئۈستى ئۈچۈق ئۆرۈپ ئادەت موزېيى بولۇپ تۇرماقتا. كېرىيەدىكى ئالاھىدە تەبىئىي مەنزىرە، ئىپتىدائىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ۋە قويۇق تارىخ مەدەنىيەت بىر گەۋدە قىلىنغان مول ساياھەتچىلىك بايلىق ئەۋزەللىككە ئىگە. شىمال تەرەپتىكى قۇملۇقتا ئېكىسپېدىتسىيە قىلىپ «دۇنيا قۇملۇق ساياھەتچىلىكىدە ئەڭ» دەپ نام ئالغان كېرىيە دەريا بويى يېزىسىدا «ئۆلۈم دېڭىزى» تەكلىماننىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىلىرى قاتمۇ قات قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلىرى ۋە قويۇق قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يەرلىك مىللىي ئۆرۈپ ئادەتلەرنى كۆرۈشكە بولىدۇ ... جەنۇب تەرەپتىكى قۇرۇم تاغلىرىنىڭ گەۋدىلىرىگە يامىشىپ قۇرۇم تاغلىرى ئۈستىدە زۇمرەتتەك جىمىرلاپ تۇرغان كۆللەر، مۇزلۇقلار، يانار تاغلار، ئارشاڭلارنىڭ تەبىئىي مەنزىر-

سىدىن ھۇزۇر ئالغىلى بولۇپلا قالماي ئېگىز تاغدىكى يېزا قىشلاقلارنىڭ قەدىمكى تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن ھوزۇرلانغىلى بولىدۇ.

ئىسلاھات ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ناھىيەمىزدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىپ قەدىمى يۇرتنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ جەزبدارلىق قوشۇلدى. ناھىيەمىز ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، غەمخورلۇقى ئاستىدا، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيەسى، دىڭ شياۋپىڭ نەزىرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيەسى» ۋە ئىلمى تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېغىزلار بويىچە يار يۆلەكتە بولىدىغان دۆلەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، خالىسانە ياردىمى بىلەن مۇرنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىپ، قەدىمي يۇرت كىبرىيەدە ئىنسان ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيەمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل يېڭى قىياپەتلەر مەيدانغا كېلىپ، مەدەنىيلىككە، ئاۋاتلىققا، تەرەققىياتقا قاراپ يۈزلەنگەن خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ ھەر مىللەت خەلقى ھەمنەپەس، قەلبداش، تەقدىرداش بولۇپ، ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغان ۋە گۈللىنىپ ئالغا باسىدىغان تەرەققىيات يولىغا قاراپ ماڭدى. تەرەققىياتنى قولدىن بەرمەي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تۈرلۈك ئىشلىرىدا كىشلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغۇدەك نەتىجىلەر يارىتىلدى. «كىبرىيە» نامىدىكى ئۇنىۋېرسال مەجمۇئەنىڭ نەشىر قىلىنغانلىقى كىبرىيەنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت، ئەدەبىيات سەنئەت ساھەسىدىكى يەنە بىر شانلىق نامايەندە شۇنداقلا جەلپكار كىبرىيە ۋە كىبرىيەدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى سەنئەتلىك تۈستە نامايان قىلىدىغان جەزبدار گۈلدەستە بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. ئۇ كىبرىيەنىڭ تارىخى مەدەنىيىتى، ئۆرۈپ ئادىتى، فولكلورى، جۇغراپىيىسى، غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى، ساياھەت نوختىلىرى، ساياھەت نوختا ئېچىش ئەۋزەللىكلىرى، كىبرىيەدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر، تۆھپىكارلارنى تونۇشتۇرۇش، ئېچىكىرى ئۆلكىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ئېغىزلار بويىچە ياردەم بىرىشى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىش ۋە نەتىجىلەرنى تەشۋىق قىلىشتا غايەت زور رول ئويناپلا قالماستىن يەنە ئەدەبىيات سەنئەت ئىشلىرىنى ناھىيەمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، نادىر ماقالە ئەسەرلەر ئارقىلىق ناھىيەمىزنىڭ كۈندىن كۈنگە گۈللەپ ياشناۋاتقان تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى بەدىئىي يوسۇندا ئىپادىلەپ جۇشقۇن يىللارنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسىنى تىكلەيدۇ.

مەن «كىبرىيە» ناملىق بۇ جەزبىدار گۈلدەستە ئارقىلىق كىبرىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىزغىن سالام يوللايمەن! ھەمدە بۇ جەزبىدار گۈلدەستىنىڭ يېقىملىق خۇشپۇراقلارنى چېچىپ قەدىمى يۇرتنىڭ جۇلاسىنى تېخىمۇ يارقىن نامايان قىلىشىنى، خاسىيەتلىك دەقىقىلەر ئۈچۈن شاھىد بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

## ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

ھەققەت ئېگىلەر، سۇنماس.

قاننى قاندا يۇغىلى بولماس ،
تاشنى تاياقتا تاڭغىلى بولماس.

نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت .

تاغدەك ئىشىنچمۇ، تىرىقتەك تۇخۇمى بار.

شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس.

كىرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق.

تۇنۇرغا كىرگىنى خام چىقماس.

قاچماققا ئۇدۇل ياخشى، ماڭماققا يول (ياخشى).

تۆكى قايانغا ياتسا، شۇ يانغا سىلا.

تۆكنىڭ يېتىشىغا، سۇنىڭ ئېقىشىغا.



مۇھەممەدتۇرسۇن ئەبەيدۇللا

# قىسمەت

(ھېكايە)

## 1

ئالمىخاننىڭ بەكمۇ ئىچى پۇشۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. دادىسى ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىز گەپمۇ سورىمايلا كەلگەن ئەلچىلەرگە ماقۇللۇق بىلدۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ بولغان ئىدى.

— دادا، نېمانداق قىلىسىز، مەندىن سورىمايلا جاۋاب بېرىۋەتتىڭىزغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۆزىنى بېسۋالالماي ئەمدىلا ئەلچىلىككە كەلگەنلەرنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيگە يېنىپ كىرگەن دادىسىغا قاراپ ئۆزىنى ئاران تەستە بېسىۋېلىپ، — ئىشقىلىپ مەن قوشۇلمايمەن ...!

— ئۇ يەنە گەپ قىلماقچى بولغان ئىدى بىراق، تىلى گېپىكە كەلمەي ھۆركىرەپ يىغلاپ تاشلىدى.

— يىغلىماڭ قىزىم، — دېدى تاھىر بوۋاي قىزىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئىچى سىيرىلغان ھالدا. بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكى ئاندىن سەل - پەل جايىغا چۈشكەندەك بولدى، — سىزدىن سورىمايلا ماقۇل دېگىنىم... بۇ مېنىڭ چوڭ خاتالىقىم، لېكىن، ماقۇل دېمىسەممۇ بولمايدۇ، بىلەمسىز، مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆيىمىزگە بەش يەردىن ئەلچى كەلدى، ھەممىسىگە «ياق» دەپلا جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالسىڭىز قانداق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى ئەمەسمۇ . سىز بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىزلارنىڭ ئالدىنىڭ ئىككى - ئۈچتىن بالىسى بولۇپ بولغىلى نەۋاق. سىزلا مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋەرسىڭىز كىشىلەر نېمە دەپ قالىدۇ؟ مەنمۇ كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدىلا پەرھىزنى ئادا قىلىۋەتسەم بولاتتى، دەپ ئالدىراۋاتىمەن، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئامالىنىڭ يوقلىقىدىن شۇنداق ماقۇل دېمىسە بولمايدىغاندەك بىرخىل تەلەپپۇزدا چىقتى. ئۇ قىزىنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى - دە، ئۇنى تارتىپ باغرىغا باستى. ئاندىن، بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇزۇپ - ئۇزۇپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ كىرپىكى جۈپلىشىپ بىردەمدىلا نەملىشىپ كەتتى. ئۇچتەك ئاقىرىپ كەتكەن ئۇزۇن ساقىلى زاڭىقى بىلەن قوشۇلۇپ لوقۇلداپ تىترەيتتى.

ئاتا - بالا خېلى بىردەمگىچە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئولتۇرۇشتى. بىرئازدىن كېيىن ئالمىخان سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۆينىڭ كەينىدە يېقىنلا يەردە كالا قوتىنى بار ئىدى. ئۇ ھەمىشە زېرىككەن، ياكى بىر نەرسىدىن ئىشى پۇشۇپ قالغان چاغلاردا قوتانغا بېرىپ كالىلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ كۆڭلىنى تىندۇراتتى. ئۇ ئاسمانغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان كۆچلۈك يىغىسىنى ئاران - ئاران بېسىپ تۇرۇپ، كۆز ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى، ئېغىر - ئېغىر تىندى، ئاندىن

قوتاننىڭ ئالدىغا كەلدى. قوتاننىڭ ئالدىدا جىگدە تۈۋرۈكگە زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇلغان نەسىللىك سېرىق ئالا بۇقا پوش - پوش... قىلىپ تىنىپ، ئىككى مۈڭگۈزىنى تىك تۇتۇپ ھەيۋەتلىك ھالدا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئالمىخاننى كۆرۈپ بېشىنى ئىككى تەرەپكە چايقاپ تىلى بىلەن بۇرنىنى يالاپ يېنىككىنە ئازنىدى، ئاندىن، بوينىنى پەسلەپ ئالدىغا سوزدى. ئالمىخان كېلىپ بۇقىنىڭ ئالدىدا تىزىنى يەرگە چاپلاپ ئولتۇردى. قولى بىلەن بۇقىنىڭ قاشقىرىنى، مۈڭگۈزىنى سىلىدى، بۇقا تىلىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ مەڭزىنى شالاپ - شۇلۇپ قىلىپ بىر نەچچىنى يالىدى. بۇقىنىڭ تىلى يىرىك ھەم كۈچلۈك ئىدى. ئۇ بىرياققا سەنتۈرۈلۈپ كەتكىلى تاسلا قېلىپ، بۇقىغا مەڭزىنى يېقىپ بوينىغا مەھكەم ئېسىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇقىنىڭ بەدىنى ئوتتەك ئىسسىق بولۇپ ، ئۇنىڭدىن بىر خىل مېھرىبانلىقنىڭ تۇيغۇسى گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇنى يەنە يىغا باستى. بۇقا خۇددى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك مىدىرلىماي جىم تۇراتتى. ئالمىخان بۇقىنىڭ كۆزىنى سىلىۋىدى، قولى نەملىشىپ ھۆل بولغاندەك زايە بولدى. بۇقىنىڭ كۆزىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى.

قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغان ئىدى. ئالمىخاننىڭ ئېسىگە تۇرۇپلا قوتاننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ساتمىدا مۇشۇ ئىككى - ئۈچ كۈندىن بۇيان شامال دارىپ قېلىپ قوپالماي يېتىۋاتقان ياسىن پاكار ئېسىگە كەلدى. ئۇ بۇقىنى قويۇپ بېرىپ بىردەم قاراپ ئولتۇردى. ئاندىن قوتاننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ساتمىغا كەلدى.

— ئالمىخانمۇ سىز؟ بۇياققا ئۆتۈڭ، — ياسىن پاكار غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا ئاللىقاچان ئالمىخاننى تونۇپ بولغان ئىدى.

— ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ئالمىخان توپىدا ياسىغان سۇپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— بۈگۈن ئەھۋالىم خېلى ياخشى ، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئەتە - ئۆگۈن كالىلارنى ئۆزۈم باقىمەن، — شۇنداق دېگەچ ياسىن پاكار ياتقان يېرىدىن قوپۇپ يوتقىنىنى كەينىگە يۆلەنچۈك قىلىپ ئولتۇردى.

ئەتراپنى پاشا - كۆمۈتىلار بىر ئالغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۈچۈشۈۋاتقان شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ۋاژ - ۋۇژ قىلىپ قۇلاقنى يەپ كەتكۈدەك ھالدا ۋىڭىلدايتتى. يىراقتىكى قومۇشلۇق كۆلدىن پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قايىقتىدۇر بىرىيەرلەردە ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ سۇ ئۈستىدە پالاقشىۋاتقانلىقى بوشلۇقتا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ تۇرۇپ - تۇرۇپ جىمجىتلىقنى بۇزاتتى.

— ياسىن ئاكا، مېنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى خالامسىز؟ — بىردىنلا ئالمىخان ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ئاكا» دېگەن گەپنىڭ قوشۇلۇپ چىقىپ كېتىشى ئۇنىڭ يۈرەكلىك ھالدا سورىغان سوئالىغا سەل ماس كەلمىگەندەك ئاۋازى ئاخىرىغا كەلگەندە تىترەپ كەتتى.

— نېمە؟! — ياسىن پاكار بۇ گەپتىن ئۆلگۈدەك چۆچۈپ تىن ئالالماي قالدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى - دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ گەپ ئۇنىڭغا بومبا پارتلىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

— گەپ قىلىڭە ! — ئالمىخان ساتمىنىڭ ئىشىكدىن يىراقلارغا قارىدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ يىراقتىكى نەرسىلەرنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئالدى تەرەپكە قارىدى. بىراق، كۆزىنىڭ نۇرى ئانچە ئۇزاققا بارالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇۋاتقىنى پەقەتلا غۇۋا قاراڭغۇلۇقتىكى ساتمىنىڭ قومۇشتا تۇتۇلغان چىتى ھەم نەچچە قەدەم نېرىدىكى شىلدىرلاپ تۇرغان قومۇشلۇقلار ئىدى.

— ئالمىخان، بىرەر ئىش بولدىمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ياسىن پاكار مىڭ تەستە كىرىشىپ قالغان چىشلىرىنى كېمىرىپ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى ئاران تەستە مىدىرلىتىپ.

— دادام مېنى يۇقارقى مەھەللىدىكى سادىر تېرىچىگە بېرىشكە ماقۇل بولدى، — دېدى ئالمىخان.

ياسىن پاكار بىر نەرسە دېمەكچى بولاتتى - يۇ، ئېغىز ئاچالماي قېتىپ جىم بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

— سىزمۇ ماقۇل بولدىڭىزمام؟

— مەن ماقۇل دېسەم سىزگە بۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرەرمىدىم؟ تازىمۇ بىر بەغەرەز ئىكەنسىزغۇ، ئوغۇل بالا بولسىڭىز جاق - جۇق ئىككى ئېغىز گەپ قىلىڭە!

ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. «راستتىنلا دىتى يوق پاكاركەن، سەنمۇ ئەر كىشى بولۇپ قاپسەندە!» ياسىن پاكارنىڭ زۇۋان سۈرمەي تەمتىرەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئالمىخاننىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ تى-

تىلداپ كەتتى.

ــ ئالىمخان، ــ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ياسىن پاكار ئاندىن ئېغىز ئاچتى، ــ مەن بىلىمەن، سىز ئاچچىقىڭىزدا شۇنداق دەۋاتىسىز، ئەمما، دادىڭىزنىڭمۇ ئۆيلىگىنى بار ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ گېپىگە ئەمدى ماقۇل دەڭ، بولمىسا، دادىڭىزنى رەنجىتىپ قويىسىز.

ــ مېنى ياراتمىدىڭىزما؟

ــ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، راستىنى دېسەم مەن سىزگە ئامراق، سىزمۇ بىلىسىزغۇ، مەن سىزنى سىڭلىم قاتاردا كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. يەنە كېلىپ، سىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىش دېگەن ئۇيىاقتا تۇرسۇن، شۇنداق بولسىكەن دەپ ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن، ــ دېدى ياسىن پاكار. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان يەر تاپالماي قالغان ئىدى. ئۇ غىرت ـ غىرت قىلىپ تۆكۈرۈكىنى ئىچىگە يۇتۇپ قويدى. ئورۇقلۇقىنىڭ دەردىدە چوخچىيىپ چىقىپ قالغان بوغدىيىكى بىر ئاستىغا چۈشۈپ، بىر ئۈستىگە چىقىپ توختىماي مىدىرلايتتى.

ــ نېمشقا ئۇنداق دەيسىز، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ــ ئالىمخان ياسىن پاكارنىڭ ئالدىدا غورۇرىنىڭ قاراپ تۇرۇپ يەرگە ئۇرۇلغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق ئازابلاندى.

ــ سىز دېگەن شۇنداق چىرايلىق ھەم ئەقىللىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدىڭىز ، كەلگۈسىدە چوقۇم بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭىز كېرەك، مەن دېگەن بىر قارا يېتىم تۇرسام، ھېچنەرسەم بولمىسا، دادىڭىزمۇ ھەرگىز ماقۇل دېمەيدۇ، ئۇ مىنىڭ بېشىمنى سىيلىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان ئىشنى قىلسام مېنى خۇدا ئۇرىدۇ، ئۇنداق دەپ مېنى... قىينىماڭ... ــ ياسىن پاكار شۇمشىيىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ــ بوپتۇ، قورقۇپ كەتمەڭ! ئەسلىدە سادىر تېرىچىدىن سىزنى ياخشىراق دەپ ئويلىغان ئىدىم، سىزنىڭمۇ ئوغۇل بالىچىلىقىڭىز يوق ئىكەن، يەنىلا سادىر تېرىچىگە تەگمىسەم بولمىغۇدەك، ــ ئالىمخان تۇرۇپلا ناھايىتى مەردانە قىياپەتكە قايتىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ كۈلدى. بۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلگىلى بولمايتتى. ياسىن پاكار بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ پۇت ـ قولى دىر ـ دىر تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

ــ تازىمۇ بىر يارامسىز ئادەمكەنسىز ، بىر قېتىم بولسىمۇ دەردىمگە دەرمان بولار دەپ ئويلاپتىمەن، ــ دېدى ئالىمخان.

ــ مېنى كەچۈرۈڭ ئالىمخان، ناۋادا سىزنى ئالغۇدەك جۈرئىتىم بولغان بولسا ئاللىقاچان كەشمىنى توغرىلاپ قويغان بولاتتىم، بىلىسىزغۇ، مىنىڭ مۇشۇ ۋىجىك بەدىنىم، ئەبگار تۇرقۇم قانداقلارچە سىزگە ئەر بولالايدۇ. ئۇنداق قىلسام خۇدامۇ مېنى كەچۈرمەيدۇ، مېنى كەچۈرۈڭ... ــ ياسىن پاكار ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، دەلدەڭشىپ يۈگۈرگەن پېتى ئېتىلىپ سىرتقا چىقىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇدى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇنىڭ دۆڭنىڭ پەس تەرىپىدىكى قومۇشلۇقتا شاراق ـ شۇرۇق قىلغان شەپىسى ئاڭلاندى.

ئالىمخان بىردەم ئولتۇرۇپ ياسىن پاكارنىڭ شەپىسىنىڭ يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئاندىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دەپ قويغىنى بىلەن ياسىن پاكاردىن ئاغرىنىشقا بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا كۆڭلىدە خاپا بولۇپمۇ كەتمىدى. بىچارە ياسىن پاكار، ساڭىمۇ ئامال يوقتە. ئۇ ئەسلىدە ياسىن پاكار تەلپىمگە قوشۇلۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئاسمانغا قاردى. سانسىزلىغان يۇلتۇزلار مۇئەللەقتە سۇس پىلىلداپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلار بەكمۇ يىراقتا كۆرۈنەتتى. كۆز ئالدىدىكىسى يەنىلا تېگى يوق قاراڭغۇلۇق ئىدى.

2

تاھىر بوۋاينىڭ نەچچە ئەۋلاد ئاتا ـ بوۋىسى چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر ئىدى. بۇ كەسىپ پەقەت ئۇنىڭغا كەلگەندىلا ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇ نەچچە يىل ئەجىر قىلىپ يەر تېرىدى. لېكىن جېنىنى ئاران جان ئېتىپ، تاپقان ـ تەرگىنىدىن زادىلا ئېشىنالماي كەلدى. كېيىن ئايالى يەر ئاغدۇرۇپ ساپاننى تاپ بېشىغا يۆتكەيمەن دەپ تۇرۇۋاتقاندا، ساپانغا قېتىقلىق تۇرغان ئىككى تورپاق ئۈركۈپ كېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن ساپاننىڭ ئالدىغا دۈم چۈشۈپ، ساپاننىڭ چىشى ئۆچەي ـ باغرىنى چۇۋۇۋېتىپ شۇ يەردىلا

ئۆلۈپ قالغان ئىدى. نەچچە يىل ئۆتۈپ ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئاتا كەسپى بىلەن جان بېقىش خىيالىغا كېلىپ قېلىپ، مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قومۇشلۇققا ئۆي سېلىپ پادا يىغىپ باقتى. بۇ يەردە جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سوزۇلغان، ئىككى يېقىنى تۇتاش - تۇتاش ئېگىز دۆڭلۈكلەر ئوراپ تۇرىدىغان، بويلىرى ياپيېشىل قومۇشلۇقلار بىلەن كۆكىرىپ، نېرىدىن قارىسا خۇددى يېشىل دولقۇنغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان بىر قەدىمي ئېقىن بار ئىدى. سۈيى سېرىق بولغىنى بىلەن قىشمۇ ياز ئۈزۈلمەي ئاقاتتى. ئېقىننىڭ ئىچىدە ھەرخىل ياۋا ئۆردەك ھەم سۇ قۇشلىرى ئۇۋىلايتتى. ئەتراپى چەكسىز كەتكەن يۇلغۇنلۇق بولۇپ، يەرنىڭ يۈزى شۇمبۇيا ۋە سۆكسۆك، شاقشاقلار بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. مال بېقىشقا تولىمۇ باب ئىدى. تاھىر بوۋاي دەسلەپتە باشقىلارنىڭ كالىلىرىنى يىغىپ بېقىپ يۈردى. كېيىن، ئاز - تولا پۇل يىغىش قىلىپ بىر نەچچە كالا سېتىۋالدى. ئۇ كالىلارنى ئوبدان باققاچقا يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر كالىلىرىنى ئۇنىڭغا باقتۇرۇشنى ياقتۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ كالىلىرىنى قوشقاندا يىلىغا نەچچە يۈز تۇياق كالىنى ئالدىغا سېلىپ باقىدىغان بولدى. ئۇ باققان كالىلار خۇددى تۇلۇمدەك سەمرىپ موزايلىسىمۇ ئېتىدىن چۈشمەي تۇراتتى.

بىركۈنى ئۇ كالا بېقىۋېتىپ توساتتىن ئېقىن ئىچىدە ياۋا ئۆردەك چۈجىسىنى قوغلاپ يۈرگەن ياسىن پاكارنى چېلىقتۇرۇپ قالدى.

— ھوي بالام، ئېقىننىڭ بەك ئوتتۇرىسىغا بارما، ئۇ يەر بەكمۇ چوڭقۇر، سۇ ئۈزۈشنى بىلمىسەڭ يېنىپ چىقالماي ئۆلۈپ قالىسەن، — دەپ ۋارقىرىدى تاھىر بوۋاي ئېقىننىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ.

ياسىن پاكار كەينىگە ياندى - دە، بەدىنىگە چاپلىشىپ قالغان كىيىملىرىدىن سۇ ساقىشتۇرۇپ بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— نەدىن كەلگەن بالا سەن، مەن سېنى تونۇمىدىمغۇ؟ — دەپ سورىدى تاھىر بوۋاي ئۇنىڭ ۋىجىك كىچىككىنە بەستىگە قاراپ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ تەكلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن .

— دەپ بەرسەممۇ بىلمەيسىز، — دېدى ياسىن پاكار ياۋاشلىق بىلەن كىيىملىرىنى بوز توپىغا كۆمۈپ تۇرۇپ، — مەن ماشىنا بىلەن نەچچە ئون كۈن يول يۈرۈپمۇ بارغىلى بولمايدىغان يەردىن كەلدىم.

— تازىمۇ بىشەم بىر نېمە ئوخشىمامسەن، ھېچ بولمىغاندا ئۇ دۇنيادىنغۇ كەلمىگەنسەن، ئىسمىڭ نېمە؟

— ئىسمىم ياسىن پاكار ، ئۆزۈم پاكار، بويۇم پەس بولغاچقا كىشىلەر ماڭا شۇنداق دەپ لەقەم قويۇپ قويغان.

بوۋاي ئۇنىڭ ئۈستى - بېشىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى.

— داداڭ بارمۇ؟

— يوق.

— ئاناڭ بارمۇ؟

— يوق.

— ئاكاڭچۇ؟

— يوق.

— ئىنى - سىڭىلىڭچۇ؟

— ۋايجان، تېخىمۇ يوق.

— ھېچنېمەڭ بولمىسا، تام تۆشۈكىدىن چىقمىغانسەن؟ — دېدى بوۋاي كۈلۈپ كېتىپ.

— بىلمەيمەن، — دېدى ياسىن پاكار كونىراپ كەتكەن كۆڭلىكىنى سېلىپ تولغاپ سۈيىنى سىقىۋېتىپ . ئۇنىڭ بەدىنى ئورۇق، قورسىقى قۇشقاچ كامىرىغا ئوخشاش ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى.

— سىز بۇيەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى ياسىن پاكار ئەتراپىغا قاراپ.

— ئاۋۇ كالىلارنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ قولى بىلەن ئوتلاۋاتقان كالىلارنى كۆرسەتتى تاھىر بوۋاي، — مەن ئەنە ئاشۇ كالىلارنى باقىمەن.

— يائاللا، شۇنچە كالىلار سىزنىڭكەندە، ئەجەبمۇ باي ئادەمكەنسىزغۇ.

— ياق، ھەممىسى مېنىڭ ئەمەس، باشقىلارنىڭمۇ بار.

— نېمىشقا باشقىلارنىڭ كالىلىرىنى باقىسىز، تازا بىر ئەخمەق ئادەم ئوخشىمامسىز؟

— بىكارغا باقمايمەن، پۇلغا باقىمەن، پۇلغا.

— ھە، مۇنداق دەڭە.

ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭ قىلىشىپ ئولتۇردى. ئالەم چۈش بولاي دەپ قالغان ئىدى. كۈن تازا قىزىدىغاندا ئىككىسى دۆڭنىڭ باغرىدىكى سۆگەت سايىسىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ بىردەم سالقىندىدى. ئاندىن بوۋاي بېلىگە پوتىغا يۆگەپ ئورىۋالغان پېتىر كۆمچىنى يېشىپ پوتىسىنى داستىخان قىلىپ يەرگە سالدى. كۆمەچنى

ئىككى قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار سۇدانغا چىڭقاپ ئېلىپ كېلىنگەن چايدىن راسا ئىچىشكەچ كۆمەچتىن تويغىچە يېيىشتى. ئاندىن گارت - گۇرت قىلىپ كېكىرىپ قويۇشتى.

— سەن خۇددى كالا ھەلەپ يېگەندەك كالاپشىتىپ سەت چاينايدىكەنسەن، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن چىرايلىقراق بىر نەرسە يېيىشنى ئۆگەن، بولمىسا، قىز باللار بۇنداق ئوغۇللارنى ياراتمايدۇ، — دېدى تاھىر بوۋاي.

كەچ بولغىچە ياسىن پاكار بوۋايغا ئەگىشىپلا يۈردى. ئۇ ۋىجىك ھەم چاققان بولغاچقا خۇددى توشقاندەك يۈگۈرەيتتى. قېچىپ توپتىن ئايرىلىپ كەتكەن كالىلارنى يۈگۈرۈپ بېرىپ بىردەمدىلا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلەتتى.

شۇ كۈنى تاھىر بوۋاي ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ قوندۇرۇپ قالدى.

— ئەگەر ماقۇل دېسەڭ مەن بىلەن مۇشۇ يەردە قېلىپ قال، — دېدى تاھىر بوۋاي ئەتىسى ئۇنىڭغا. ياسىن پاكار بوۋاينىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بوۋاينىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. بوۋاي بىرنەچچە كۈن نېرىقى كەنتلەرگىچە بېرىپ، يەنە بىرنەچچە كالا يىغىپ قوشۇپ باقىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، نەچچە كۈن ئۆتمەي كالىلارنىڭ سانى ھە دەپ كۆپىيىپلا كەتتى. ئۇلار ئەتىگەن كالىلارنى ھەيدەپ ئېقىن بويىغا ئېلىپ كەتسە كەچتە يەنە ھەيدەپ ئەكېلىپ قوتانغا سولاپ قويۇپ دەم ئالاتتى.

ئالمىخان ئەتىگەن تۇرۇپ ئۇلارغا ناشتىلىق تەييارلىغاندىن كېيىن قىزىق ئوچاقتا كۆمەچ كۆمۈپ چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن پوتىغا چىگىپ بوۋاينىڭ بېلىگە باغلاپ قۇياتتى.

شۇنداق قىلىپ بوۋاينىڭ قولىغا ئازراق پۇل كىرىپ ئۆزىدىن ئېشىنىدىغان بولدى. بىر كۈنى كەنت مۇدىرى ئۇنىڭ ئالدىغا قوشۇپ قويغان كالىلىرىنى كۆرگىلى ئېقىن بويىغا كەلدى. ئۇ بىرنەچچە كالىسىنى چارۋا پونكىتىغا ئېلىپ بېرىپ نەسىللەندۈرۈپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى دېدى.

— ئۇكام، قويۇڭە ئۇنداق گەپنى، كالا دېگەننى قانداقمۇ نەسىللەندۈرگىلى بولىدۇ؟ — دېدى بوۋاي ئەقلى يەتمەي. كەنت مۇدىرى بىردىن - بىردىن سۆزلەپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى. لېكىن بوۋاي بۇنىڭغا زادىلا ئىشەنمىدى. قانداق قىلىپ كالا دېگەننى بۇقىغا نەسىللەندۈرمەي ئادەم نەسىللەندۈرۈپ موزاي تۇغدۇرىدىغان ئىش بولسۇن، خۇدانىڭ ئالىمىدە بۇنداق ئىشنى بار دېسە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولىدۇ؟ بوۋاي زادىلا تەن ئالغىلى ئۇنىمىدى. كەنت مۇدىرى كالىلىرىنى ئېلىپ كېتىپ يەنە تۆت - بەش كۈندىن كېيىن ئەكېلىپ قويدى. بوۋاي ھەركۈنى كالىلارنىڭ قورسىقىغا قارايتتى. نەچچە ئاي ئۆتۈپ نەسىللەندۈرگەن نەچچە ئون كالىدىن پەقەت بىرسىنىڭلا قورسىقى يوغىناشقا باشلىدى. بوۋاي بۇ كالىنىڭ قورسىقىدىن زادى نېمە تۇغۇلاركىن دەپ كالىنىڭ موزايلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. ئاخىرى كالىمۇ موزايلىدى. موزاي دەسلەپتە ئادەتتىكى موزايلاردەك كۆرۈندى. نەچچە ئاي ئۆتۈۋىدى، ئۇ خۇددى يەل سېلىپ چوڭتۇۋاتقاندەكلا ناھايىتى تېز يوغىناپ كەتتى. يېشىغا تەگمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇستىخىنى ئادەتتىكى 2 - 3 كالىنىڭ ئۇستىخىنىنى بىر قىلغاندەكلا تومپىيىپ تۇراتتى. بىر يەردە تۇرىدىغان بولسا يەرلىك كالىلار ئۇنىڭ موزىيىدەك كۆرۈنەتتى. بۇنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ قورسىقىغا ئوت كىردى. ئۆزىنىڭمۇ كالىلىرىنى نەسىللەندۈرۈشنى ئويلاپ چارۋا پونكىتقا ئاپارغان ئىدى، تېخى ۋاقتى كەلمەپتۇ دەپ قايتۇرۇۋەتتى. نەچچە قېتىم ئاپىرىپ بەش كالىسىنى نەسىللەندۈرۈپ ئەكەلگەن ئىدى، لېكىن بىرسىمۇ بوغاز بولغىلى ئۇنىمىدى.

— ئۇكام، بۇنى سەن قىلغاندىكىن، بوغاز بولىدىغانغا قىلساڭ بولاتتى، — دېدى تاھىر بوۋاي چارۋا پونكىتىدىكى تېخنىك بالىغا ئېغىز ئېچىپ. تېخنىك بالا كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ ھۆكۈمەتنىڭ قىلمايدىغان ئىشى يوق ئىكەن، ئادەملەرمۇ بۇقىدەك كالىلارنى بوغاز قىلغىلى تۇرسا، بۇقىلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟! — دېدى بوۋاي چاقچاق قىلىپ.

تېخنىك بالا ئېقىن بويىغا بېرىپ بوۋاينىڭ بىرنەچچە كالىسىنى تاللاپ ئۇرۇقلاندۇرۇپ نەسىللەندۈرۈپ بەردى. ئاخىرىدا بىر كالا نەسىللىك موزايدىن بىرنى تۇغدى. موزاي سېرىق ئالا بولۇپ شۇنداق چىرايلىق ھەم ئەرمەك ئىدى. ئۇ ناھايىتى تېزلا يوغىناپ قاتارغا قوشۇلدى.

— ئۇكام سەن بۇنداق قىلىشنى نەدىن ئۆگەنگەن

ئىدىڭ ؟ — دەپ سورىدى تاھىر بوۋاي. ئۇ ھاياجانلىنىپ خۇشاللىقنى باسالماي قالغان ئىدى.

— مەن بۇنى مەكتەپتە ئۆگەنگەن، — دېدى تېخنىك بالا.

— ھايۋانلارنى بوغاز قىلىشنى ئۆگىتىدىغان مەكتەپمۇ بارمىكەن؟ — بوۋاي ھەيران قالدى.

— بار، — دېدى تېخنىك بالا.

بوۋاي شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بۇ ئىشلارغا بەكمۇ قىزىقىپ قالدى. ئۇ ھەر قېتىم نەسىللىك موزىينى كۆرسە خۇددى چۈش كۆرگەندەكلا بولۇپ قالاتتى. بىر كۈنى ئۇ كالا بېقىپ يۈرۈۋېتىپ توساتتىنلا ئويلاپ قالدى.

— ھوي، بۇياققا كەلگىنە، — دېدى ئۇ ياسىن پاكارنى يېنىغا چاقىرىپ، — مەن ئالىمخاننى ھېلىقى چارۋىچىلىق مەكتىپىدە ئوقۇتايمىكىن دەۋاتىمەن، سېنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟

— مەن بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، مەندىن سورىماڭ، ئۇ ئىشلارنى مەن يا تازا بىلىپ كەتمىسەم، نېمىمۇ دېيەلەيمەن، — دېدى ياسىن پاكار .

— بولدىلا، ساڭا مەسلىھەت قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى بار، — دېدى بوۋاي، — يا سەن مەكتەپتە ئوقۇپ باقمىغان تۇرساڭ، نېمىنى بىلەتتىڭ !

بوۋاي ئولتۇرسا - قوپسا مۇشۇ ئىشنى خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بىركۈنى ئۇ كالىلارغا ياسىن پاكارنى قارىتىپ قويۇپ ئۆزى ئېشەككە مىنىپ چارۋىچىلىق پونكىتىغا باردى. ئازراق ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، يېزا باشلىقىنى ئىزدەپ تېپىپ مەقسىتىنى ئېيتىپ ياردەم بېرىشنى، يولنى كۆرسىتىپ قىزىنى چارۋىچىلىق مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا مېڭىشىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. كېيىن، ئىشى ھەل بولۇپ نەچچە كالىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ قىزى ئالىمخاننى ئۈچ يىل مەكتەپتە ئوقۇتۇپ ئەكەلدى. ئالىمخان مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان ئىدى. قايتىپ كېلىپ خىزمەت كۆتەكچ ئۆيىدە سىناق قىلىپ كالا نەسىللەندۈرۈشنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭغا بوۋايمۇ خېلىلا قىزىقىپ نەچچە ئونمىڭ كويلىق دەسمايە سېلىپ لازىمەتلىك نەرسىلەرنى تەل قىلىپ بەردى. بىر - ئىككى يىل ئۆتۈپ ئالىمخان ئۇرۇقلاندۇرۇپ نەسىللەندۈرگەن كالىلاردىن موزاي چۈشۈشكە باشلىدى. يىراق - يېقىندا ئۇنىڭ داڭقى پۇر كەتتى. كىچىكىدىن ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ دادىسىنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان، كىشلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان ئالىمخان ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىدىغان كاتتا بىر قىزغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپتە ئوقۇپ ئانچە - مۇنچە مەدەنىيەت يۇقتۇرغاچقا ئۇنىڭ گەپ - سۆزى، كىيىنىش، يۈرۈش - تۇرۇشى شۇنداق يارىشىملىق ھەم قىزغىن ئىدى.

كالىلارنى ھوش - پوش دەپ يۈرۈپ ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئالىمخاننىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. خىزمەتكە ئورۇنلىشىشتىن ھېچبىر خەۋەر يوق ئىدى.

— قىزىم، قارىمامدىغان بۇ ئىشنى، بۇ ھۆكۈمەت ئۆچەشكەندەك ساڭا كەلگەندىلا خىزمەتكە تەقسىم قىلىشنى توختىتىپ قويدى - دە، — دېدى بوۋاي ئىچى پۇشۇپ.

— دادا، نېمە دەۋاتىسەن، ئوقۇش كادىر بولۇش ئۈچۈنمىدى؟ مۇشۇمۇ خىزمەت ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئالىمخان چۈشەندۈرۈپ.

— چۈنكى، مەن ئۈچ يىلدا مەكتەپكە نەچچە ئونمىڭ كوي تۆلىدىم، ئەمدى بۇنداق بولۇپ قالسا قانداق بولىدۇ.

— دادا، سىز يەنىلا چۈشەنمەيۋاتىسىز، پۇل تۆلەپ ئوقۇتقان ئىدىڭىز، ئۆگەنگەنگە يارىشا پايدىسىنى كۆرۈۋاتىمىزغۇ مانا، — دېدى ئالىمخان.

ئۇ دادىسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنداق تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. قايسى كۈنى كەنتتىن كەلگەن بىر نەچچەيلەن ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ «تاھىر بوۋاي، قىزىڭىز خېلىلا چوڭ بولۇپ قاپتۇ، ئەرگە بېرىدىغان ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتمىسۇن يەنە...» دېيىشتى. بوۋاي شۇ چاغدىلا ئاندىن ئېسىگە كەلدى. قىزىغا قايتىدىن زەن سېلىپ قاراپ يېشىنى ھېسابلاپ كۆرۈۋېدى، راستتىنلا ئۇنىڭ ئاللىقاچان ئەرگە تېگىدىغان ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئالىمخاننىڭ ئۈسكىلەك تەق - تۇرقى ھەم تولۇپ تۇرغان كۆكسى بىلەن ساغرىسى ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋپلا تۇراتتى. نەسىللەندۈرۈشكە ئەكېلىدىغان كالىلارنىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا ياش يىگىتلەر ئەكېلىدىغان بولۇپ قېلىشقان ئىدى. ئۇلار پۇرسەت تېپىپ ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ ئالىمخانغا چاقچاق قىلىشاتتى. بوۋايمۇ بۇنى ناھايىتى

ئېنىق سېزىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭمۇ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قېلىپ سالامەتلىكى دېگۈدەك ياخشى بولالمىغاچقا كۆزۈمنىڭ ئوچۇقچىلىقىدا ئۇنىڭ پېشىنى بىر ئەرگە تۇتقۇزۇپ قويسام ئوبدان بولاتتى، دەپ ئويلايتتى. لېكىن، بۇ ئىشقا ئالمىخان ناھايىتى كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ، نەچچە يەردىن كەلگەن ئەلچەلەرنى «ياق» دەپ تۇرۇۋېلىپلا قۇرۇق قول قايتۇرۇۋەتتى. دېمىسىمۇ، كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى پۇل - مېلى بار باي كىشىلەر بولۇپ،بىر موچەنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان، باشقىلارنى ئاسانلىقچە كۆزگە ئىلمايدىغانلاردىن ئىدى. ئالمىخان ئۇنداقلار بىلەن توي قىلىشنى بەختسىزلىك ھېسابلايتتى.

— قىزىم، — دەپ ئېغىز ئاچتى تاھىر بوۋاي ئاخىرى تاقەت قىلىپ تۇرالماي، — بۇنداق بولۇۋەرسە بىتەلەي بولۇپ قالسىز. قىز بالا دېگەن كەلگەنلىكى ئەلچىلەرنى قۇرۇق ياندۇرۇۋەرسە بولمايدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ دادا، ئەرگە تېگەلمىسەم مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتسەممۇ بولمىدىمۇ؟

بوۋاينىڭ ئەمدى يەنە دېگۈدەك گېپى قالمىغان ئىدى. ناۋادا ئۇ مۇشۇنداق يۈرۈپ قاملاشمىغان ئىشتىن بىرنى قىلىپ قويسا قانداق قىلغۇلۇق، ئىنسانچىلىق - تە. لېكىن، بوۋاي لام - جىم دېمىدى. گەرچە ئۇ قىزىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن پىشقان قوغۇننىڭ ھامان سايىقىدىن ئاجراپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

— سىزگە زادى قانداقراق ئادەم بولسا بولاتتى؟

— دەپ سورىدى بوۋاي.

— بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما ھېلىقىدەك پۇلۇم بار دەپ يوغانچىلىق قىلىپلا يۈرىدىغان كىشىلەرنى زادىلا ياقتۇرمايمەن، — دېدى ئالمىخان، — ئۇنىڭدىن كۆرە، نامرات بولسىمۇ دۇرۇس كىشىلەر بولسا ئاندىن ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئەمما، كەنتتىكى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بالىلىرى ئالمىخاننى ئالايمۇ دېمىدى. ئۇلار ھە دېسىلا «ئۇ، ئۈچ يىل ئوقۇيمەن، دەپ شەھەرلەردە يۈرۈپ نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ دەيسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھەممە يەردە كالىنىڭ قوڭىغا قولىنى تىقىپ بوغاز قىلىمەن دەپ سوكۇلداپ يۈرسە ئۇنىڭغا ئەر بولغان كىشى باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزىنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ...» دېيىشەتتى. ئەلچىلىككە ئادەم قويغانلارنىڭ تولىسى بىر - ئىككىدىن بالىسى بار، خوتۇنلىرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلەر ئىدى. بوۋاي بۇنى ئانچە بەك ئېتىبارغا ئېلىپمۇ كەتمەيتتى. ئەمدى ئەلچى كېلىپ قالسا ئالمىخاندىن سوراپ يۈرمەي ئۆزۈملا جاۋابىنى بېرىۋېتەي، دەپ ئويلىدى بوۋاي ئاخىرى نىيەتكە كېلىپ.

3

ھاۋا ئۇچۇق بىر كۈنى ئەتىگەندىلا تاھىر بوۋاينىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپى ماشىنا - ماشىنىلار بىلەن تولۇپ كەتتى. سادىر تېرىچىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئالمىخاننىڭ گۈل توينى قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە مېھماننى باشلاپ كەلگەن ئىدى. مېھمانلارنىڭ تولىلىقىدا بىر نەچچىسى ئۆيگە پاتماي قومۇش بىلەن توسۇلۇپ ئاھادا قىلىنغان ھويلىدا كىيىملىرىنىڭ توپا بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشاتتى. تاھىر بوۋاي تۈنۈگۈن كاۋاپچىغا بۇيرۇتۇپ تۇنۇر كاۋىپى تەييار قىلغان ئىدى. ئۇ مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ توختىماي سوكۇلدايتتى.

— ئالمىخان، سىز نەدە قىزىم؟ — بوۋاي سىرتقا چىقىپ. قانچە چاقىرغان بولسىمۇ لېكىن ئالمىخاندىن ھېچبىر شەپە بولمىدى. كەلگەن مېھمانلار ئالمىخاننى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ياغلىق چەككۈزىمىز دەپ تۇرۇۋېلىشقان ئىدى.

ئالمىخان ئاياغ تەرەپتىكى ئېقىن بويىدىكى قومۇشلۇق كۆلنىڭ گىرۋىكىدە سۇغا قاراپ ئولتۇراتتى. كۆل سۈيى تىنىق بولۇپ تېگىنى لەش قاپلاپ كەتكەچكە ئادەمگە يېقىمسىز كۆرۈنەتتى. لەش ئارىسىدا بېلىجانلار ئۇياقتىن - بۇياققا ئۈزۈپ يۈرەتتى. بىر قېتىم ئۇ ئۆزىنى چاغلىماي مۇشۇ كۆلگە سەكرەپ چۈشۈپ لەشكە چىرمىشىپ قېلىپ چىقالماي ئۆلۈپ قالغىلى تاسلا قالغان، كالا باققىلى كەلگەن بىرەيلەن ئۇنى ئارغامچا تاشلاپ تارتىپ چىقىرىپ قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، بۇ كۆلگە چۈمۈلگىلى جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر بۇ كۆل ئۇنىڭغا ناھايىتى سىرلىق تۇيۇلۇپ يەنىلا ئۇ دائىم بۇ يەرگە كېلىپ كۆلگە قاراپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

يېقىنلا يەردىن بىر توپ ياۋا ئۆردەك پالاقشىپ

ئۇچۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن تەرەپ - تەرەپتىن چۇغۇندەكلەرنىڭ «قى - قى، چۇ - چۇ ...» ئاۋازى ئاڭلاندى. بىرنەچچە ياۋا ئۆردەك چۆجىسى كۆلنىڭ نېرىقى چېتىدە ئۈزۈشۈپ ئويناپ يۈرەتتى. «بۇ يەردىن كېتەي، — دەپ ئويلىدى ئالمىخان، — بۇ كۆلنىڭ تېگى نېمانداق قورقۇنچلۇق؟» ئۇ باياتتىن سادىرنىڭ كۆزىگە قاراپ سېلىپ سەسكىنىپ كەتتى - دە، غېپىدە چىقىپ بۇ يەرگە كېلىۋالغان ئىدى. سادىر ئۇنىڭغا زادىلا ئەر بولۇشقا لايىق ئەمەستەكلا تۇيۇلاتتى.

ئۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا موتوسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قومۇشلۇقتىكى چىغىر يولدىن سادىر تىرىچى ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بېلىگە ئېسىۋالغان يوغان خەنجىرى پولتۇڭشىپ تىزىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. كۆزى قان قۇيغاندەك قىپقىزىل، چىرايى تۇتۇق، قويۇۋالغان بۇرۇتى ھەم توم ھەم ئۇزۇن، خۇددى ئۆچكىنىڭ چۇپۇرىنى چاپلاپ قويغاندەكلا كۆرۈنەتتى. قاراشلىرى بەئەينى ئوغرى مۈشۈكنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى. ئۇ موتوسىكلىتتىن چۈشۈپ ھىجايغاچ ئالمىخاننىڭ يېنىغا يېقىنلاشتى.

— ئالمىخان، بۇ يەرگە كېلىپ شېرىن خىياللارنى سۈرگەچ مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغانمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى چىقىرىپ يارىشىمسىمۇ ھىجىيىپ قويۇپ.

ئالمىخان گەپ - سۆز قىلمىدى. ئۇ كۆل يۈزىدىكى يېنىككىنە تەۋرىنىشتىن ھاسىل بولغان دولقۇنلارغا كۆز تىكىپ يىراقلارغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — دېدى سادىر تىرىچى تېخىمۇ يېقىن كېلىپ.

— سەن زادى ئوغۇل بالىمۇ ياكى ئوغۇل بالا ئەمەسمۇ؟! — دەپ سورىدى ئالمىخان ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ.

سادىر تىرىچى كۈلۈپ كەتتى. ئۇ بويىنىنى سوزۇپ ئالمىخاننىڭ كۆزىگە قارىدى. ئۇنىڭ تىنىقىدىن ئۇرۇلغان سېسىق پۇراق ئادەمنى سەسكەندۈرەتتى.

— ئالمىخان، ئەجەب چاقچاقچى ئىكەنسەنغۇ، ئوغۇل بالا بولمىسام سىنى ئالمەن دەپ بۇنچە كۆپ مېھماننى باشلاپ كېلىپ نېمە قىلاتتىم. تۇرۇپلا بۇنداق دەپ سوراپ قالدىڭغۇ؟

— ئوغۇل بالا بولساڭ مېنىڭمۇ گېپىمنى ئاڭلاپ قوي، تاللىشىمغا ھۆرمەت قىل! — دېدى ئالمىخان.

— سەن زادى نېمە دېمەكچى؟

— سەن دېگەن بىر بايۋەچچە، مەن بىر پادىچىنىڭ قىزى، بىز ئىككىمىز قانداقمۇ ماس كېلەلەيمىز؟ — دېدى ئالمىخان سادىردىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ سېنىڭ مۇشۇ قىزىلگۈلدەك ئېچىلغان ھەرقانچە بايلىق بولسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ ئەمەسمۇ! — سادىر گەپنى قاملاشتۇرۇپ قىلىۋاتقىنىغا ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتكەن ئىدى.

— بىراق، مەن سېنى زادىلا ياقتۇرمايمەن! — دېدى ئالمىخان.

— ھازىر ياقتۇرمىغىنىڭ بىلەن كېيىن چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىسەن.

ئالمىخاننىڭ نەزىرىدە تېگى پەس، پۇلى كۆپ كىشىلەر ئەزەلدىن نامەرد كېلەتتى. سادىر ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۆزىنى ئۇستۇن ئورۇندا قويۇپ ئۆز گېپىنى يورغىلىتىۋاتاتتى. شۇنداق بولغان ئىكەن، بۇنداق گەپلەرنى ئېغىز ئۇپرىتىپ دەپ يۈرگەنىنىڭ قىلچىلىك ئەھمىيىتى يوق ئىدى.

— مەن پۈتۈن مال - دۇنيانىڭ ئاچقۇچىنى ساڭا تۇتقۇزىمەن، — دېدى سادىر ئالمىخاننىڭ بىلىكىنى تارتىپ تۇرۇپ يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا قاراپ.

— مەن پۇل، مال... دېگەنلەرنى ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيمەن، — ئالمىخاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ بىلىكىنى سىلكىشلەپ تارتىۋالدى.

سادىر بىردىنلا ئەلپازىنى ئۆزگەرتىپ دېۋەيلىگىلى تۇردى.

— تېخى، بىلىكىڭنى سىلكىشلەپ تارتىسەنغۇ! — ئۇ تېخىمۇ يېقىنلاپ كەلدى، — توغرا، ناھايىتىمۇ توغرا، سەن پۇل دېگەننى ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيسەن، شۇڭا سېنىڭ پۇلۇڭ يوق، مەن بولسام پۇل - مالنى چوڭ كۆرىمەن، شۇڭا مېنىڭ پۇلۇم جىق، پۇل جىق بولغاچقا سەندەك چىرايلىق قىزلارنى ئالىمەن دەپ بىر نەچچە ماشىنىنى كىرا قىلىپ، ئۆيۈڭگە مېھمان باشلاپ كېلەلەيمەن، نېمەڭگە يوغانچىلىق قىلىپ مېنى ياراتمىغۇدەكسەن؟ بۇ ئىشقا ماقۇل بولۇپتىكەنسەنغۇ؟ — سادىر كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئېتىلىپ كەلدى - دە، ئالمىخاننى كاپ قىلىپ قۇچاقلىدى.

— بۇ دادامنىڭ قىلغان ئىشى، مېنى قويۇۋەت! —

ئالمىخان تىپىرلاپ كەتتى. سادىر ئۇنى ھە دەپ سۆ-
يۈشكە ئۇرۇناتتى. ئالمىخان ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ
كانىيىدىن بوغۇپ كۈچەپ ئىتتەردى. ئۇ قىز بالا بولغىنى
بىلەن بوش كەلمەي بۇدۇڭشىيتتى، — مېنى قويۇۋەت!
بولمىسا ۋارقىرايمەن.

ئۇ تىركەشكەن بولسىمۇ، لېكىن كۈچى يەتمىدى.
سادىر ئۇنى ئاخىرى كۆتۈرۈپ يەرگە باستى. ئىككى
قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشكە باش-
لىدى. ئالمىخان ھە دەپ تولۇلاپ لەۋلىرىنى ئېلىپ قا-
چاتتى. كۈچەپ تىپىرلايتتى.

شۇ ئەسنادا يېقىنلا يەردە كالا بېقىپ يۈرگەن يا-
سىن پاكار ئېقىننى بويلاپ كېتىۋېتىپ بۇ ئىشنى كۆرۈپ
قالدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، كالا باقىدىغان كال-
تەكنى سادىرنىڭ بېشىغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئورنۇڭدىن تۇر، ئالمىخاننى قويۇۋەت! بول-
مىسا ئۇرۇپ ئانا - مانائىڭنى قويۇۋېتىمەن بىكار! —
دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى چۆچۈپ كېتىش-
تى. ئالمىخانمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سادىرنى ئىرغىتىپ
چۈشۈرۈۋەتتى - دە، ئورنىدىن تۇردى. ياغلىقنى تۈ-
زەشتۈرۈپ چەگدى.

— ھايۋاننىڭ ئۆزىكەنسەنغۇ، سەندە ھايا دەيدى-
غان نەرسە بارمۇ يوق! — ئالمىخاننىڭ قاتتىق ئاچچىقى
كەلگەن ئىدى.

— ھەي، پادىچىنىڭ كۈچۈكى، سەن نېمە دەپ
بۇيەردە تىمسقلاپ يۈرسەن؟ نېمە دەپ بىزنىڭ ئىش-
مىزنى بۇزىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى سادىر ياسىن پا-
كارنى كۆرۈپ بىردىنلا كۆرەڭلەپ. ئۇ ھاسراپ نەپەس
ئالالماي قالغان ئىدى.

— ياسىن ئاكا، سىز بېرىپ ئىشىڭىزنى قىلىڭ، بۇ
ئىشنى ئۆزۈم بىرتەرەپ قىلىمەن، — دېدى ئالمىخان
ئۇلارنىڭ تۇتۇشۇپ قېلىپ چوڭ ئىش يۈز بېرىپ قېلىش-
تىن ئەنسىرەپ.

سادىر ياسىن پاكارغا بىرنەرسە دېمەكچى بولدى
- يۇ، لېكىن بىر نەرسىنى ئويلىدى بولغاي، ئالمىخانغا
چەكچىيىپ قاراپ:

— ئالمىخان، مەن سەندەك مۇشۇنداق قىزلارنى
بەكمۇ ياقتۇرمەن، قىز بالا دېگەن ئوغۇل بالىنى كۆ-
رۈپ خورازنى كۆرگەن مېكىيانىدەك قىلىقلارنى قىلسا
قانداق قىزىقى بولىدۇ، سېنىڭ خۇلقۇڭ بولىدىكەن،
بەكمۇ يېقىملىق ئىكەنسەن، بولدى، بۈگۈن مۇشۇ يەر-
گىچە بولسۇن، سەن بەربىر مېنىڭ خوتۇنۇم بولىسەنغۇ،
ھا - ھا - ھا... — ئۇ موتوسىكلىتقا مىنىپ، چىغىر يولنى
بويلاپ ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى.

ياسىن پاكار ئالمىخانغا ھېچنەرسە دېيەلمىدى. ئۇ
بىر نەرسىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك قىلىپ كەينىگە ياند-
ى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر تۈرلۈك ھەسرەت ئۇچقۇنلى-
رى چاقنايتتى. بىر تۈرلۈك ھېسداشلىق ئالامەتلىرى
جىلۋە قىلاتتى. ئالمىخانمۇ باشقا گەپ - سۆز قىلمىدى.
ئۇ كۆلنىڭ لېۋىگە كېلىپ سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى.
سۇنىڭ تېگىنى لەش باسقان ئىدى.

## 4

ئالمىخان ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ زادى نې-
مە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەيلا قالدى. دادىسىمۇ
مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭغا كۆپلىگەن نەسىھەتلەرنى
قىلىپ ياش تۆكۈپ تۇرۇۋالدى. ھەرنېمە دېگەن بىلەن
دادا ئەمەسمۇ. «دادامنى يىغلاتسام ئۇ مەندىن نارازى
بولىدۇ، مەن ئۇنى نارازى قىلسام چوقۇم ياخشى كۈن
كۆرمەيمەن، دادامنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش كې-
رەك.»

دادىسىنىڭ ياش تۆككىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ باغرى
ئېزىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە
بېرىپ قالغان ئىدى. يەنە مۇشۇنداقلا كېتىۋەرسە بىر
قىز بالا ئۈچۈنمۇ ئوبدان ئىش بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە سادىرغا تەگمەيمەن دەپ قەتئىي چىڭ تۇرۇۋالغان
تەقدىردىمۇ ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئۇنى ئالمەن دەپ
بىرەركىمنىڭ كېلىشى ناتايىن ئىدى. سادىر تېرىپچى ئۇنى
ئالمەن دەپ بۇ يەرگە كەلدىمۇ بولدى، ئۆزىدىن باشقا
ھەرقانداق ئادەمنى بۇيەرگە يولاتمايتتى. ئۇنى ھەر-
قانداق شۈملۈقلارنى قىلمايدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتقىلى
بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالمىخان ياسىن پاكارغا مېنى
خوتۇنلۇققا ئېلىڭ دەپ يالۋۇرغانلىقىنى تازا ئەقىلسىز-
لىك قىلىپتىمەن، دەپ ئويلىدى.

شۇ كۈندىن تارتىپ ئالمىخانغا نەسىھەت قىلىپ
كېلىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلارنى سادىر تېرىپچى
ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئالمىخاننىڭ
كۆڭلىنى ياساپ يامان ئەمەس گەپ - سۆزلەرنى قىلات-

تى. بەزلىرى ئەگەر ماقۇل دېمىسە سادىر تىرىچىنىڭ
قولىدىن ھەرقانداق ئىشنىڭ كېلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئال-
مخاننى قانداق قىلۋېتەي دېسە شۇنداق قىلىۋېتەلەي-
دىغانلىقىنى دەپ تەھدىت سالاتتى.

تويي كۈنى قىستاپ كېلىۋاتاتتى. ئالمخان كۆڭلىنى
ئاختۇرۇپ كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قالغان بىرمۇ ئادەم-
نىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلدى. مۇشۇمۇ كۆڭۈل بولدىمۇ؟
ئۇ نەچچە يىل دادىسى بىلەن بىرگە يۈرۈپ ھوشت -
پوشت دەپ پادا باقتى. كېيىن يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغى-
نىغا قارىماي ئۈچ يىل چارۋىچىلىق مەكتىپىدە ئوقۇدى.
يەنە نەچچە يىل كەسپىنى قىلمەن، دەپ چارۋا بىلەن
ھەپىلىشىپ يۈردى. بۇ جەريانىدا ئۇ بىرەر كىمنىمۇ بول-
سا كۆڭلىگە پۈكۈپ مۇھەببەت خىياللىرىنى قىلىپ باق-
مىغان ئىدى. ياسىن پاكارنى كۆز ئالدىغا ئەكەلدۈرۈپ
بېقىۋىدى، بۇنىڭغا سەل - پەل مەيلى باردەك بىلىندى.
ئەمما، ياسىن پاكار قايسى كۈنى گەپنى ناھايىتى ئېنىق
قىلدى. ئۇ ئالمخاننى «سىڭلىم ئورنىدا ياخشى كۆرىد-
مەن...» دېدى.

ئالمخان ئاخىرى خىيالىنى بىر يەرگە تۈگىدى -
دە، بۇ تويىنى قىلمىسامۇ بولمىغۇدەك، دېگەن يەرگە
كەلدى. ئۇ خىيال قىلىپ قومۇشلۇق چىغىر يول بىلەن
ئېقىننى بويلاپ خېلى يەرگىچە ماڭدى. كېتىۋېتىپ كالا
بېقىپ يۈرگەن ياسىن پاكار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ياسىن پا-
كار. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىگە ئۆكۈ-
نۈۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىر ئىشتىن ئازاب چېكىۋاتقان-
دەك بىر خىل ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ،
بۇنى يوشۇرۇشقا ھە دەپ تىرىشىۋاتاتتى.

ئالمخان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى:

— ئۇ تەرەپلەرگە بارمىغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ
قاپتۇ، بىرىپ كېلەي دەپ مېڭىشىم.

ئالمخان چەكسىز كەتكەن قومۇشلۇقلار ئارىسى-
دىكى يا ئاققىنىنى يا توختىغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان
ئېقىن سۈيىگە قارىدى.

— دادام قېنى؟

— ئېقىننىڭ ئۇ تەرىپىگە بىر توپ كالا ئۆتۈپ
كەتكەن ئىكەن، ئۇ شۇ تەرەپكە كەتكەن، — دېدى
ياسىن پاكار ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن يۈزىنى تىرىنقى
بىلەن كارت - كۇرت قىلىپ قاشلاپ تۇرۇپ.

ئالمخان ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. قەيەردىدۇر
بىرىيەرلەردە كالىلارنىڭ موزايلىرىنى ئىزدەپ مۆرەۋات-
قانلىقى، موزايلارنىڭمۇ ئانىلىرىنى ئىزدەپ مۆ، مۆ...
دەپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئېقىن-
نىڭ ئىچىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىردى. پۇتى تىزىغىچە
سازلىققا پېتىپ قاپقارا لاۋا بولۇپ كەتتى. ئاخىرى سۇ-
نىڭ ئىچىدىكى دۆمبەك - دۆمبەك قومۇش داڭگىلىنىڭ
ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. پاشا
- كۇمۇتلار ۋاڭ - ۋۇڭ قىلىپ بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئۇس-
تىبىشىغا ئولاشتى. سۇ ئۈستىدە بىر جۈپ چۈغۈندەك
ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇلار ھە دەپ سۇنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ
كىچىك بېلىقلارنى تۇتۇپ يېمەكتە ئىدى.

ياسىن پاكار ئېقىننىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ تاھىر
بوۋاينى تاپتى. بۇ چاغدا تاھىر بوۋاي لايغا پېتىپ قالغان
بىر كالىنى چىقىرىش ئۈچۈن تەرلەپ پىشىپ ھەپىلىشىپ
تۇراتتى. ئۇلار كالىنى چىقىرىپ ئوتلاققا ھەيدىۋەتكەن-
دىن كېيىن، قۇرۇق بىر جايىنى تېپىپ ساغرىسىنى يەرگە
چاپلاپ ئولتۇرۇشتى. كۈن بارغانسېرى ئېگىلىپ ئالەم
ئوتتەك قىزىپ لاۋۇلداپ يېنىۋاتاتتى.

— قارىماسەن، — دېدى تاھىر بوۋاي بىرئاز
دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ياسىن پاكارغا قاراپ، —
ئالمخان ئۇرۇقلاندۇرغان كالىدىن نەچچە ئۇنى بوغاز
بولغان ئوخشايدۇ، قىزىمنىڭ ھۈنىرى بارغانسېرى پە-
شىپ كېتىۋاتىدۇ، ھازىر ئۇ نەچچە كالىغا ئۇرۇق سالسا
شۇنچە كالا بوغاز بولىدىغان بولدى.

ياسىن پاكار گەپ - سۆز قىلمىدى. ئۇ كۆڭلىدە
بىر نەرسىنى ئويلاپ خىيال سۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

— تاھىر ئاكا، سىز ئالمخاننى سادىر تىرىچىگە
بەرمىسىڭىز زادىلا بولمامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئا-
خىرى ئېغىز ئېچىپ.

بوۋاي ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— نېمىشقا بۇنداق دەپ سورايسەن؟ — دېدى
ئۇ ياسىن پاكارغا چەكچىيىپ قاراپ قېلىپ.

— ئالمخان سادىر تىرىچىنى زادىلا ياقتۇرمايدۇ.

— بۇنى بىلمەمەن، سەن بۇ ئىشقا باش قاتۇرمە-
ساڭمۇ بولىدۇ، ئالمخاننىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ
قالدى، ئەمدى يەنىلا ئۇنى ئەرگە بەرمەي تۇتۇپ ئول-
تۇرسام قانداق بولىدۇ؟ قويغىنا سېنى، سەن تېخى دادا
بولۇپ باقمىغان تۇرساڭ بۇنداق گەپلەرنى قانداقمۇ

چۈشىنەلەيسەن؟

ياسىن پاكار ئەمدى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— مەن...

ياسىن پاكار دۇدۇقلاپ قالدى. بوۋاي ئۇنى يامان يەردىن تۇتقان ئىدى. ئۇ قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپ قالدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتۆشكە تەمشىلىپ كېتىۋاتقان بىر كالىنى تۇسۇشقا «ھوش - ھوش...» دېگىنىچە توۋلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. بوۋاي ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

## 5

سادىر تىرىچى تويىنى داغدۇغىلىق قىلىپ ئالمىخاننى ئۆيگە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ تەر پۇراپ تۇرىدىغان ئۇستىبېشى، تاماكا پۇرايدىغان سېسىق ئاغزى ئالمىخانغا خۇددى تاپ پۇرىغاندەك پۇرايتتى. سادىر ھەر قېتىم ئۇنى باغرىغا باسقاندا ئالمىخان تۇرۇپلا بىر دۆۋە ئەخلەت - چاۋارنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كەتكەندەك تويغۇغا كېلەتتى. ئەمما سادىر خۇددى مەززىلىك تاماققا چۈشۈن چاپلاشقاندەك ئۇنىڭغا چاپلىشىپلا ئالغان ئىدى. ئۇ خېلى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقتى. كۆنۈپ قالسامۇ قالارمەن، دەپ ئويلىدى. لېكىن سادىرغا زادى كۆڭلى چۈشمەيۋاتاتتى.

ئارىدىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەن بىر كۈنى، سادىر تىرىچىنىڭ يېنىدىكى قول تېلېفونى سايراپ قالدى. سادىر تېلېفوننى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى - دە، خېلى ئۇزۇندا قايتىپ كىردى.

— بىر يەردە ئازراق سودىنىڭ شەمسى بولۇپ قالدى، مەن بېرىپ كېلەي، — دېدى ئۇ بىردىنلا ئۆزگىرىپ. ئۇ يەنە شۇ سېسىق پۇرايدىغان ئاغزىنى كالچايتىپ ئالمىخاننىڭ جىنەستىدەك لېۋىگە تەگكۈزۈپ قويۇپ ئاندىن ھويلىدا توختىتىپ قويۇلغان موتوسىكلتىنى ئوت ئالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئالمىخان ئۆيدە يالغۇز قالدى. بۇ ئۆي شۇنچە كاتتا سېلىنىپ، ھەشەمەتلىك قىلىپ بېزەلگىنىگە قارىماي، ئۇنىڭغا ئۆينىڭ كەينىدىكى كالا قوتىنىدەكمۇ تۇيۇلمايتتى. ئۆينى ئادەمنىڭ نەپسىنى سىقىدىغان بەتبۇي پۇراق بىر ئالغان ئىدى. ئۇ تالاغا چىقتى، ئاندىن يەنە ئۆيگە كىردى. بىر چاغدا ھويلا ئالدىغا بىردانە ئاق رەڭلىك كىچىك ماشىنىدىن بىرسى كېلىپ توختىدى - دە، ئۇنىڭدىن ئۈچ ئادەم چۈشۈپ ئۆيگە كىردى.

— سادىر قېنى؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار.

ئالمىخاننىڭ ئۇلارغا قاراپ سەل تېنى ئەيمەنگەندەك بولدى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن خۇددى ئاچ بۆرىلەردەك بىرخىل ھالەت مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. كېيىنىشىگە قارىغاندا كاتتا پۇلدار كىشىلەردەكمۇ قىلاتتى.

— ئۇ بىر يەردە قىلىدىغان سودا بار ئىدى دەپ چىقىپ كەتكەن، — دېدى ئالمىخان ئۇلارنى نائىلاج ئۆيگە باشلاپ.

— ئۆيدە ساقلاپ تۇرىدىغان بولغانغۇ! — دېدى پاكارراق بىرى .

— ئۇ يەنىلا قېچىپتۇ - دە! — دېدى يەنە بىرسى ئاچچىقى چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— تېلېفون ئۇر، — دېدى شاپ بۇرۇت، تەمبەل كەلگىنى.

ئۇلار بىرنەچچە قېتىم تېلېفون قىلىپ سادىرنىڭ تېلېفونىغا ئۇلىيالمىدى.

— ئۇلانمايۋاتىدۇ.

— ئۇ كەلگۈچە ساقلاپ ئولتۇرايلى! — دېدى شاپ بۇرۇت.

ئالمىخان ئېھتىيات قىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەربىر ئېغىز گەپ - سۆزى ھەم كۆزلىرىدىن بىر خىل شۇملۇقنىڭ نۇرلىرى يىلىنجاپ تۇراتتى.

— گەپلەر بولسا ماڭا دېسەڭلارمۇ بولىدىغاندۇ؟ — دېدى ئالمىخان ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئۇلارنى سۇپىدىكى كۆرپىگە باشلاپ، — ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ قىلىدىغان نېمە ئىشلار بار ئىدى؟

— بۇ سادىر دېگەن قارچىنى قارىمامدىغان، بەش يىل بۇرۇن ئۇ بىزدىن ئەللىك مىڭ يۈەن پۇل قەرز ئالغان ئىدى، ھازىرغىچە قايتۇرۇپ بەرمىدى، ھەر قېتىم كەلسەك مۇشۇنداق قېچىپلا يۈرىدۇ، — دېدى ئۇلار.

ئالمىخاننىڭ دېمى سەل - پەل بېسىلغاندەك بولدى. بىراق، ئۇلار ئۇنىڭغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلىپ قاراشماقتا ئىدى.

كەچ كىرىشكە باشلىغان ئىدى. سادىردىن ھېچ-

قانداق شەپە يوق ئىدى. ئالمخان بىرنەچچە قېتىم تالاغا چىقىپ يولغا قاراپ باقتى. چاي دەملەپ ئۇلارغا چاي قۇيدى. سادىر تېخىچىلا قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى.

— قارىماسلەر، سادىر دېگەن بۇ هازامزادىنى، خوتۇننىڭ نەدە چىرايلىقى بولسا شۇنى تېپىپ ئالىدۇ دەڭلا، — دېدى بىرى ئالمخانغا قاراپ ھجىيىپ.

ئالمخان ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۆيدىكى ئۇلارغا تاشلاپ بىرىپ چىقىپ كېتىشكە بولمايتتى. ئارقا تەرەپتىكى هويلا ئۇنىڭ قېيىنئاتىسىنىڭ ئىدى. ئۇمۇ نەچچە ئاي بۇرۇن يېشى سادىر بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر سېكىلەكنى نىكاھىغا ئېلىپ يۆتكەپ كەلگەن ئىدى. كۆنلەپ ئۇنىڭ قاش - كۆزىگە قاراپ تالاغا چىقالماي ئولتۇراتتى. ئۇنى چاقىرىپ ئەھۋالنى ئېيتسا بەلكىم بىرنەرسە دەپ بۇ كىشىلەرنى كەتكۈزۈۋېتىشى مۇمكىن ئىدى.

شۇ ئەسنادا هېلىقى شاپ بۇرۇت قالغان ئىككىسىگە كۆزنى قسىپ قاراپ قويۇۋىدى، ئۇلار ئاستا بىر - بىرلەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى. بۇ چاغدا شاپ بۇرۇت ئۇيان مىدىرلاپ - بۇيان مىدىرلاپ ئالمخاننىڭ يېنىغا كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇ كېلەڭسىز بەدىنىنى ملىڭ تەستە كۆتۈرۈپ يېقىنلاپ كەلدى - دە، ئالمخاننىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. ئالمخان سۈپىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرغاچقا ئۇنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن تەڭ ئوڭدىسىغا يېقىلدى.

— نېمە قىلماقچى سەن، هوي ئەبلەخ! — دەپ ۋارقىرىدى ئالمخان ئۇنىڭ ئاستىدا يېتىپ مىدىر - سىدىر قىلالماي. شۇنداقتىمۇ ئۇ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئىككى قولى بىلەن ئۇنى كۈچەپ ئىتتەردى، ئاندىن جاۋغىيىدىن قاماللاپ تۇتۇپ غەزەپ بىلەن چۈجىدى .

— ۋايجان! هۇ ئۆلگۈر قانجۇق، — شاپ بۇرۇت ئالمخاننىڭ قولىنى قايرىپ ئاجرىتىپ بولۇشىغا ئالمخان بىر كۈچەيدى - دە، ياندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئورنىدىن تۇرۇۋالدى. ئاندىن ئىشكىنىڭ كەينىدە يۆلەكلىك تۇرغان پالتىنى ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— منى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ! ئادەم ئەمەس بىرنېمىكەنسەنغۇ، تېزدىن يوقال! قىلىدىغان هارامزادىلىكىڭنى سادىرنى تېپىپ شۇنىڭغا قىلىش!

— سەنمۇ ئۆزۈڭنى نېمە دەپ چاغلاپ قالدىڭ؟ ناهايىتى شۇ سادىر تېرىچىنىڭ خوتۇنىغۇ سەن؟ — دېدى شاپ بۇرۇت جاۋغىيىنى سىلاپ. ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن شۇرقىراپ قان ئېقىۋاتاتتى. ئۇ ئالمخاننىڭ قولىدىكى پالتىنى كۆرۈپ سەپ - پەل قورقۇپ قالدى بولغاي، كەينىگە ياندى.

ئالمخان دەرغەزەپكە كەلگەن ئىدى. ئۇ ئېرى بار ئايال تۇرۇپ ئۆز ئۆيىدە باشقا بىر ئەرنىڭ بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق خورلۇق هېس قىلىپ قالدى. بۇ چاغدا غەلۋە - غۇدۇرنى ئاڭلاپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن هېلىقى ئىككىيلەنمۇ يۈگۈرۈپ كىرىشتى. ئۇلار ئالمخاننىڭ قولىدىكى پالتىنى كۆرۈپ ئارقىسىغا نەچچە قەدەم ياندى. ئاندىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ هويلىدىن چىقىپ كېتىشتى.

— بىلەمسەن، ئېرىڭ ماڭا ئەللىك مىڭ يۈەن قەرز، شۇنداق تۇرۇقلۇق ماڭا نېمە دەپ بۇنداق يوغانچىلىق قىلىسەن؟ — شاپ بۇرۇت ئاخىرى سەل - پەل پەسكويىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

— قەرزىڭ بارمۇ، يوقمۇ، بۇنى مەن بىلمەيمەن، سادىر بىلەن قىلىشىدىغان هېساب - كىتاب بولسا ئۆزىنى تېپىپ بىرنەرسە دېگىن، ماڭ، دەرهال ئۆيدىن چىقىپ كەت! — ئالمخان يەنە پالتىنى پۇلاڭلاتتى. شاپ بۇرۇت ئەمدى سەل تەشۋىشلىنىپ قالغان ئىدى. تالاغا قاراپ ئىغناقلىغىنچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ماشىنىنىڭ ئوت ئېلىپ قوزغالغانلىقى ئاندىن، بارا - بارا يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئاز قالغان ئىدى. سادىر تېخىچىلا قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ قولىدىكى پالتىنى يەرگە تاشلىدى. پالتا ناهايىتى ئېغىر بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلىكى تېلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىلىكىنى سىلىغان پېتى تۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

سادىر ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئاندىن قايتىپ كەلدى. ئۇ بولغان ئەھۋالنى سوراپ يۈرۈپ بىرمۇنچە ئۇۋقەتتى. ئاندىن ئالمخانغا خاپا بولماسلىق توغرىسىدا بىر - ئىككى ئېغىز تەسەللى بەردى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى دەۋاتقان چاغدىكى ئەلپازىدىن خوتۇنىنىڭ باشقا ئەرلەر تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغان ئەرلەرنىڭ سىماسىنى هەرگىزمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئالمخان لام - جىم دېمىدى. ئۇنىڭمۇ كۆڭلىدە ئازراقمۇ ئاغرىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى.

6

كۈنلەر زېرىكىشلىك ھالدا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. سادىر شۇ كۈندىن تارتىپ تېرە ئالمەن دەپ تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈرىدىغان بولدى. ئۇ ئەتىگەن چىقىپ كەتسە كەچتە قايتىپ كېلەتتى. يەنە نۇرغۇن ئادەملەر قەرز سۈيلەپ كەلدى. ئالمخان ئۇلارنى بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۇنى ـ بۇنى دەپ يولغا سېلىپ قويدى.

ئۇ بېرىپ دادىسىنى بىرنەچچە قېتىم يوقلىدى. ھېلىقى كۆلنىڭ بويىغا بېرىپ ئولتۇرۇپمۇ كەلدى. كۆڭلەر يەنىلا زېرىكىشلىك ئىدى. سادىر ئۇنىڭغا ناتونۇش ئادەمدەكلا تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ كۆڭلى يوق بۇ ئۆي ئەمدى بارغانسېرى باشقا بىر دۇنياغا ئوخشاپ قالغاندەكلا تۇيۇلاتتى. شۇنىڭغا قارىماي سادىر ئۆيگە كەلسىلا، ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىنچىلىق قىلىپ قوياتتى. بارا ـ بارا ئۇ كۆپىنچە ۋاقتىنى سودا ـ سېتىق قىلمەن، دەپ سىرتلاردا ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. ئالمخانمۇ بوش ۋاقىت بولسىلا ئۆيدە ئولتۇرغۇسى كەلمەيتتى.

بىر كۈنى كەچتە ئالمخان ئۆيدە يالغۇز قالدى. سادىر نەچچە سائەت ئاۋۋال سىرتتا ئازراق ئىشىم بار ئىدى، دەپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ بۇرۇقتۇملۇق ھېس قىلىپ قالدى بولغاي، ئازراق سالقىنداپ كىرىشنى ئىزدەپ ھويلىغا چىقتى. ئالەم قاراڭغۇ بولۇپ ئەتراپتىن غۇر ـ غۇر شامال سوقۇپ تۇراتتى.

ئۇ ئايلىنىپ مېڭىپ ئۆينىڭ كەينىدىكى بوغدايلىققا چىقىپ قالدى. ئۇ يەردىن گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ پاراڭلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئالمخان بۇ ئىشتىن سەل ـ پەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قالدى ـ دە، ئەركىشىنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزىنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

ــ ھوي، يۈزسىز شەرمەندە، سەن مەن بىلەن ئارىلىشىۋاتقىلى نەچچە يىل بولغان تۇرۇپ، ئاخىرىغا كەلگەندە بىزنىڭ يېقىن قوشنىمىزغا، يەنە كېلىپ، داداڭدىنمۇ قېرى بىر ئادەمگە تەگدىڭغۇ! ــ دېدى سادىر.

ــ مەن شۇنچە دېدىم، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ دېسەممۇ بۇ بوۋاي زادىلا ئۇنىمىدى، نائىلاج تەگدىم، گۇناھ بولسا ئۆزىگە بولىدۇ، مېنىڭ نېمە كارىم، ــ دېدى بىر ئايال.

ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى. ئالمخان قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. ئايالنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

ــ مەن يىراقنى يېقىن قىلىپ، سېنى دەپ قېرى بولسىمۇ قوشناڭغا تېگىپ، كۈندە ئۇچرىشىدىغان پۇرسەتنى يارىتىپ بەرسەممۇ ھېچبىر خۇش بولماپسەنغۇ، ئۇنداق ئادەم مېنى ئۆيدىن چاقىرتىپ بۇ يەرگە ئېلىپ چىققىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟

ــ راستىنى دېسەم مەنمۇ سېنى سېغىندىم، شۇڭا بۇ يەرگە چاقىرىپ ئېلىپ چىقتىم، بوپتىمۇ؟

ــ بۇنى ئۆزۈڭ بىلگەنسەن، ئىشقىلىپ گۇناھ بولسا ئۇنىڭغا بولىدۇ دېدىمغۇ.

ــ ئۇ، ئۇخلىدىمۇ؟

ــ كىم؟

ــ ئاناڭنى، مېنى دېگۈزمىسەڭ نېمە بولاتتى.

ــ بوۋاينى دەپسەندە؟

ــ ھەئە.

ــ قويساڭچۇ، ئۇ قېرى ئۇخلاپ قالغىلى نەۋاق.

ــ شۇنى دېمەمسەن،قېرىغاندا سېنى ئېلىپ نېمە قىلىدۇ!

ــ ئۆزى بىلىدۇ.

ــ تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمىسەڭچۇ!

ــ ھەي، خوتۇنۇڭ خېلى يامان ئەمەسكەنغۇ، لېكىن ئۇ كۆڭلۈڭنى ئالالمىدىمۇ نېمە؟

ــ قويغىنا، ئۇ خۇددى تاشلاپ قويغان لوق گۆشكىلا ئوخشايدىكەن، قارىسا ئادەمنىڭ شۇنداق يېگۈسى كېلىپ كېتىدۇ، يېسە ھېچبىر تەمى يوق، لېكىن ئۇ قانداقلا بولمىسۇن بەكلا پاكىز دېگىنە، قۇچاقلىغانسېرى قۇچاقلىغۇسى كېلىدۇ.

ــ ئىشىڭنى قىلە!

ــ بولدى، مېنى گەپكە سېلىپ قويۇپ تاماشا كۆرەي دەپسەن ـ دە، سەنمۇ يامان ئەمەسقۇ، سېنىڭ مۇشۇ خۇلقۇڭ مېنى بەكلا قىزىقتۇرىدۇ. قېنى يېقىنراق كېلە، سېنى بىر... بىر...

ئالمخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خورسىنىپ قويدى. ئۇنىڭدا نە ئاچچىقلىنىش، نە قىزغىنىش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئويلىغىنى ھې-

لىقى قوشنىسى بولدى. 70 ياشلارغا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، ئاشۇنداق ياش چوكاننى ئالىمەن، دەپ بۇنداق كۈنگە قالغانلىقىغا قاتتىق ئېچىندى. بۇلارنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن!

ئۇ كەينىگە ياندى — دە، تېز - تېز قەدەم تاشلاپ ئۆيىگە يېنىپ كىردى. سادىر شۇ كېچىسى ئۆيگە كەلمىدى.

## 7

تاھىر بوۋاينىڭ كېسىلى بارغانسېرى يامانلىشىپ سالامەتلىكى ياخشى بولالمايۋاتاتتى. ئالمىخان ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ باقتى. دوختۇرلار: «يېشى بىر يەرگە بېرىپ، كېسىلى كونىراپ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قاپتۇ، داۋالىغاننىڭ پايدىسى يوق» دەپ ياتاققا ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ ياسىن پاكار بىلەن بىرگە كاللارنى ھەيدەپ يۈرۈپ كېسىلىنى ئۇيلاپمۇ قويمايتتى. بىر كۈنى بوۋاي كاللارنى قوتانغا سولاپ بىر نەچچە كالنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدى. نەچچە قېتىم ساندى، يەنە كېمى كەم چىقتى. ياسىن پاكارمۇ كاللارنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ قۇيرۇقىدىن بىرمۇ بىر تۇتۇپ ساناپ كۆرۈپ يەنىلا كەم چىقاردى. راستىنلا نەچچە ئون تۇياق كالا يوق تۇراتتى. بۇ كاللار باشقىلارنىڭ بولۇپ ھەم يارام ھەم پۇلغا يارايدىغان كاللار ئىدى. ئۇلار ئېقىن بويىغا بېرىپ سازلىقمۇ سازلىق، دۆڭمۇ دۆڭ، قومۇشلۇقمۇ قومۇشلۇق دەسسەپ يۈرۈپ ئىزدەپ بېقىپ ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

ئۇ بۇ ئىشنى ئالمىخانغا خەۋەر قىلدى. ئۇمۇ كېلىپ ئىزدىشىپ بەردى، ئەمما، كاللار يەنىلا تېپىلمىدى. ساقچىخانىدىكى ساقچىلارمۇ كېلىپ يىپ ئۇچى تاپالماي ئوغرىنى سەزگۈدەك بولۇپ قالساڭلار بىزگە خەۋەر قىلىڭلار، دەپ قويۇپ قايتىپ كېتىشتى.

بۇ يەردىكى بىر سىرنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇ كۈنلەردە سادىرنى بىر توپ كىشىلەر ئارىغا ئېلىپ ئالدىغا سېلىۋالدى — دە، قەرزنى قايتۇرۇشقا قىستىدى. سادىرنىڭ ئەمدى ھېچقانداق ئامالى قالمىغان ئىدى. بىر كۈنى چىڭقىچۈش مەزگىلى بولغاندا، بىردانە يۈك ماشىنىسى كېلىپ، ئېقىن بويىغا يىراقراق بىر جايدا توختاپ ماشىنىدىن بىر نەچچە ئادەم چۈشتى. ئۇلار تەمىسقىلاپ يۈرۈپ ئېقىن بويىغا كەلدى. بۇنداق چاغدا تاھىر بوۋاي بىلەن ياسىن پاكار سۆگەتنىڭ سايىسىغا چىقىپ ئۇخلاپ قالاتتى. كاللار بولسا سازلىققا كىرىپ يۇمران قومۇشلارنى يېگەچ سۇدا تۇرۇپ سەگدەيتتى. ئۇلارنى تۇتىمەن دېسەڭمۇ قاچالماي جىملا تۇرۇپ بېرەتتى. ئۇ كاللاردىن خىللاپ يۈرۈپ بىرنەچچىنى تۇتۇپ ئارغامچا بىلەن باغلاپ ھەيدەپ ماشىنىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى. ئاندىن باھاسىنى دېيىشىپ ماشىنىغا بېسىپ بەردى. «بۇ مېنىڭ كاللىرىم قورقماي ئېلىپ كېتىۋېرىڭلار» دېدى ئۇ كەلگەنلەرگە.

ئالمىخان شۇ كۈنى كەلگەنچە ئۆيىگە قايتىپ كەتمىدى. سادىرمۇ ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇنىڭ نەگە بېرىپ نەدە تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. پات - پات ئۆيگە تېلېفون ئېلىپ: «مەن پالانى يەردە، تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىمەن» دەيتتى. بىراق ئالمىخان بۇنىڭغا ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى يوقاپ كەتكە كاللاردا ئىدى. بوۋاي پادا يىغىپ باققىلى تۇرغىلى نەچچە ئون يىللار بولغان بولسىمۇ، بۇنداق ئىشلارنى زادىلا بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ئىدى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىشىنەتتى. شۇڭا ھەرقانچە قىممەت باھالىق كالىسى بولسىمۇ بوۋاينىڭ بېقىشىدىن قىلچە ئەنسىرىمەي قوشۇپ قوياتتى. بۇ قېتىم كاللىرى يوقاپ كەتكەن كىشىلەر بۇ ئىشتىن تولىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلىشتى. «بۇ يەردە ئەزەلدىن تارتىپ ئوغرى يوق ئىدى. مانا ئەمدى ئوغرى پەيدا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دېيىشەتتى. تاھىر بوۋاي ئۆيمۇ ئۆي بېرىپ، يوقاپ كەتكەن كاللارنىڭ نەرخىنى ئەتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ كاللىرىنىڭ نەرخىنى ئەتكۈزۈپ ئورنىغا ئۇدۇللاشتۇرۇپ تۆلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىرى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن بولدى. پەقەت بىر نەچچە كالا بىلەن يوغان سېرىق ئالا بۇقىلا قالدى. ئۇ كالا يىغىپ بېقىشنى توختاتماقچى بولغان ئىدى، بىراق كىشىلەر يەنىلا تەكلىككە سېلىپ تۇرۇۋالدى.

— بىز سىزگە ئىشىنىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كاللارنى نەسىللەندۈرۈپ سورتىنى ياخشىلاشتا ئالمىخان كۆپ ئەجىر قىلغان تۇرسا، قانداقسىگە بۇ ئىشنى سىلەردىن كۆرگۈدەكمىز، ئوغرى ھامان جاجىسىنى يەيدۇ، — دېيىشتى ئۇلار بوۋايغا تەسەللى بېرىپ.

ئۇلار كاللىرىنى ھەيدەپ كېلىپ يەنە بوۋاينىڭ ئالدىغا سېلىپ بېرىشتى.

ئالمىخان ئولتۇرسا - قوپسا يوقاپ كەتكەن كاللىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلاتتى.

تۇرمۇش ئۇنىڭغا خۇددى ئاشۇ قارا ئېقىندەك توختاۋسىز ئېقىپ نۇرغۇن لاي - لاتقىلارغا قوشۇلۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

بوۋاي بىلەن ياسىن پاكار يەنە كاللىرىنى ھەيدەپ ئېقىن بويىغا ماڭدىغان بولدى. ئالمىخان دادىسىنى توسقان بولسىمۇ، ئۇ جاھىللىق قىلىپ زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى پەقەت پادا باقسىلا ئېچىلىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. ئالمىخان ئۇلارغا تاماق ئېتىپ بېرىپ قالغان چاغلاردا نەسىل ئۆزگەرتىشكە ئائىت ماتېرىياللارنى كۆرۈپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ھېلىقى كۈندىن بۇيان ئۇ ئۆزىنى بىركىمنىڭ خوتۇنىدەك ھېس قىلىپ باقمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇنى ئانچە بەك خىيال قىلىپمۇ كەتمەيتتى. بىراق سادىر ئۆيگە پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىغاندا، بۇنىڭدىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن، دىگەنلەرنى خىيال قىلىپ قالاتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ يادىغا «سادىردىن سوت ئارقىلىق ئاجرىشىش كېرەكمۇ - يا»، دېگەن خىيال كىرىپ قالدى. ئۇ ئەسلىدە پۇرسەت كۈتۈپ سادىر بىلەن چىرايلىقچە دېيىشىپ، ئاندىن ئاجرىشىپ كەتمىسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ دادىسىغا مەسلىھەت سالمايلا سوتقا ئەرز سۇندى. سوت ئۇنىڭغا سۈرۈك بەلگىلەپ ۋاقتى توشقاندا ئاندىن نىكاھ رەسمىيىتىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. سادىر ئەھۋالنى سوت ئارقىلىق ئۇقۇپ ئۆزىنىڭ ئاجراشقۇسى يوقلىقىنى دەپ يېنىپ كەلدى.

— مەندىن نېمە دەپ ئاجراشماقچى بولىسەن؟ — دەپ ۋارقىردى ئۇ ئالمىخانغا.

ئالمىخان چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئىدى، لېكىن سادىر پۇرسەت بەرمەي نەچچە تەستەك سېلىپ ئۇنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇ شۇ ياتقانچە مىدىرلىماي نەچچە كۈن ياتتى. بىر كۈنى بوۋاينىڭ كالا بېقىپ يۈرگەن يېرىدە ئۇشتۇمتۇتلا ئۇرۇلۇپ كېتىپ قازا قىلغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ئالمىخان ئەمدى يەككە - يېگانە ئاتىسىز قالغان ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ قىرىق نەزىرىسىنى بېرىپ بولۇپ، بىرقىسىم كاللارنى تارقىتىپ بېرۋەتتى. قالغان بىرنەچچە تۇياق كالىنى ياسىن پاكار باقىدىغان بولدى. ئالمىخان ئەمدى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆزىنىڭ بېشىنى ئوڭشاش قارارىغا كەلگەن ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆيگە بېرىپ سادىرغا چىرايلىقچە گەپ قىلدى.

— راستىنى دېسەم سىزنىڭمۇ ماڭا نىسبەتەن كۆڭلىڭىز قالمىدى، بۇنداق ئۆتكەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، — دېدى ئۇ.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ سېنىڭمۇ باشقا خوتۇنلارغا ئوخشىمايدىغان يەرلىرىڭ خېلى كۆپ تۇرسا.

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي.

— مەن ساڭا نۇرغۇن تويلۇق ئالدىم، بۇنى تۆلىيەلەمسەن؟ — سادىردىن ئاخىرى مۇشۇ گەپ چىقتى. ئالمىخان ئۈستىدىن ئېغىر بىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك خۇش بولۇپ كەتتى.

— كاللارنى سېتىپ بولسىمۇ تۆلەپ بېرەي، سىزدىن خۇش بولاي، — دېدى ئالمىخان.

سادىر خېلى بىردەمگىچە جىم ئولتۇردى. ئاندىن ئالمىخانغا قاراپ بۇرۇتلىرىنى لىكىلدىتىپ قويدى.

— سەن مېنىڭ ئۆيۈمدە بولساڭ نۇرغۇن ئىشلىرىمغا قولايلىق بولاتتى، لېكىن سەن ماڭا قىلچىلىكمۇ پايدا بەرمىدىڭ، ماڭا ماسلاشماي سودا قىلىشىمغا ياردەملەشمىدىڭ، توي خېتىڭنى بېرىمەن، ئەمما سۆزۈڭنى بەرمەيمەن، بۇندىن كېيىن ئىككىمىز ئايرىلىشىپ ئۆتىمىز، مەن قانداق چاغدا سېنى سېغىنىپ قالغۇدەك بولسام، شۇنداق چاغدا ئىزدەپ بارىمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

ھۇ، ئىت يۈرەك ئەبلەخ، قارا نىيەت ئىپلاس! ئالمىخاننىڭ دېمى يەنە ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.ئەمما قانداقلا بولمىسۇن، سەندىن ئاجرىشىپ كېتىدىغانلا ئىش بولسا ئاجرىشىپ كېتىپ قالغان ئىشنى ئاندىن ئوڭشايمەن، ئۇ چاغدا قانۇنمۇ مېنى قوغدايدۇ، دەپ ئويلىدى ئالمىخان.

ئۇلار ئەتىسى ئاجرىشىپ توي خېتىنى بىكار قىلدى. ئۆزلىرى كېلىشكەن بويىچە تويلۇقنى ئالمىخان تۆلەيدىغان بولۇپ كېلىشىم تۈزدى. ئالمىخان شۇ كۈنى دادىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى - دە، كاللارنى سېتىپ تويلۇقنى تۆلەپ بەردى.

ئۇ ئېقىن بويىغا كېلىپ ئازادە نەپەس ئالدى. ئۇ يەردە ياسىن پاكار بىرنەچچە كالىنى ئالدىغا سېلىپ بېقىپ يۈرەتتى. كۆز كېلىش ئالدىدا تۇرغاچقا سۇ يۈزىدىكى ياۋا ئۆردەكلەرمۇ ئازلاپ قالغان، كۆلدىكى سۇلارمۇ ئازلاپ قالغان ئىدى. ئېقىن بويىدىكى قومۇشلار پۆپۈك يېيىپ سارغىيىشقا باشلىغاچقا، ئەتراپ بىرخىل ئۆزگىچە تۈسكە كىرىپ قالغان ئىدى.

ئۇ يېنىك قەدەم تاشلاپ كۆلنىڭ گىرۋىكىگە كەلدى - دە، سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى.

8

كۆز ئايلىرى كىرىپ قالغان ئىدى. ياسىن پاكار كاللارنى ئۆز ئىگىلىرىگە بىر - بىرلەپ تارقىتىپ بېرىشكە باشلىدى. ئەمدى ئېقىن بويىدىكى ئوت - چۆپلەر سارغىيىپ كېتىپ كاللاز يېمەس بولۇپ قالغان ئىدى.

ئالمىخان ئۆينىڭ ئالدىدىكى بېدىلىككە چىقىپ، بىر قېتىم ئورىۋېلىپ، قايتا كۆكلىگەن بېدىدىن بىر قولتۇق بېدە ئورىدى. ئاندىن ئۇنى باغلاقلىق تۇرغان سېرىق ئالا بۇقىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئوت يەۋاتقان ھالىتىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ بىردەم ئولتۇردى. ئەگەر مەنمۇ ئېتىزلىقتىكى بېدە بولغان بولسام، بىر قېتىم ئورىۋالغاندىن كېيىن يەنە قايتا كۆكلەپ چىققان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! دەپ ئويلىدى ئۇ.

شۇ پەيتتە بۇقا بۇدۇڭشىپ پوش - پوش تىنىپ زەنجىرنى سىلكىپ تارتتى. ئالمىخان كەينىگە قارىۋىدى، بىرنەچچە قەدەم نېرىسىدا سادىرنىڭ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئاجرىشىپ كەتكەندىن بۇيان نەچچە قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ ئالمىخاننى بوزەك قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۈگۈن ئالمىخاننىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. سادىرنى ئەگىپ ئۆتۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولدى. بىراق سادىر ئۇنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— قويۇۋەت! ئەمدى بۇنداق قىلىۋەرسەڭ ئوبدان بولمايدۇ، مېنىمۇ ياشىغىلى قوي! — دېدى ئالمىخان چىرايلىقچە ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشىپ.

— سەن زادى قانداق ياشىماقچى ئىدىڭ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياشاش بولامدۇ، قېنى ياشا!

سادىر پەرۋا قىلماي ھە دەپ ئۇنىڭغا يېپىشتى. ئالمىخان ئىككى قوللاپ كۈچەپ ئۇنى ئىتتەردى. ئۇ بوشىنىپ قاچماقچى بولدى. بىراق سادىر بۇنى بىلىپ قالغاندەك تېخىمۇ چىڭ تۇتۇۋالدى.

ئالمىخاننىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ كەتكەندەك بولدى. سادىرنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان خەنجىرىنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭ كۆكسىگە تىقماقچى بولۇۋىدى، بىراق سادىر چاققان كېلىپ پىچاقنى تارتىۋالدى.

— ھوي ئىپلاس، مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

— دەپ ۋارقىرىدى ئالمىخان.

يېقىن ئەتراپتا ئۆي يوق ئىدى. ھەرقانچە چۇقان - سۈرەن بولسىمۇ بىركىم ئاڭلاپ قالارمىكىن، دېيىدىغانغا ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇڭا سادىر ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ بارغانسېرى غالجىرلىشىپ ئالمىخاننىڭ كىيىملىرىنى تارتتى.

بۇ چاغدا باغلاقلىق تۇرغان سېرىق ئالا بۇقا ئۇلارغا قاراپ بۇدۇڭشىپ زەنجىرنى ھەدەپ سىلكىيتتى. بىر تۇرۇپ كەينىگە يانسا يەنە بىر تۇرۇپ ئالدىغا ئېتىلاتتى.

بىردىنلا باغلاپ قويۇلغان جىگدە تۈۋرۈكى تۈۋىدىن قومۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى - دە، بۇقا ئېتىلىپ كېلىپ سادىرنى قاتتىق بىرنى ئۈسسىدى. شۇڭا بۇ كۈچلۈك زەربىدىن ئۈچ قەدەم نېرىسىغا بېرىپ پاققىدە يىقىلدى ھەمدە بۇقىنى كۆرۈپ جان - پېنى چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. بۇقا ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭغا قاراپ يەنە ئېتىلىپ كەلدى.

— ۋايجان! ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار! — ئۇ ئالدىنى قاماللاپ بەدەر قاچتى. بۇقىمۇ كەينىدىن قوغلاپ تەڭ يۈگۈردى. ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ يەنە يىقىلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە قېچىشقا بۇقا يەنە بىر ھۆڭكىرەپ ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى يەرگە دۈم سالدى. ئەمدى ئۇنىڭ قېچىپ كەتكۈدەك ماجالى قالمىغان ئىدى. بولالماي ئاخىرىدا ئۆزىنى تاشلاپ ياتقان يېرىدە يېتىپ قالدى. بۇقا ئۇنى يەنە نەچچە قېتىم پۈشتەكلىتىپ مۈڭگۈزىنى سانجىپ ئالدى پۇتى بىلەن يەرنى كولاپ توپا چېچىپ ئاندىن قوتاننىڭ ئالدىغا يېنىپ كەلدى.

شۇ كۈندىن تارتىپ سادىر بۇ تەرەپلەرگە ئاياغ باسمىدى.



# نەسرلەر

ئايمىنىسا سۇلايمان

## ئىستىقامەتچى

ئۇ ئىستىقامەتگاھدا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ئۆز قەلبىگە تاپشۇردى. يارالمىش قىسسىسىنى روھى بىلەن ئوقۇپ، جاھان ھېكايەتلىرىگە قۇلاق سالدى. ئۇ ئۆز روھىنىڭ كۆكلەردە قانات چىقىرىپ ئۇچۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇنىڭدىن سوئال سورىماقچى ئىدىم، بىراق، سورىماستىلا، ئۇ سۆزلەشكە باشلىدى:

— روھىڭنىڭ موھتاجلىقىنى قاندۇرمىساڭ، ئەبەدىلئەبەد ئاچ ياشايسەن. سەن نېمىنى ئارزۇ قىلغان بولساڭ، تەڭرى شۇنىڭغا ئېرىشتۈرىدۇ. كۈچلۈك يىمىرىلمەس خاراكتېر، سۇنماس ئېتىقاد روھىي قۇۋۋەتتىن كېلىدۇ. ھاياتتا روھىي دۇنياسى قۇرۇق تالاي سەپسەتىۋازلارنى ئۇچرىتىپ ياشايسەن، ئۇلار سېنى ئازابلاشتىن ھۇزۇرلىنىدۇ، كىشىلەرنى قانچە كۆپ ئالدىيالىسا، شۇنچە خۇشال بولىدۇ. كىملەرنى شادىمان دېيەلەيسەن؟ «توققۇزى تەل» كىشىلەرنىمۇ؟ روھىي شادلىق، روھىي بەردەملىك ئۇنداق ئاسان ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. سەن پەقەت ئۆزۈڭ ئىچىدە تۇرغاندىلا، ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمايسەن، ھېچكىمگە، ھېچنەرسىگە موھتاج بولمايسەن. ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سالغىنىڭدا، نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرەلەيسەن. روھىڭنىڭ مەغرۇرلۇقى بۈيۈكلۈككە، پاكلىققا تولغان بولسا، كۆزلىرىڭنىڭ كۆرىدىغىنى گۈزەللىك، قەدەملىرىڭنىڭ باشلاپ بارىدىغىنى ئەزگۈلۈك بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى، ئۆز نەپسىگە قۇل بولغۇچىدۇر. قۇرۇق شان - شۆھرەت ئۈچۈن تىپىرلاۋاتقان سانسىز ئادەملەرنىڭ ئادىمىيلىكىدىن مەنە ۋە قىممەت تاپالامسەن؟ بىر يۈكسەك روھى يېتۈكلۈك ئۈچۈن ئۆز قەلبىڭدە ئۈزۈندىن - ئۈزۈن ياشاشقا بەرداشلىق بېرەلەمسەن؟...

مەن جىمجىتلىق ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمىدىم.

ئىستىقامەتچى كۆزلىرىنى يۇمۇپ چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمدى. ئۇ تەڭرىنىڭ ھىدايەتنامىسىنى قەلبى بىلەن ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە نۇر چېچىپ تۇرغىنى تەڭرىنىڭ نۇرى، كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغىنى ئىنسانىيەتكە بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت. ئۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئاشۇ نۇرغا قوشۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن ساقلايدۇ. قەلبىدىكى شۇ قەدەر چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت تۈپەيلى ئىستىقامەتگاھدا گۈزەل پاكلىنىش پەيتلىرىگە چۆمۈلىدۇ، يەنە شۇ مېھىر - مۇھەببەت تۈپەيلى ئازغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. يۈرىكىنى، ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ تۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىگە نۇر چاچىدۇ. ئىستىقامەتچى ھاياتىمىزنىڭ خەيرلىكى، ۋۇجۇدىمىزنىڭ ئەبەدىيلىك پاكلىقى ۋە روھىمىزنىڭ سۈزۈكلۈكى ئۈچۈن كۆيۈپ تۇرۇپ تىلاۋەت قىلماقتا...

مەن يەنە چەكسىز جىمجىتلىق ئىچىگە تاشلاندىم. روھ ھامان پاكلىنىپ تۇرۇشقا موھتاج. ئۇ گۈلگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ نۇقسانسىزلىقى ۋە ئەبەدىي كۆكلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنى ھەرۋاقىت پەرۋىشلەپ تۇرۇش كېرەك.

## يىراقتىكى ئەسلىمىلەر

چەكسىز كەتكەن يايلاق، سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۆگەتزارلىق، ئاپپاق غازلار سۇ ئۈزۈشۈپ يۈرگەن كۆللەر، كىچىك - كىچىك چىغىر يوللار ھېلىھەم خىياللىرىمنى چالغىتىپ تۇرىدۇ. يەتتە قىز باللىقىمىزغا قايتقان شەنبە - يەكشەنبىلەر ئەمدى قايتىلانمايدۇ. بىز ھەرتەرەپلەرگە كەتتۇق...

شەھەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى يۈرىكىمنى ئەنسىز غاجىلاپ ئۆتكەندە، تەكلىماكاندىكى ئاشۇ جەننىتىمنى ئۈنسىز سېغىنىمەن. ئۇ يەر بىزگە ھەممىنى ئۇنتۇلدۇراتتى، كەلتۈرۈش كويىدا تىكىلگەن غەزەرلىك ئوغرى كۆزلەرمۇ، قىز ماراپ كۈنۈپ قالغان ئازغۇن

تىۋىشلارمۇ ئۇ يەردە زىنھار يوق. بىز تۇتۇپ ئوينايدىغان بېلىجانلار خۇددى بىزدەكلا سەبىي. يەتتە قىز ئاشۇ جەننەتتىكى يەتتە پەرى ئىدۇق. ئازابلىنىشنى، يىغلاشنى ۋە يەنە بىر كۈنلەردە زامان تىغلىرىدا تىغلىنىشنى، چاكىنا قائىدە - يوسۇنلارنىڭ، جەمئىيەتلەشكەن قۇرۇق شان - شۆھرەتلەرنىڭ رامكىسىدا سىقىلىشنى بىلمەيتتۇق. دۇنيا خىياللىرىمىزدەك گۈزەل ئىدى. ئادەملەر كۆيۈمچان، سەممىي، ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتلىك. بىز ھېچكىمنى ئالدىمايتتۇق، ھېچكىمگە يالغان سۆزلىمەيتتۇق. باشقىلارنىمۇ شۇنداق ئويلايتتۇق...

ئاشۇ چاغلارنى ئۈنسىز سېغىنىمەن، ئالداش - ئالدىنىش جەمئىيەتلەشكەندە، سەممىيەتنى نەدىن ئىزدەيسەن؟ كۆڭۈل نىمە؟ ئۇ باشقىلارنى ئالداپ تۇرۇپ، ئۆزىگە قىزىقتۇرۇشمۇ؟ مەنپەئەت ئۈچۈن، ھۇزۇر - ھالاۋەت ئۈچۈن كىملەرگىدۇر ئېگىلىپ، كىملەرنىدۇر ئېگىلدۈرۈشمۇ؟ ساختا ھۆرمەت، ساختا پاراغەت پەيزىنى سۈرۈشمۇ؟...

يىراقتىكى ئاشۇ ئەسلىمىلىرىم ئۈچۈن، ئاشۇ ئەسلىمىلەرنى بەرگەن دوستلىرىم ئۈچۈن بىر ئۆمۈر شادلىنىمەن. قەلبىم ھېلىمۇ شۇ چاغلاردىكىدەك يارقىن ۋە سۈزۈك. كۈنلەرنىڭ جىمجىتلىقى روھىمنى قاناتلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان سۈزۈك ئاسمان. چۈنكى، مەن لاي - لاتقىلارغا قوشۇلۇپ باقمىدىم، كىملىكىمنى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىك نەزەرلىرى، شاۋقۇن - سۈرەنلەرنىڭ ئازغۇن جۇلالىرىغا تاشلاپ باقمىدىم. بىچارىلەرنىڭ دەبدەبىلىك كۆرسەتمىلىرى ئۈچۈنمۇ تېڭىرقاپ باقمىدىم. ھايات يەنە شۇ چاغلاردىكىدەك گۈزەل. تاشنىڭ ئۈستىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ، سۇلارنىڭ شىلدىرلىشىنى، قۇشلارنىڭ سايرىشىنى ئاڭلاۋاتىمەن. ئەنە، يەتتە قىز، يەتتە ئاسمان قەلبىمنىڭ ئۆچمىگەن غۇبارسىزلىقى، ھاياتىمنىڭ سۈزۈك پاكلىقى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ناۋا قىلماقتا...

### سەيياھ

دۇنيا مېنى يەنە بىر دۇنياغا باشلاپ ماڭماقتا. ھاياتنىڭ ئازاب ۋە خۇشاللىققا تولغان ھەربىر دوقمۇشىغا سانسىز ئىسمىم يېزىلغان، مەن ئۇنى يۈرىكىم بىلەن ئوقۇپ سۈكۈتكە چۆمگىنىمدە، تەڭرىنىڭ چەكسىز ئىلتىپاتىنى ھېس قىلىمەن ۋە ۋاقىتسىزلىققا قاراپ يول ئېلىۋاتقان ۋاقتىم ۋە يوقلۇقتىكى بارلىقىم بىلەن دۇنيانى كۈزىتىمەن.

سەيياھ — بىر يوقلۇقتىن چىقىپ يەنە بىر يوقلۇققا ئۈزىغۇچىدۇر. يوقلۇق بىلەن بارلىق ئارىسىدىكى ماكان ۋە زامان بىز پۈتكەن ھايات دەستۇرى. ئۇنىڭدىكى سانسىز تىۋىشلاردا، سانسىز ئىزلاردا سېنىڭ ئىسمىڭ، كىملىكىڭ بار. ئۇ سېنىڭ زاماندىن ھالقىغۇچى كىملىكىڭنى ياساپ چىقىدۇ. بەندىلىك ماقامىدا تەڭرى ۋە ئىنسانلا مەۋجۇت. جىمجىتلىق كۆزلەرنىڭ ئالدىنىشى. تىمتاسلىق تۇيغۇلارنىڭ ئۆزىگە قايتىشى. سەيياھ ھېكمەتلىك ۋە ئىبرەتلىك يوللارنىڭ ساھىبى. ئەزەلىي پۈتمىشلەردە بىر ئادەم، بىر ئايال بىر مۇقەددەس ھېكمەت تۈرتكىسىدە، يوقلۇقتىن يوقلۇققا قاراپ كېتىۋاتقانىدۇ - ئەمما، بىر مەڭگۈلۈك بارلىقنى — ئىنسانىيەتنى قالدۇرۇپ قويغان. ئەجەبا، تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ شاپائىتى ۋە ئىختىيارىدا، يىمىرىلمەس بىرلىك ۋە مەڭگۈلۈك پاراغەت بارلىقنى بىز تېخىچە ھېس قىلالماي قالغاندىمىزمۇ؟...

سەيياھ ئېرىشكەن نەرسىلىرى بىلەن ئۆزىنى ھاياتنىڭ بالاغىتىدە نامايىش قىلىدۇ. دۇنيا ئۆزىنىڭ كېلىپ كەتكۈچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تولغان. شۇڭا زېمىندا جىنايەت مەۋجۇت، خىيانەت مەۋجۇت. نەپرەت - يىرگىنىش ۋە ئازاب - ئوقۇبەت مەۋجۇت.

بوشىنالمىغان ئاھاڭلار، قۇرغاق ۋە ئىلتىجالىق تەبەسسۇملار، ساختا گۈزەللىك بىلەن تولۇپ كەتكەن رەڭدار رەسىملەر، ئۆزلۈكنى پايخان قىلىۋاتقان ئازغۇن قەدەملەر مەدەنىيەتلىشىش ۋە شەھەرلىشىشنىڭ ئۆزىدىن يىراقلىشىۋاتقان كىشىلەرگە بەرگەن جاۋابىمۇ ۋە ياكى كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان سوئالىمۇ؟...

مەۋجۇتلۇق يوق نەرسە. بىز ئۇنىڭ يوقلۇقتىكى مەۋجۇتلۇقىغا قىممەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن تىرىكشىمىز. ئۆلۈم، سەيياھ ئۈچۈن ئۇمۇ بىر دوقمۇش. ئاشۇ دوقمۇشتا بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز سانسىز نەزەرلەردىن ئۆتىدۇ. كىشىلەر ماڭغان يوللىرىمىز ۋە قىلمىش - ئەتمىشلىرىمىز ئارقىلىق بىزنىڭ يەنە بىر بارلىقىمىزنى يىللارغا ئەستىلىك قىلىدۇ. ئىھ، سەپەردىكى ئادەم، ئاشۇ بارلىقنىڭ ۋە ئاشۇ ئەستىلىك ئۈچۈن قايسى يولدا كېتىۋاتىسەن؟ قەدەملىرىڭ قەلبىڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتامدۇ؟ روھىڭنى مۇقەددەس نەزەرلەردە كۆرۈۋاتامسەن؟...

چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە ئۈنسىز كېتىۋاتىمەن. ئۆلۈمنىڭ يىراقتا ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن. ئۇ ۋۇجۇدۇمدا ھەرۋاقىت مەۋجۇت. ئەقىل ساھىبخانىلىرى ئۆ-

لۇمنى كۆلۈپ تۇرۇپ كۈتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزاقراق ياشاشقا، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. مەۋجۇتلۇقۇڭنىڭ مەڭگۈلۈكى ۋە ئىزلىرىڭنىڭ ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن روھىي تىرەنلىكىڭدە ئىزدىنىۋاتامسەن؟ ئىھ، سۆيۈملۈك يولۇچى، قەدەملىرىڭگە مىڭلاپ تەھسىنلەر بولسۇن! ئادەم ئاتىنىڭ كۆلەڭگىسى تېخى غۇۋالاشقىنى يوق. ئەقىل تەڭرىنىڭ ھېكمەتلىك مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ نۇرلانغىنىدەك، مەۋجۇتلۇق يوقلۇقتىن - يوقلۇققا كېتىۋاتقان قىسمەتلىك سەپەردە ئۆز مەنىسىنى تاپىدۇ ۋە ئۆزىنى يارىتىدۇ.

قەدىردانلىرىم، بىز — ھەممىمىز سەيياھمىز. ھايات بالاغىتى ئۆلۈمىمىزدە ئەمەس، قەدەملىرىمىزدە، بىز باسقان يوللارنىڭ ھېكمىتىدە!

## ئانا قەلبى

قەلبىم دېڭىزدەك داۋالغۇيدۇ. تېنىم بەھەيۋەت گۈلخانغا تاشلانغان قاقشال. ئانا ئۈچۈن بۇ دۇنيادا بالىغا تەڭ نېمە بولسۇن؟ ئاھ، ئارسلىنىم...

ئۆز تىلىڭدا نېمىلەرنىدۇر دەپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق گۇگرايسەن، ھەربىر ھەرىكىتىڭ، ھەربىر تاۋۇشۇڭ ئېپادىلىگەن مەنىنى قەلبىم بىلەن چۈشىنىمەن. كۆزلىرىڭدىن كۆزلىرىمگە تاشلانغان سانسىز سوئال بەلگىلىرىگە جاۋاب بېرەلمەيمەن. تەڭرىنىڭ چەكسىز سۆيگۈسى كېچە - كۈندۈزلىرىم، بارچە مەۋجۇتلۇقۇمدا ئايان. مەن سېنى ھاياتىم ۋە ھاياتىمغا تەئەللۇق بارچە نەرسىلەر بىلەن سۆيۈپ تۇرۇپمۇ، سۆيگۈمنى سۆزلەرگە ۋە مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ ھەربىر دەقىقىسىگە سىغدۇرالمايمەن. ساڭا بولغان مېھرىم قەلبىمدىن بۇلاقتەك تېشىپ تۇرىدۇ - يۇ، ئەمما ئۇ ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە سىغمايدۇ. سەن ھاياتىمغا چېچىلغان نۇرسەنكى، ھاياتىم سەن بىلەن يورۇپ تۇرىدۇ، سەن بىلەن پارلايدۇ.

ھاياتلىق ئىزلىرىم سېنىڭ ئىزلىرىڭ بىلەن پايانغا تۇتىشىدۇ. ھاياتلىق گۈلشەنلىرىم سەن بىلەن ئەبەدىي كۆكلەيدۇ. كۈللى كائىناتتىنمۇ ئۇلۇغ ۋە ھاياتىمدىنمۇ قەدىرلىك بولغان ئارسلىنىم، سەن ئۈچۈن ئەبەدىي كۆيۈپ تۇرىدىغان بىر يۈرەك بار، سەن ئۈچۈن ئەبەدىي توختىمايدىغان بىر تىنىق بار. ئۇ — ئاناڭنىڭ قەلبى، ئاناڭنىڭ يۈرىكى. كەل قوزام، سېنى ھاياتىم، بارچە مەۋجۇتلۇقۇم بىلەن سۆيىمەن، ئاسرايمەن.

باھار مايسىلىرىدەك يۇمرانسەن. سەھەردىكى قۇياش نۇرلىرىدەك تىنىق ۋە يارقىنسەن. ھەربىر قەدىمىڭ ۋە ئىشارەتلىرىڭدىن بىر بۈيۈك ھېكمەتنى، ئۇلۇغلۇقنى ھەرۋاقىت سېزىپ تۇرىمەن. ساڭا قاراپ كۆڭلىمگە يورۇۋاتقان قەلبىم ۋە ھاياتىمغا يۈكلەنگەن مۇقەددەس مەجبۇرىيەتلىرىم ئالدىدا شۇ قەدەر شاد ۋە بەختىيارمەن.

دۇنيادا ئانا مۇھەببىتىدىنمۇ ئۇلۇغ ۋە خالىس نېمە بار؟ دۇنيادا ئانىدىنمۇ پىداكار ۋە ئەڭ خالىس بېغىشلىغۇچى كىم بار؟ ئانا — دۇنيانىڭ پەرۋىشكارى. ھاياتلىقنىڭ ھىمايىچىسى. ئانا بولغىنىم ئۈچۈن بارلىق ئانىلار قەلبىدىكى مېھىر - مۇھەببەت تاشقىنى ۋە مېھىر گۈلخانىنى ھېس قىلالايمەن. ئانا بولغىنىم ئۈچۈن ئانىلارنىڭ شاھانە سۇلتانلىقىغا ئەبەدىي باش قويىمەن.

ئانا قەلبى مېھىر بوستانىنىڭ ئۈزۈلمەس بۇلىقى. ئانىسىز دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، مەۋجۇدىيەتنىڭ بالاغىتىنى كۆرۈش مۇمكىنمۇ؟

جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا. جىمىكى سائادەت ۋە پاراغەت ئانىلارنىڭ دۇئاسىدا.

## كۆز ئۇيۇقى

كۆز ئۇيۇقىدا ئايان بولغان سانسىز كۆرۈنۈشلەر ھېكمەت ۋە ئىبرەتكە تولغان. ئىستىقامەت دەملىرىدە ئۆزلۈكۈم روھ كەڭلىكلىرىگە سوقۇلۇپ ئۆتكەنىدە، رېئاللىقىم سۇنۇپ چۇل - چۇل بولىدۇ - دە، ئۇ يەردە ئۆزۈمنىڭمۇ مىڭ پارە بولغان ئەكسىنى غېرىبسىنىپ تۇرۇپ كۆرۈپ قالىمەن. كۆزگە نېمىلەر ئايان بولمىغان؟ تەقدىر نېسىپ ئەتكەن ھايات سەپىرىدە جۇلالاپ تۇرغان نۇر چېقىنلىرى كۆزلەردىن ھالقىپ قەلب كۆزىگە يېتىپ بارغاندىلا بىز ھەقىقىي نەرسىلەرنى كۆرەلەيمىز.

كۆزلەر ئۇيۇقىدا يالتىراپ تۇرغان سانسىز قۇرۇق جۇلالار بىزنى قۇرۇق ھەشەم، قۇرۇق شان - شۆھرەت ۋە ھاياتنىڭ بىمەنىلىكىگە باشلاپ بارىدۇ. كۆز ئۇيۇقىدا يېپىلىپ ياتقان تەقدىرنىڭ قىسمەتلىك جەريانلىرى قەدەملىرىمىزدىن بىزنىڭ كىملىكىمىزنى پۈتكۈزۈپ چىقىدۇ. كۆز ئالدىمىدىكى غايەت زور بوشلۇق كائىناتنىڭ بوشلۇقى ئەمەس، قەلبىمىدىكى بوشلۇق. بىز ئادەملەر بىلەن بىللە ياشاپ كۆنۈپ كەتكەن. شۇڭا ئادەملەرنىڭ ياخشىلىقى بىلەن يامانلىقى ئوتتۇرىسىدا دائىم تېڭىرقاپ قالىمىز.

ھەقىقىي ئېتىقادلىق ئادەم نېمىنى مەدھىيەلەشنى، نېمىدىن يىرگىنىشنى بىلىدۇ. مەدھىيە چىن يۈرەكتىن چىققان ۋە جان بېقىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالمىغانلا

بولسا، بارلىق مەدھىيەلەنگۈچىلەر ئېپتىخارلانسۇن.

يارالمىش قىسسىسىدە ئەزگۈلۈكنىڭ نىشانلىرى شۇ قەدەر ئېنىق ۋە روشەن. ئۇنى كۆرمەيدىغان كۆز، بايىقمايدىغان ئەقىلنىڭ ساقلىقى ۋە ساپلىقى شۈبھە، گۇمان بىلەن تولغان. ئەي قەدىردانلىرىم، ساختا جۇلا، ساختا تەبەسسۇملارنىڭ مەپتۇنلۇقىغا تاشلانغان بولساڭلار، قەلبىڭلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار. بىلمەسلەر، كۆزنىڭ كورلۇقىدىن قەلبنىڭ كورلۇقى يامان.

كۆز ئۇيۇقىدا ھۆكۈم سۈرگەن مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەبەدىيلىكىدىن سۆز ئاچماڭلار. ئەمەلىيەتتە مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقنىڭ تەڭرىگىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز، ئەمما ئۆزىمىزنىڭمۇ يوقلۇققا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالىمىز. مەۋجۇتلۇقنىڭ ئازابى يوقلۇق بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ. ئەمما، ئاشۇ يوقلۇق ھاياتىمىزنى قىممەتكە ئىگە قىلىدىغان بۈيۈك سوۋغات. شۇڭا ھاياتنى قەدىرلىگۈمىز، كۈنلەرنى مەنىگە، بەخت - سائادەتكە ئىگە قىلغۇمىز كېلىدۇ.

ئەي ئىنسان، كۆزۈڭگە تاشلانغان بارچە نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ئۇزاق تەشۋىشلەنمە. بارلىققا كېلىش يوقىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، ھاياتىڭدىن ئەسىرلەرگە ھەدىيە قالدۇرغىنى، سېنىڭ ئۆز مەنىسىنى تاپقان ھەققىي كىملىكىڭ.

ھەققىي نۇرلۇق كۆز ئىنساننىڭ ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان چىراغ. قەلبىڭ كور بولسا، ھاياتىڭمۇ زۇلمەتلىك بولىدۇ. زۇلمەتلىك ھايات يوقلۇقنىڭ ھالاكىتى. كېيىنكىلەرنىڭ ھاياتىغا نۇر چاچقۇدەك، ئۇلارنىڭ ئەسلىشىگە ئەرزىگۇدەك ھېچ نەرسە قالدۇرالمىساڭ، ياشىغىنىڭنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ياشاش ھاياتنىڭ ئىزاھى بولالىسا، ئۇنىڭ بالاغىتىنى قەيەردىن تاپىمىز؟

كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى. ئەمما ئۇ كۆڭۈللەرنىڭ چىركىنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ھاياتلىق سەمەرىسىدە ئەزگۈلۈك مۇئەككىلى نۇر چېچىپ تۇرمىسا، چېچىپ تۇرغان قەدەملەرمۇ ئەھمىيەتسىز، پارقىراپ تۇرغان كۆزلەرمۇ ئەمادۇر. ھايات ھەسرىتى مەۋجۇتلۇقۇڭغا شولا تاشلىغاندا، ھاياتقا كۈلۈپ باقالامسەن؟ كۆز ئۇيۇقۇڭغا تاشلانغان مەۋجۇدىيەت رېئاللىقىڭنىڭ پۈتكۈچىسىمۇ؟ بىز ئاخىرقى دەملەردە مەۋجۇتلۇقنىڭ قايسى خىل ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىمىزنى تونۇپ يەتكەندە، ئۆز ھاياتىمىزدىن ئۆكۈنمەيدىغان بولۇشىمىز كېرەك. ئىنساننىڭ ئۆز بەندىلىكىگە قايتۇرغان جاۋابى ئەنە شۇ يەردە...!

## قايتىش

قايتىش يەنە بىر باشلىنىش دېمەكتۇر. بىز قوشۇلغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، مەن ساڭا، ياق، ئۆزۈمگە قايتتىم. ھايات بىر پۈتۈنلۈككە قايتتى. بىز بىر دۇنياغا ئايلاندۇق. سەن پۈتۈنلۈكنى جاھانغا نامايىش قىلغاندا، ئاسمىنىمىزدا ھاياتىمىزنى يورۇتقۇچى بىر قۇياش پارلاپ چىقتى. مەن ساڭا، ھاياتىم سېنىڭ ھاياتىڭغا ئايلىنىپ كەتكەن ئاشۇ دەقىقىلەردىن باشلاپ، سەنمۇ مېنىڭ ھاياتىمغا ئايلىنىپ كەتتىڭ. بىزنىڭ يوللىرىمىز، ئارزۇ - ئارمانلىرىمىز، مەنزىللىرىمىز بىر نۇقتىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئاشۇ سۆيۈملۈك ۋە شېرىن قايتىشلار ئىچىدە بىزنىڭ ئىنسانىي كامالىتىمىز ۋە بالاغىتىمىز بار. بىز ئۇ يەردە تۇرۇپ ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل ھېكايىسىنى ئوقۇپ چىقىمىز ۋە يەنە سانسىز گۈزەل قىسسەلەرنى قالدۇرۇپ قويىمىز.

ئەزىزىم، ئىشىنەمسەن؟ بىز يەنە قايتىمىز، ئەسلىمىزگە قايتىمىز. تېنىمىزنىڭ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشى يەنە بىر باشلىنىشنىڭ بېشارىتى ئەمەسمۇ؟ سەنمۇ، مەنمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن. بىز ئاشۇ يوقلۇققا يۈزلەنگەندە، بىر - بىرىمىزگە ۋە ھاياتىمىزغا كۈلۈپ بېقىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى شۇ قەدەر روشەن بىلىمىز. ھاياتتا بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىلىش، بۇنىڭدىنمۇ پاك ۋە گۈزەل تۇيغۇلار بولمىسا كېرەك.

بىز باشلىنىش ۋە قايتىش ئىچىدە ياشايمىز. چەكسىزلەنگەن قايتىش ئىچىدە، بىزنىڭ يەنە بىر ھاياتىمىزنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسەن؟ بىز ۋاقىتنىڭ تەلپۈندۈرۈشى ئىچىدە، ئۆزىمىزنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرگە قەرزدار ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. قايتىش جەريانى بىزنىڭ ھاياتقا بولغان قەرزىمىزنى ئۆتەش جەريانىغا ئايلىنىشى كېرەك. ئادىمىيلىك ئەنە شۇ يەردە مېۋىلەيدۇ. ھاياتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئەنە شۇ يەردە بارلىققا كېلىدۇ. بىز نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۇچرىتىمىز. بەزىلىرىدىن سۆيۈنسەك، بەزىلىرىدىن يىرگىنىمىز. ئاشۇ سۆيۈنۈش ۋە يىرگىنىش يوقلۇقنىڭ بارلىقتىكى شەجەرىسى. ئادىمىيلىك ئۇنىڭ يارقىنلىقىدا ۋە مەمنۇنىيەتكە تولۇشى ئۈچۈن بىزنى ھامان چىللاپ تۇرىدۇ.

ھەرقانداق بىر قايتىش خاتىمە بېرىش ئەمەس، بەلكى يەنە بىر گۈزەل باشلىنىش! مەن بارلىق باشلىنىشلارنىڭ ھېكمىتى ۋە خىسلىتى ئۈچۈن تەڭرىگە مىڭلاپ تەھسىن ئېيتىمەن. ئۆزۈمگە قايتقان بارلىقىم

ئۇچۇن ئەبەدىي شاد ۋە خۇرسەنمەن.

## ئۆلۈم تەنتەنىسى

ئۆلۈم ھاياتنىڭ ئاخىرلىشىشىمۇ؟ دەبدەبىلىك مۇراسىملار ئۆلۈمنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەمدۇ؟ بىلەمسىلەر قەدىردانلىرىم، ئۆلۈم تەنتەنىسى ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى بولۇشى كېرەك.

دۇنيانىڭ كىچىككىنە سەھنىسىدە تۇرۇپ، ھاياتنى چەكسىز ھېس قىلغىنى بىز ئەمەسمۇ؟ ئادەملەرنىڭ ئۆزىدىن يىراقلىشىۋېتىپ كۆرگىنى نېمە؟ دۇنياغا بىر كېلىش سىنىڭ راھەت - پاراغەتلىك ياشىشىڭنىڭ بېشارىتىمۇ؟ ھەقىقىي ئۆزلۈك سېنى ھەقىقىي كامالەتكە يەتكۈزىدىغان بۈيۈك ئەڭگۈشتەر. بىز ئۆزلۈكىمىزگە قايتىماي تۇرۇپ ئۆزىمىزنى تاپالمايمىز. ئىزىمىزنى تاپالمايمىز. ئۆلۈم ھەقىقەتكە قايتقاندا يەنە بىر باشلىنىشنى كۈتۈۋالىدۇ. ئۆلۈم تەنتەنىسى روھنىڭ تەنتەنىسىدۇر. ئۇ ئەزەلىي قىسمەتلىكلىكى بىلەن ھاياتىمىزنى ئوراپ تۇرىدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدا تۇرۇپ، بىزنى ئويلىنىشقا، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە ئۈندەيدۇ.

تارىخ سانسىز قەھرىمانلارنىڭ قېنى بىلەن يېزىلغان. سانسىز قەھرىمانلارنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرۈشىدىن پارلىنىپ بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەن. ئەجەبا، ئۇ ئۆلۈم تەنتەنىسىنىڭ مەڭگۈلۈك نامايىشى ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ ئۇنتۇپ قالغانلىرىمىز نېمە؟ ئۇ پۇرسەتمۇ؟ ھاياتمۇ ۋەياكى ئۇنىڭ ئەھمىيىتىمۇ؟ ئۆلۈمدىن قورقۇش مەسئۇلىيەت ئۈچۈن بولغاندا شەرەپلىك بولىدۇ، ئەمما، ئۇ مەھرۇملۇق دەپ قارالغاندىچۇ؟...

ئۆلۈم قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئەڭ قورقۇنچلۇقى ھاياتنىڭ ئادىمىيلىكتىن يىراقلىشىپ كېتىشى. كىشىلەر ھامان ئۆزىنى سۆيىدىغاننى سۆيىدۇ. ھايات ئادىمىيلىك ئىچىدىلا باراقسان دەرەخكە ئايلىنىدۇ. ھاياتىڭنى ئاشۇ دەرەخكە ئايلاندۇرۇشنى خالامسەن؟ ئۆلۈمۈڭنىڭ ئەسلىمىسىز ھايات بىلەن ئەمەس، مىڭ - مىڭ يىللاردىن كېيىنمۇ ئەسلىنىدىغان ھايات بىلەن كۈتۈۋېلىنىشىنى ئارزۇ قىلامسەن؟...

ئۆلۈم تەنتەنىسىگە جور بولماقچى بولساڭ، كىشىلەر سېنىڭ ئۆلۈمۈڭدىن شۇنچىلىك قايغۇرسۇن. ئۆلۈمىنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان ئەھمىيەتلىك يوقىتىشقا ئايلانسۇن. ئەتراپىڭدىكىلەرگە ھېچكىم ئاتا قىلالمايدىغان خۇشاللىق، بەخت ئاتا قىل! سېنىڭ يوقلۇقۇڭ ئۇلارغا ئازاب ۋە مەنىسىزلىك ئېلىپ كەلسۇن. سەن كىشىلەرنىڭ ئىپتىخارىغا، غۇرۇرىغا، مەەنۇنىيىتىگە ئايلىنىپ كەت! شۇ چاغدىلا ئۆلۈمىنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيەتلىك ئۆلۈم بولىدۇ. ئۆلۈمىنىڭ ئۆز تەنتەنىسىنى سانسىز دىللارغا چاچماي قالمايدۇ.

## توزۇۋاتقان رەڭ

ھايات ئالبومىنىڭ تۈمەن خىل رەڭلىرى ئىنساننى مەھلىيا قىلغۇچى ئۈمىد چىرىغى. بىز ھامان رەڭلەرنىڭ جىلۋىسىگە ئالدىنىپ ياشايمىز. ئەي ئىزدەنگۈچى، توزۇۋاتقان رەڭگىگە قاراپ باقتىڭمۇ؟ رېئاللىق خىيالدەك گۈزەل بولمايدۇ. ئىنسان پۈتۈلمىشلەرنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز. تەقدىر ئۆز ھېكمىتى بىلەن ھامان ھاياتىمىزغا شولا تاشلاپ تۇرىدۇ. سەزگۈلىرىمگە سوئال تاشلىدىم:

— دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نەرسە نېمە؟

— تەبىئىيلىك.

— ئەڭ كۈچلۈك نەرسىچۇ؟

— ئېتىقاد.

تەبىئىيلىكتىن ئەسەر قالمىغان رېئاللىقىمدا تۇرۇپ، ئۆڭگەن ئەپتىمگە نەزەر تاشلايمەن. قىرىق تال ئۆرۈلگەن چېچىم چۇۋۇلغان. ئەتلەس كۆڭلىكىم زامانىۋىلاشقان. مەدەنىيەتتىكى ئەبجەشلىشىش نېمىنىڭ بېشارىتى - ھە؟!

توزۇۋاتقان رەڭلەردە توزۇۋاتقان كىملىكىمىزنىڭ روشەن ئىزنالىرى بار. ئۆزلۈكىمىزگە جۇلا بەرگۈچى ئاشۇ رەڭلەرنى مەمنۇنىيەت بىلەن تىلغا ئالىمەنۇ، ئەمما ئۇنىڭ توزۇۋاتقان رەڭگىگە قۇشۇلۇپ كېتىۋاتقان رەڭلىرىم ئۈچۈن ئامالسىز ئېغىر ئۇھسىنىمەن.

ئېتىقاد بەردەملىكىمىزدىن تۇغۇلىدىغان نۇرانە مەشئەل. ئۇ بىزنى مەنزىلىمىزگە يەتكۈزىدۇ. بىزگە قەيسەرلىك، جاسارەت ئاتا قىلىدۇ. ھاياتىڭنى ئەھمىيەتلىك ھاياتقا ئايلاندۇرالمىساڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئادىمىيلىكىدىن شۈبھىلەن! دۇنيا ئېزىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ دۇنياسى ئەمەس، ئۆز يولىدا ماڭغۇچىلارنىڭ دۇنياسى! ھەممە نەرسە ھامان ئۆز ئەكسىگە قايتىدۇ. ئۆز ئەكسىڭنىڭ گۈزەللىكىنى ئىزدەمسەن؟ ئۇنداقتا، ھاياتىڭنى ھەقىقىي گۈزەللىك، ئۆلمەس ئىپتىخار بىلەن تولدۇر. قەلبىڭدىكى گۈزەللىك چاچقۇلىرى، ئەزگۈلۈك نۇرلىرى ھاياتىڭنى، تۇيغۇلىرىڭنى ئەبەدىي يورۇتۇپ تۇرسۇن ۋە ئۇنىڭدىن سېنىڭ ئەسلىي ئۆزلۈكۈڭ ۋە ئۆڭمىگەن رەڭگىڭنى ھاياتلىقىڭ ئۆلمەس ئابىدىسىگە پۈتۈپ قويسۇن...!

ھەبىبە مەمەتئىسا

# بوغاز قىچىر

(ھېكايە)



ئۇچۇر ئالاقىسىنىڭ تەرەققىياتى دۇنيانى شۇنچەلىك كىچىك قىلىۋەتتىكى، جاھاننىڭ قايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىدىكى غەلىتە ئىشلار بولمىسۇن بىردەمدىلا قۇلاققا يېتىپ بولىدۇ. تۈرلۈك ـ تۈمەن ئاجايىباتلار خۇددى شامالدەك توسالغۇسىز ئۇچۇپ يۈرگەن مۇشۇ كۈنلەردە كىشىلەرمۇ تەبىئىي ھالدا بىر ئىشقا ئاسانلىقچە ھەيران بولمايدىغان، خېلى ـ خېلى ئىشلارغىمۇ سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ كېتىشتى. كائىناتنىڭ سىرلىرىدىن تارتىپ كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس ئىنچىكە ھالقىلىرىدىكى كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان غەلىتىلىكلەر ‹ھەممە ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ› دىگەن ئىلمىي باھا بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مانا ئەمدى بۇ ئىشقا راستىلا ھەيران بولۇش كېرەكتەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى قېچىرنىڭ بوغاز بولغىنىنى كۆرگەن ئادەم يوق، قېچىر ئېھتىمال ئۇخشىمىغان ئىككى تائىپىنىڭ «يولدىن چىققان»لىقىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقىمۇ ئىزچىل ھاقارەتكە ئۇچراپ ئۆۋالچىلىق تارتىپ كېلىۋاتاتتى. جېنى پىششىق بۇ جانىۋار دادا ۋە ئانا تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ ئەمگەكچانلىقى ۋە جاپاكەشلىكىگە ئاشۇرۇپ ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ يەنىلا يامان ئاتاق، تاپا ـ تەنىدىن قۇتۇلالمايتتى.

«پاكار دۆڭ يېزىسىدىكى بىر دېھقاننىڭ قېچىرى بوغاز بولۇپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەر بىر دەمدىلا پۈتۈن ناھىيەگە پۇر كەتتى. ئاڭلىماققا بۇ چاقچاقتەك قىلسىمۇ، ئەمما چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ كەسپىي كادىرلىرى بۇنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھ بولدى. مانا چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ قارا رەڭلىك سانتاناسى تېخى بايىلام قېچىرنى قايتا تەكشۈرۈپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. پىكاپ يېزا تەرەپتىن ناھىيە بازىرىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ماشىنا ئىچىدىكى تۆتەيلەننىڭ كاللىسىدا ئوخشىمىغان خىياللار كەچمەكتە ئىدى. پاكار دىقماق شوپۇر ياخشىراق يول تېپىش بىلەن ئاۋارە، ئېگىز ئاقپىشماق كەلگەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى مەخمۇت، ئارقا ئورۇندۇقتا سالپىيىپ ئولتۇرغان مەتكېرىم، تاماكا چېكىشكە پېتىنالماي خۇمار تۇتۇپ كېتىۋاتقان ياسىنلار بولسا قېچىر تۇغرۇلۇق ئوخشىمىغان پىكىرلىرىنى رەھبەرلىككە قانداق دوكلات قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇراتتى. ھەممىدىن مەتكېرىم تىنىلداپ كېتىپ باراتتى، قارىغاندا سەللا بىخەستەلىك قىلسا ئۆزى قېچىرنىڭ ئېمكئانىسى بولۇپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئارامسىزلىنىپ ئالدى ئورۇندۇقتا مۈگدەپ ئولتۇرغان مەخمۇتقا يېلىنىش تەلەپپۇزىدا ئېيتتى.

ــ جۇجاڭ، بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتى بەك ئېغىر، مەن ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. ئەڭ ياخشىسى يېپىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئۇكام؟ سىز دېگەن ئىدارىمىزدا ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتقان مال دوختۇرى تۇرسىڭىز. بۇ ئىشقا سىزنى مەسئۇل قىلماي كىمنى مەسئۇل

قىلىمەن؟ بۇ ئىشنى ئىدارە باشلىقى ئۆزى سىزگە تاپشۇرۇشۇمنى ئېيتقان. چاقچاق قىلماڭ بۇ ئىشقا!

— خېچىرنىڭ بوغاز بولۇش ئىككىلەمچى ئالامەتلىرى تولۇق ئەمەس. ناۋادا باشقا سەۋەبلەردىن...

— قورسىقىنىڭ يوغىناپ كېتىشى، ئىچىدە مىدىرلاپ تۇرغان باشقا بىر جاننىڭ بارلىقى ئېنىقتۇ؟ سىزگە يەنە نېمە لازىم؟ زۇۋانى بولسىغۇ پالانى يەردە، پۈكۈندىن بوغاز بولدۇم دەپ بېرەر ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىمىز ئۇكام؟ ھى ھى ھى، — مەخمۇت ئۆز گېپىدىن ئۆزى كۈلۈپ كەتتى.

— جۇجاڭ راست دەيدۇ، — گەپ قىستۇردى شوپۇر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، — ئىگىسى دېدىغۇ؟ قېچىرنىڭ سىزىكى شۇنداق يامانمىش. ئېغىل ياسىغان بالداقلاردىن تارتىپ بويىنىدىكى چۇلۇۋۇرنىمۇ يەپ بولۇپ ئامالسىز يىغىدىن سالغان يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆيگە سولاپ بېقىپتۇ. ھېلىمۇ سېمونتنى يېمەيدىكەن. بولمىسا قانداق قىلاتتىكى؟

— بۇ قېچىر ئىشقىلىپ بىنورمال، — دېدى مەتكېرىم جاھىللىق بىلەن.

— ھېلىمۇ قېچىر ئىشكىنىمۇ غاجاپ يۈرۈپ بەك جاپا ساپتۇ، — دېدى ياسىن.

— قوشنىلىرىنىڭ دېيىشىچە ئىگىسى بۇ قېچىرنىڭ دەردىنى تازا تارتىپتۇ. ئۆيگە ئېزىپ تېزىپ كىرىپ قالغان قوڭغۇز، پاقىلارنىمۇ ھاپ دەپلا يۇتۇۋېتەرمىش.

— شۇ! بولمىسا قاراپ تۇرۇپ ھەقسىز ئىئانە قىلىمەن، چارۋىچىلىق ئىدارىسىدىكى رەھبەرلەر ئېلىپ كېتىپ تەتقىق قىلسۇن، دەمتى؟ — مەخمۇت ئەسنىگەچ، — شۇڭا دەيمەن خەقنى قىينىماي پولات چىۋىقتا راۋۇرۇس قوما ياساپ قېچىرنى ئۆزىمىز باقىمىز. بۇ دېگەن كىچىك ئىش ئەمەس. ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوندىن مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىمىز. بەلكىم بىزمۇ چەت ئەلنىڭ «جاھاندىكى ئىشلار» پىروگراممىسىدا چىقىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

— بۇنىڭغا بىر مۇنچە ئىقتىساد كېتىدۇ باشلىق،

— يەنە باھانە كۆرسەتتى مەتكېرىم.

— دۇنيادا بوغاز بولۇپ تۇغىدىغان قېچىردىن يەنە بىرسى يوق. دېمەك دۆلەت گۆھىرى مۇشۇكئېيىقتىنمۇ كەم ئۇچرايدۇ دېگەن گەپ. شۇڭا ھەقلىق كۆرگەزمە قىلىمىز. پۇل دېگەن شۇ!

— بىراق ئۇنىڭ قارنىدىكى نېمە؟ ھېچقايسىمىز بىلمەيمىزدە؟

— قانچە غەلىتە تۇغسا شۇنچە ياخشى، تېخىمۇ داڭقىمىز چىقىدۇ. ئادەم دېگەن پۇرسەتنى تۇتۇشنى بىلىشى كېرەك. ھازىر دېگەن قاڭشارلىقلار قاڭشىرىدىن، پاناقلار پاناقلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. چۈنكى قاڭشارلىق بولۇشمۇ، پاناق بولۇشمۇ ئالاھىدىلىك. نورمال بولۇپ قالمىسىلا بولغىنى!

مەتكېرىم يەنە ئاغزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، يەنە يالتايدى. ئۇ جىمىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ دەردى يېتىپ ئېشىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە نەدىن پەيدا بولدى بۇ قېچىر ۋەقەسى؟

يېزا يولى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ ياسىلىۋاتقاچقا يول بويىدا ۋاقىتلىق ياساپ قويۇلغان ھەم كاتاڭ ھەم خەتەرلىك يولدىن مېڭىشقا توغرا كېلىۋاتاتتى. توپىغا مىلىنىپ ئاپپاق بولۇپ كەتكەن سانتانا خۇددى سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن قولۋاقتەك بوز توپا ئۈستىدە لەيلەپ - لەيلەپ دېگۈدەك كېتىپ باراتتى. دېرىزىنى ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. پۇرقىراپ تۇرغان يۇمشاق توپىتىن ئالدۇرمايدۇ. دىمىق ئىسسىقتا ماشىنىنىڭ ئىچى خۇددى تونۇردەك بولۇپ كەتكەنىدى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جاققۇر - جۇققۇردا زادىلا ئۇخلىيالماي جىلە بولۇپ شوپۇرغا چېچىلىشقا باشلىدى.

— سولغا سولغا! ھېلى ئۆزىمىزنى ئۆستەڭدە كۆرىمىز. ھاي! نېمە قىلاي دەيسىلە ئاداش؟ ۋاي يۈرىكىم!

مەتكېرىمنىڭ ساقال باسقان يۈزلىرى ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ مۇشۇ كۈنلەردە. ئادەمنى ئىلەشتۇرۇپ نەددىكى ئەخمەقنىڭ ئىشنى قىلىپ يۈرۈيدۇ شۇ تاپتا! «ھەي قېچىر! قېچىر بولغاندىكىن ئىسمىڭغا يارىشا ئىش قىلساڭ بولماسمىدى؟ ئۆزۈڭگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ قىلدىڭ. كېيىن كۆرسەن تېخى! قايسى تەجرىبەخانىدا كىملەرنىڭ قولىدا ئەۋرىشكىگە ئايلىنىدىغىنىڭنى بىلمەيسەندە؟ قارا تېخى گېنېرالدەك گېدىيىپ، ئارغىماقتەك پۇشقۇرۇپ كېتىشلىرىڭنى؟ ئۆزۈڭچە جاھاندا ساڭا ھېچكىم تەڭ كەلمەيدۇ دەپ يۈرەمسەن؟ بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ چەت ئەللەردە ئەرلەرنىڭمۇ قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغقىنىنى سەن كۆرمىگەندە!جاھاندا بۇنداق ئىشلار كۆپ. ئالدىراپ كەتمە. بىلىشىڭ كېرەككى تەقدىرىڭنى سەن ئەمەس، ئەتراپىڭدىكى ئادەملەر بەلگىلەيدۇ. قاراپ تۇر،

باشباشتاقلىق قىلغىنىڭغا تويسىنغۇ ئاخىر... »
مەتكېرىم ئۆزىنى ماشىنا ئىچىدە ئەمەس، مانتا قازىنىنىڭ ئىچىدە يەنە كېلىپ يۇقىرى بېسىملىق قازانىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدى. ماتورنىڭ كۆچىنىپ كېتىشى، جالدۇق - جۇلدۇق جىقشلىرى بىر بولۇپ ئادەمنىڭ نېرۋىسىغا تېگەتتى. بۇ ئاۋاز خۇددى خوتۇنى سارە يۇقىرى بېسىملىق قازاندا توخۇ قورۇدىقى قىلغاندىكى ئاۋازدەك كىشىنى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى. مېڭەڭ چىڭقىلىپ پارتلاپ كەتكۈدەك بولدۇ. قازاننىڭ تېشىدا تۇرۇپ قازان ئىچىدە بېسىم ئىچىدە پىشۋاتقان توخۇدەك بېسىمدايسەن. تېخى بەزىدە يېمىسەم نېمە بوپتۇ مۇشۇ تاماقنى دەپ قالسەن. چۈنكى تىنچ ئولتۇرۇپ يېگەن بىر پارچە نانغىمۇ تويىدىغۇ بۇ قورساق! ئەمما سارەنىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلاپ ئاغزىڭدىن چىقىرالمايسەن، سەۋر قىلىپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. كۆڭۈل ئاۋايلىماي مۇمكىنمۇ؟ سارە ئۆزىنى دەپلا ھەممە نېمىسىدىن ۋاز كېچىپ بۇ يۇرتقا مۇساپىر بولۇپ كەلمىدىمۇ؟ سارە ئېرىشىشكە تېگىشلىك بارلىق مېھرى - مۇھەببەتنى مەتكېرىم ئامال بار تولۇقلاپ يەتكۈزۈشى لازىم. خەقنىڭ قىزىغا ئاسانمۇ؟ ئانىسى كۆرمىگەن، دادىسى كۆرمىگەن بۇ يۇرتتا مەتكېرىمنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ سەككىز - توققۇز يىلنى ئۆتكۈزۈپ بىر بالىغا ئانا بولماق راستلا تەس. خىزمىتىنىڭ جاپالىقلىقى تېخى! جاپالىق بولسىمۇ ئىشلىمەي نېمە ئامال؟ ھېلىمۇ ئۇدا تۆت يىل ئىمتىھان بېرىپ ئاران ئۆتكەن شۇ ئوقۇتقۇچىلىققا! ئەينى چاغدا ئۈچ يىل ئىشلەپ بەرسىلا يېقىنغا يۆتكەپ قويىدىغانغا ۋەدە بېرىپ ئەڭ چەت مەكتەپكە تەقسىم قىلغان ئىدى. قېنى شۇ ۋەدە بەرگەن باشلىق؟ ئۇ كېتىپ يەنە كىملەر كەلدى؟ مانا ھېلىغىچە گەپ يوق. ھەپتىدە بىر كېلىدۇ بىچارە! قايتىپ كەلگەندە ئېرىنىڭ ئاغزىغا تېتىغۇدەك تاماق قىلىمەن دەپ قىلمىغىنى قالمايدۇ. ھېلىمۇ بالا ئانچە - مۇنچە قولدىن چىققاندا ئاندىن ئورۇنلىشىپتىكەن بۇ خىزمەتكە. بولمىسا بوۋىقىنى كۆتۈرۈپ نەلەردە يۈرەر ئىدى؟

ماشىنا ئاخىرى شېغىل تۆكۈپ تۈزلەنگەن يولغا چۈشتى. گەرچە يەنىلا جالداقشىپ كېتىۋاتقان، چاق ئاستىدىن ئۇچۇپ چىقىپ بىريەرلەرگە ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان تاشلارنىڭ خەۋپى بولسىمۇ نېمىلا دېگەنبىلەن دېرىزىنى ئېچىشقا بولاتتى. يۇقىرى بېسىملىق قازاننىڭ ئوتى تارتىلىپ بېسىمى تۆۋەنلىگەندەك بولدى. ئىسسىق قۇرغاق شامال تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن كېيىملەرنى بىر دەمدىلا قۇرۇتۇۋېتىپ ئۆلگۈردى. مەتكېرىم يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كەڭ كەتكەن سايلىققا قاراپ يېنىك تىنىپ قويدى. غۇژمەك - غۇژمەك ئۆسكەن يانتاق، سۆكسۆكلەر تاقىر ساينى گۈللۈك رەختتەك بېزەپ تۇراتتى. ماشىنا ئىچىدىكى چەكلىك بوشلۇقتىن ماشىنا سىرتىدىكى چەكسىزلىككە قارىغاندا كىشىگە ئۆزگىچە راھەت بېغىشلايتتى. ئىشلار ھامان ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى مەتكېرىم. جاھاندا قىزىق ئىشلار جىق. بەزى قىزىق ئىشلارنى بىر خۇدا، بىر مەتكېرىم ئۆزى بىلىدۇ. بىر تۇرۇپ كۈلگۈسى كەلسە بىر تۇرۇپ يىغلىغۇسى كېلىدۇ. موھتاجلىق دېگەن شۇنداق يامان. تەمنى تېتىپ باقمىغان ئادەم ھەرگىز چۈشەنمەيدۇ.

بىر يەردە بىللە ياشايمىز دەپ شۇنچە يىراقتىن كەلگەن سارە يەنە مەتكېرىم بىلەن ئايرىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولدى. مەتكېرىم سارەنىڭ ئەقىدىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى ناھىيە ئىچىگە يۆتكەپ كېلىشكە بەل باغلىدى. ئاشۇ ئىش ئۇنىڭ ھېلىمۇ يۈرىكىنى غاجلايدۇ. بىر ئويلىسا كۈلگۈسى كېلىدۇ. باشلىقنىڭ ئۆيىگە تۇنجى قېتىم بارغاندىلا پېشكەلچىلىككە يولۇققىنىنى قارىمامدىغان؟ ئەمەلىيەتتىمۇ نادانلىق. شۇنچىۋالا يوغان نەرسىنى سۆرەپ يۈرگىچە كېيىنكى قېتىمدىكىدەك غاز كاۋىپى ئەچىقە بىر تۆمەننى سالسىلا بولماسمىدى؟ ھەرەمنىڭ خورمىسىمۇ تۆكمە بولۇپ كېتىۋاتقاندا ھىندىستانغا قارىمۇچ ئاپارغاندەك ياغاچ كۆتۈرۈپ بارغىنى قىزىق! ئۇ باشلىقنىڭ 6 - قەۋەتتىكى ئۆيىگە مىڭبىر جاپادا ئاران چىققاندا خالتىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ بىر دەمدىلا ياغاچلار بىنا ئىچىدە يۇگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، ۋابا تارىغاندەكلا تاراپ كەتتى. ھېلىمۇ يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى باركەن. بولمىسا تام - تورۇسلارمۇ ياغاچ بوپ كەتكەن بولسا قانداق قىلار ئىدى؟ پەلەمپەيگە ياغاچلار سۇدەك ئېقىپ بىرىنچى قەۋەتكىچە چۈشتى. شۇ چاغدا قانچىلىك قورققىنىنى ئۆزى بىلىدۇ. بىنادىن چىقىپ كەتكىچە بىرەرسىنىڭ كارىدوردا ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن خۇددى ئۆلۈمدىن قورققاندەك قورقتى. شۇ تاپتا بىر تال كۆمۈتىغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتەلىگەن بولسا ئىككىلەنمەي ئادەملىكنى بىر كۆمۈتا بولۇشقا تېگىشۋەتكەن بولاتتى. ئەمما مۇشۇنداق ياخشى سودىغىمۇ ئامال بولمىدى. ئۇ ئادەم ھالىتىدە نەچچە مىنۇت ياكى نەچچە ئەسر ئۆتكەنلىگە-

نى بىلمىگەن ھالەتتە بىنادىن چىقىۋالدى. ھېلىمۇ كارىد-
دوردا بىر كىمگە يولۇقۇپ قالمىدى. بولمىسا بىر دەم-
دىلا پۈتۈن يۇرتقا ھېسامدەكلا تونۇلۇپ كىتەر بولغىيت-
تى. ئۇ بۇ ئىشنى سارەگىمۇ تىنمىدى. ھەر قانچە بول-
سىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى پەسلەشتۈرىدىغان ئىشنى
قىلماسلىق كېرەكتە! ئۇ شۇنداق ئويلىدى. باشلىق ئې-
شىكى ئالدىدىكى ياغاقنى قانداق يىغىشتۇرغاندۇ؟ قوش-
نىلىرى ئاسماندىن پوشكال ياغقاندەك ئىشىكى ئالدىغا
غايىبتىن پەيدا بولغان ياغاقلارنى قانداق بىر تەرەپ
قىلغاندۇ؟ شۇنىسى ئېنىقكى باشلىق پەلەمپەيىنى ياغاققا
توشقۇزۇۋەتكەن بۇ بەغەرەزنى چۇقۇم غايىۋانە تىللى-
دى. بۇ دېگەن ئوبراز مەسلىسى تۇرسا! ئاشۇ باشلىقنى
ھەر كۆرگەندە ئۇنىڭ ۋىجدانى ئۆرتىنىدۇ. ئاشۇ ياغاق
تۆكۈۋەتكەن لەقۋانىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئېيتقۇسى كې-
لىدۇ، بىراق دېيەلمەيدۇ. شۇ چاغدا دادىسىنىڭ «خالتا
چۆرۈپ قالغاندەك تۇرىدۇ، ئالماشتۇرايلى» دېسە،
ئاغلىماي كۆتۈرۈپ كەتكەن گۇناھ ئۆزىدە. بۇنى كىم-
دىن كۆرەتتى؟ ھېلىمۇ دادىسىنىڭ گېپىنى ئاغلىماي تارت-
قان زىيىنى، روھي بەدەللىرى ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ھې-
لىلا بوشاپ قالغان نېرۋىسى يەنە يۇقىرى بېسىملىق
قازان ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك چىڭقىلىپ كەتتى. ئاشۇ
كۆل كۆز ئالدىغا كېلىپ يەنە غەم باستى. ئۇ يەنە نېمە
ئىشلارنىڭ بولىدىغىنىنى بىلمەيتتى...

ئۇ چوڭ بولغان مەھەللىدە بۇرۇندىنلا كىشلەر
سۇ ئىچىپ كېلىۋاتقان بىر نەچچە كۆل بار ئىدى. بۇنىڭ
بىرى دەل مەتكېرىملەرنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى غازكۆل
ئىدى. كۆل تەخمىنەن تۆت پۇڭ ئەتراپىدا كېلەتتى.
مەتكېرىم كىچىك چاغلىرىدا ياپېپىشىل سۇ چايقىلىپ تۇ-
رىدىغان كۆل بويىدا قۇمچاق تۇتۇپ ئويناپتتى. قوش-
نىسىنىڭ كۆلگە چۈشۈپ كەتكەن ئالمىسىنى ئۇزۇن
دەستىلىك چويلىسىدا سۈزۈپ يەيتتى. ئىشقىلىپ كۆل
بويىدا شۇ ئەتراپتىكى نۇرغۇن بالىلارنىڭ بالىلىق خاتى-
رىسى قالغان ئىدى. كېيىنچە ئائىلىلەرگە تۇرۇبا سۈيى
يەتكۈزۈلدى. كۆل سۈيى ئىچىش مەنئى قىلىندى. دې-
مىسىمۇ ياز كۈنلىرى قۇرتلاپ كۈز كۈنلىرى غازاڭلار
چىرىپ تۇرىدىغان كۆل سۈيى سۈپسۈزۈك تۇرۇبا سۈيى
ئالدىدا ئابرۇيىنى تۆكۈۋالدى. يەنە كېلىپ چېلەكلەردە
سۇ توشۇش ئەمگىكمۇ ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىسىدىن ئورۇن
ئالدى. يامان يېرى كۆلگە سۇ كىرىدىغان كىچىك ئې-
رىقمۇ تۈزلىنىپ رەڭلىك خىش بېسىلغان يولنىڭ ئاستىدا
قالدى. كۆل تاشلىنىپ، بىراقلا يۇندا ئەخلەت ئازگىلىغا
ئايلاندى. ئەخلەت تۆكىدىغان يېرى يوق، كەپتەرخانى-
دەك ئۆي ئۈستىگە ئۆي سېلىنغان مۇنداق كوچىلاردا
تەييار ئورەك بىكار قالامتى؟ مانا ئارىدىن ئىككى ـ
ئۈچ يىل ئۆتۈپلا كۆل ئەخلەت بىلەنلا تىنىپ قالاي دې-
دى. تەشكىل توسۇپمۇ باقتى. ئەمما كېچە ـ كۈندۈز
كۆلگە قارايدىغان ئادەم بولمىغاچ كەچلىكى كىشلەر
خۇددى پارتىزانلاردەك ھەرىكەتلىنىپ قىلىدىغىنىنى
قىلدى. كۆل ئەتراپىدىكى قېرى سۆگەت، ئالمىسى سۇغا
چۈلتوكلاپ چۈشىدىغان ھېلىقى شوخ ئالما دەرىخىمۇ
كۆزىمىز كۆرمىسۇن دېگەندەك قۇرۇپلا تۈگەشتى. كۆل
ئەتراپىدىكى ئىككى ئائىلىلىكنىڭ يەنە بىرى دەرۋازىسى-
نى يۆتكەپ ئارقا ھويلىسىغا ئىشىك ئاچتى. چۈنكى ياز-
نىڭ تومۇز كۈنلىرىدە گۆپۈلدەپ تۇرىدىغان سېسىقچى-
لىق، گاژىلداپ يۇرۇيدىغان بىزەڭ چىۋىن ھەممىنى
بەزدۈرگەن ئىدى. شۇنداق كۈنلەردە مەتكېرىمنىڭ يەر
باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى دوستى ئۈچۈر يەتكۈزدى.
كۆل سېتىلماقچى ئىدى. مۇھىتنى قوغداش ئۈچۈن خالتا
كوچا ئىچىدىكى بۇ كۆلنى بىرەر شەخس ئۆز ئىلكىگە
ئالغاندىلا ئاندىن بۇ ئەخلەتخانىنى يوقاتقىلى بولاتتى.
مەتكېرىم دەرھال بۇ خەۋەرنى دادىسىغا يەتكۈزدى.
ئويلىمىغاندا بوۋاي ئىككىلەنمەيلا رەت قىلدى.

ــ بالام قولىمىزدىن كەلگەن بولسىغۇ بۇ كۆلنى
قوغداپ سۇ قۇيۇپ ساقلاپ قالار ئىدۇق. شۇغىنىسى
بۇنىڭغا ئامال قالمىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئاتا ـ بو-
ۋىلىرىمىز سۈيىنى ئىچكەن، بىر تالاي ئادەملەرنى باق-
قان كۆل بۇ. شۇڭا بىرەر ئاق كۆڭۈل كىشى سېتىۋېلىپ
ئىگىدارچىلىق قىلسۇن. بىز بولدى قىلىلى غوجام بالام.

ــ ما دادامنىڭ گېپىنى! كۆلگە سۇ باشلىغۇڭىز
بارمىدى تېخى؟ ناۋادا بىرەر كىچىك بالا ياكى بىرەر
مەست سۇغا چۈشۈپ بىر نېمە بوپ قالسا كۆلنىڭ ئىگى-
سى جاۋابكار بولىدىغان گەپ. بۇنداق ئاۋارىچىلىك
تارتقۇچە تۈزلەپ يەر قىلغان تۈزۈك. باشقا ئادەم بول-
سىمۇبۇ يەرنى تۈزلەپ ئۆي سالىدۇ. نەدىمۇ بىكارغا
تاشلاپ قويىدىغان ئىش بار؟

ــ سۇ بولسا يازدا سالقىن بولغانىنىڭ ئۈستىگە قا-
رىغان ئادەمنىڭمۇ جېنى يايراپ قالاتتى بالام، جان ـ
جانىۋارلار سۇ ئىچەتتى. قىشلىرى بالىلار چانا ئېتىپ يۈرد-
شىپ ئويناپتتى، ئەمدى شۇمۇ ئىش بولدىمۇ؟ كۆلنى
تۈزلەشكە كىمنىڭ قولى بارىدۇ دەيسىز بالام؟

— ھېلىمۇ تۈزلىنىپ قالدى بۇكۆل. ئۆزىمىز تۈزلەيمىز. ئىشىكىمىز ئالدىدىكى زېمىننى خەقكە بېرىپ قويمايلى دادا. ناچار قوشنىغا ئۇچراپ قالساق ما ئۆينى ئىتتىرىپ ئەكەتكىلى بولماس، ئۆزۈملا ئۆي سالاي دادا!

— ياق بالام، كۆلگە ئۆي سالسا يامان بولىدۇ، ھەرگىز بۇنداق خىيالدا بولماڭ بالام.

— نېمىسى يامان بولىدۇ؟ قانۇنلۇق كىنىشكە بېجىرىپ پۇلغا ئالىمىز بۇ كۆلنى، زېمىن ھۆكۈمەتنىڭ. كىمگە ساتسا يەر شۇنىڭ بولىدۇ. نېمە قىلسا ئىختىيارى. قانۇن يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ.

— ياق بالام، شۇنداقتىمۇ بولمايدۇ.

— قاراپ تۇرۇڭ دادا. كۆلنى تۈزلەپ چىقىداپ بىرلا تۈزلىسەم ئوبدانلا زېمىن بولىدۇ. يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق. بىر پۇت پاتقۇدەك زېمىنمۇ زېمىن. كۆل بولسىمۇ زېمىن. بۇ كۆلنىمۇ ئاق يەرنى كولاپ كۆل قىلغان بولغىيدى؟ ئەمدى ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرغاننىڭ نېمە يامىنى بار؟

مەتكېرىم بوۋايغا زادى گەپ بەرمەي ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلدى. ئاخىرى يەرنى سېتىۋالدى. بۇنى نۇرغۇن ئادەملەر بايقاپ ئۈلگۈرمىگەچكە ھېچكىم پىكىر قىلمىدى. تۆلىگەن پۇل مەتكېرىمنىڭ يىغقانلىرىنى غالتەككە چىقىرىپ قويغاچقا مەتكېرىم تام چۆرۈپ، كۆلنى تىندۇرغۇدەك پۇلغا سىقىنىپ يەنە بىر يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئەخلەت ئورنى يەنە كۆتۈرۈلدى. يازدىكى سېسىقچىلىق ئاخىرى ئىش باشلاشقا تۈرتكە بولدى. مەتكېرىم دادىسىنىڭ ئازغىنە پېنسىيە مائاشىدىن يىغقان پۇللىرىنى ئىشلىتىپ مىڭ مۇشەققەتتە كۆلنى تۈزلىدى. خالتا كوچىغا توپا يۆتكەش ئەپسىز بولغاچقا مۆلچەردىن بىر ھەسسە ئارتۇق پۇل خەجلىنىپ ئاندىن كۆل يۈزى تۈزلەندى. خاپىلىق مۇشۇنىڭ بىلەن باشلاندى. بىر پارچە لوق گۆشتەك كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان بۇ يەر ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى، قىستا - قىستاڭ ئەگرى - بۈگرى كوچىلار ئارىسىدا مۇنچىلىك ئاق يەرنى كۆرمىگەنگە خېلى بولغان كىشىلەر لەۋلىرىنى چىشلەپ قالدى. مۇشۇنداق ئالتۇندەك يەرگە مەتكېرىملەرنىڭ ئاسانلا ئىگە بولۇۋالغىنىنى قارىمامدىغان؟ جامائەت پىكرى كۆل سۈيىدەك دەۋرەپ كەتتى.

— توۋا پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا بۇنچە يەرنى قانداق قىلار بۇ بوۋاي، ھەجەپمۇ تويماستە بىز؟

— بۇ كۆلنى تۈزلەشكە قانداق قولى بارغاندۇ؟

— بۇ دېگەن ئاتا - بوۋىلىرىمىز قازغان كۆل، ئەرز قىلىشىمىز كېرەك. ھەممىمىزنىڭ ھەققى بار بۇ يەردە!

— سىلەرگە نېمە قويۇپتۇ ئەرز قىلىشنى؟ مەنچۇ مەن؟ ئۆيۈم مانا كۆلنىڭ يېنىدا. بۇ دادام كولىغان كۆل. بىزنىڭ كۆل. مانا مۇنۇ سۆگەتلەرنى دادام تىككەن. مەن بۇنداق ئاھانەتكە قانداق چىدايمەن. دادامنىڭ روھىغا قانداق يۈز كېلىمەن؟ ھېچبولمىسا يېرىمى سىلەرگە قالسۇن دەپمۇ قويماي ئىگىلىۋاپتا ماۋۇ پوق ساقال، — دەرۋازىسىنى يۆتكەپ كەتكەن بەڭگى قوشنىسى غەزەپتىن تىترەيتتى، — قېنى بىر خىش قويۇپ بېقىشە قېنى! قارىنىڭنى چۇۋۇيمەن!

سېتىلىپ بولغان كونا ئۆيدىن تىللا چىقىپ ساتقۇچىنىڭ ئىچى ئاچچىق بولغاندەك كۆل ئورنىدا پەيدا بولغان ئاق يەر ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتىپ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى، بىرلىرى نېمىشقا نەچچە ۋاقتىن بېرى بۇ يەرگە ئەخلەت تۆكۈپ كۆلنىڭ بالدۇرراق تىنىپ تۈزلىنىشىگە، سېتىلىشىغا بىلىپ - بىلمەي ھەسسە قوشۇپ سالغىنىغا ئۆكۈندى. ھەي! قىستاپراق سالسا ئىككى يۈرۈش سالغىلى بولاتتىكەن. شۇنداق قىلىپ ئاۋارىچىلىك باشلاندى، قوشنىلار ئارا سوغۇقچىلىق چۈشتى. بولۇپمۇ ئىشىكىنى يۆتكەپ كەتكەن يان قوشنا يىڭنە يۇتىۋالغاندەك ئارامسىزلىنىپ گاھىدا ۋاقىراپ گاھىدا چىرايلىق گەپ قىلىپ بۇ بىر پارچە يەردە ئۆزىنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى. ئۇ ھەمىشە مەتكېرىم ئۆيدە يوق چاغلاردا جېدەل چىقىرىپ خاپا سالاتتى.

— ۋۇي ئىنسابسىز پوق ساقال، چىقە ئۆيدىن؟ ئەلەمەلە ئالدىدا دېيىشمىز، دادام كولىغان كۆل بۇ، مانا دادام سالغان سۆگەتلەرنىڭ كۆتىكى گۇۋاھ! تۈزلەشكە قانداق قولۇڭ باردى؟ بىرەر ئېغىز چىرايلىق گېپىڭمۇ يوق يېرىمنى ئىگىلىۋالامسەن؟ ساتقان بولسا ھۆكۈمەت سېتىپتۇ، مەن ساتمايمەن.

مۇشۇنداق ئورۇنسىز ئىزا - ئاھانەتكە قالغان بوۋاي تۈگىشىپلا كەتتى، ئۆلۈكنى ئارتىشقا تەييارلا تۇرىدىغان بۇ بەڭگى قوشنىسىنىڭ يەنە قانداق ئويۇن ئوينايدىغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

— ھە مەتكېرىم، قېچىرىم ئالتۇن توشقان تۇغسا قانداق قىلارمەن دەپ غەمدە قالدىڭلارمۇ نېمە؟ ئەتىدىن بېرى زۇۋانىڭلار تۇتۇلۇپ قالدى. ھەر ئىش بول-

سا تەڭ كۆرەرمىز. بولدى غەم قىلماڭلار، ـــ مەتكېرىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ خۇمار بولۇپ كەتكەن ياسىن مەتكېرىمنى نوقۇدى.

ـــ تۈزۈك گەپ قىلڭلار هاي، بۇ قېچىرنى بىر خاپىلىق تېپىپ بېرەمدىكىنلا دەيمەن، توشقان تۇغامدۇ چاشقانمۇ ئۇ بىر مەسىلە. شۇغىنىسى قېچىرنىڭ بوغاز ياكى ئەمەسلىكى ئېنىق ئەمەس. ئىشقىلىپ مەن هۆددە قىلالمايمەن.

ـ ئەمىسە قورسىقىدىكى نىمە؟ ـــ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئەسنەپ ئولتۇرۇپ سورىدى، ـــ ئوغۇلبالا دېگەن تەگمىگەن تاياققا ۋاي بېشىم دىسە هېچ ئىشنى بىر باشقا ئەپچىقالمايدۇ. ئاۋال تەييارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەڭلار. قالغىنىغا مەن بار. مۇشۇ باهانىدە ئىدارىمىزنى تازا بىر تونۇتۇپ قويىلى، شۇغىنىسى بۇ تەلۋە قېچىرنى ئىدارىغا قانداق يۆتكەپ كېلىش مەسىلىسى چاتاق، ئالدىغا كەلگەننى چىشلەپ، كەينىگە كەلگەننى تېپىپ يېنىغا ئادەم يولاتمايدىكەن نەس باسقۇر!

ـــ ناۋاتقا بەك ئامراقمىشقۇ؟ بىر خالتىغا ناۋات سېلىپ بېشىغا كيدۈرۈپلا ئەچىقارمىز، كورسۇلدىتىپ يېگەچ ماشىنىغا قانداق چىققىنىنىمۇ بىلمەيدۇ جانىۋار، ـــ دېدى شوپۇر ئۆز ئەقلىدىن قاتتىق مەمنۇن بولغان هالدا.

ـــ بۇمۇ بولىدىغان گەپ، ئاۋۋال ئىشخانىغا بېرىپ پىلاننى تۈزۈپ تەستىقلىتايلى!

مەتكېرىم ئىشتىن چۈشۈپ خۇددى روهى چىقىپ كەتكەندەك سالپايغىنىچە بالىسىنى يەسلىدىن ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. بالا بوۋىسىغا ئېسىلىپ ئەركىلەشكە باشلىدى. بوۋاي بالىنى ئويناتقاچ مەتكېرىمگە سوئال قويدى.

ـــ سارەمنىڭ ئىشنى بىر سۆيلەپ قويساق بولاتتى، بۇ بالا ئانىسىغا قانالماي ئىچىمنى ئاغرىتىپ بۇيۇن قىسىپ قالدى. ئانىسى كۈندە يېنىدا بولسىدى تايلاقتەك سەكرەپ جىنى ئىچىگە سىغمايتتى. زادى قاچان ئېنىق بىر گەپ بولار؟

ـــ يازلىق تەتىلگە ئازلا قالدى. ئېنىق جاۋاب شۇ. تەتىلدە چۇقۇم يۆتكەپ بېرىدىغان بولدى.

ـــ هەر هالدا دەيمنا ئەمدى، كېچە ئۇزۇن بولسا چۈش كۆپ بولىدۇ. پۇتاق چىقىپ قالمىسلا مەيلىدى ـ هە، راست بالام بىر ئامال قىلىپ كۆلنىڭ ئەتراپىنى خىشتا قوپۇرۇۋەتەيلى. ماتۇرىقى بۇيەر كۆڭۈلنى ئارام قىلمايدىغان چېغى!

ـــ نىمە؟ ماۋۇ بەڭگى يەنە دىلىڭىزنى ئاغرىتقان ئوخشىمامدۇ؟ ئەمدى يول قويمايمەن. قېنى دەڭا! يەنە نىمىش بولدى؟

ـــ ياق بالام. ئەلە ـ مەلىدىن بولۇپ بىر قانچەيلەن ئۆيگە كىرىپتىكەن. هەممىسى بەڭگى بىلەن تەڭ بولمايلى، ئازراق يەر بولۇپ بېرىپ رازى قىلساق، نېمىلا دېمىگەن بىلەن خۇدا قوشقان قوشنىلار، ـــ دېيىشتى. مەنمۇ ماقۇل بولدۇم.

ـــ دادا ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئەسكىدىن قورقىدىغان جاهان ئەمەس، بىز بىكارغىلا ئۆزىمىز قانۇنلۇق پۇلغا سېتىۋالغان يەرنى خەققە بۆلۈپ بېرەمدۇق. يامان بولسا ئەرز قىلسۇن؟ خاس تىندۇرۇشقىلا يىگىرمە نەچچە مىڭ كوي پۇلۇم كەتتى. نەچچە يىل يىغقان ـ تۆگكىنىمنى هەممىنى مۇشۇ كۆلگە تاشلاپ بولدۇم. شۇنچە جاپا تارتىپ ئاخىرىدا يەنە خەققە بۆلۈپ بېرەمدىم؟ نەدە ئۇنداق ئىش بار؟ بىزنىمۇ قوغدايدىغان قانۇن بار، بىر غېرىچمۇ يەر بېرىشكە بولمايدۇ. مۇمكىن ئەمەس.

ـــ بالام، شۇنچە يىلدىن بېرى قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇپ ئەمدىلىكتە سەتلىشىپ يۈرسەك يامان سەت بولىدىكەن. هەر كۈنى ئەسسالام دەپ قارىشىدىغان، قازايى قەدەر يەتكەندە بىر ـ بىرىمىزنى كۆمدىغان بىر جامائەت تۇرۇپ مۇنداق قىلىشىپ كەتسەك ئابدان بولماس. يەنە كېلىپ مۇنداق زېمىن دەۋاسى دېگەن بالاڭدىن بالاڭغا قالىدىغان ئىش. ئەتىگىچە بېچارە نەۋرەم تويمىسۇن، كۈندە جېدەل قىلىپ؟ بولدى، بىز يول قويىلى. جاننى بەرمىگەندىن كېيىن نىمە قوغۇلۇق؟ ناهايىتى نەچچە غېرىچ يەرنىڭ ئىشىغۇ؟

ـــ شۇ نەچچە غېرىچ يەر يىگىرمە ئوتتۇز كىۋادىرات مېتىر كېلىدۇ. بازار باهاسىدىلا مانچە پۇل دېگەن گەپ!

ـــ شۇنداق بولسا نىمە بولاپتۇ؟ ئادەمنىڭ تىرىككە بىر ئېغىز، ئۆلۈككە بىر قەدەممۇ كەتمەيدىغان گۆر كېرەك. جاننى بەرمىگەندىكىن مەيلى دەيلى. مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بالىلارغا ئۆچمەنلىك قالسا بۇنى يۇيۇۋەتكىلى بولمايدۇ بالام. ماقۇل دەڭ.

ـــ توۋا! زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ، دىسە ئىشەنمەيتىكەنمەن، مۇشۇ زامانىدىمۇ قاراپ تۇرۇپ بوزەك بولىدىغان ئىشمۇ؟ ئىشقىلىپ مېنىڭ كاللامدىن

ئۆتمەيدۇ.

— مەن جامائەت ئالدىدا لەۋزى قىپ بولدۇم. ئەمدى يېنىۋالسام ئاق ساقىلىمغا سەت بولار بالام. سەۋر قىلىڭ بالام! ئاشۇ بىر پارچە يەرگە خاتىرجەملىك تېگىشكەن بولىلى. بۇنىڭ ھەيران بولغۇدەك يېرى يوق.

بوۋاي نەۋرىسى بىلەن يېتىلىشىپ دوقمۇشتىكى ئۇششاق - چۈشەك ساتىدىغان دۇكانغا قاراپ ماڭدى. مەتكېرىمنىڭ گەپلىرى بوغۇزىدىلا قالدى. ئۇ سارەسىز كۆزىگە تولىمۇ سوغۇق كۆرۈنىدىغان ئۆيگە كىرىپ تاماكا تۇتاشتۇردى.

شۇنداق! زوراۋانلىقنىڭ مەقستى ئاقىۋەت يەنىلا مەنپەئەتكە باغلانغان بولىدۇ. ئاشۇ مەقسەت - مۇددىئا قانائەتلەندۈرۈلسە زوراۋانلىقمۇ ۋاقىتلىق ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ. بوۋاينىڭ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەن كاللىسى بىكارغىلا مۇنداق قارارنى چىقارمىغاندۇ. ھېچنېمىسى يوق چاغدا بىر ئوبدان قوشنىلاردىن ئىدى. مانا مۇشۇ يەرنى سېتىۋېلىش تۈپەيلى مەتكېرىم ئائىلىسى خۇددى باشقىلارنىڭ دۈمبىقىنى ئوغرىلاپ چېلىپ ئاشكارىلىنىپ قالغان ئادەمدەك ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالدى. يەنە كېلىپ ئەل - جامائەت زورلۇق قىلغان تەرەپكە يان باستى. نېمە ئۈچۈن؟ ئەجەبا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كىم تەتۈرلۈك قىلسا شۇنىڭ گېپى راستمۇ؟

كۈنلەر ئېقىن سۇدەك ئۆتتى. يېقىندىن بېرى مەتكېرىم كېچە يۇ كۈندۈز قېچىر بىلەن ھەپىلىشىپ ئائىلىسىگە قايتالمايدىغان ھالغا كەلدى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قەدەمدە بىر ئۇنىڭ قۇلىقىنى چىڭىتىپ تولغايتتى. قارىماققا قېچىرنىڭ بۈگۈن - ئەتىلىكى قالغاندەكلا قىلاتتى. زىيادە يوغان قورسىقىغا ماس بولمىغان تەلۋىلىكى قەدەمدە بىر ئاۋارىچىلىك كەلتۈرەتتى. خۇيىنىڭ ئەسكىلىكىنى دېمەيلا قۇيۇڭ. تىرىككەندە ھەتتا پولات چىۋىقنىمۇ غاجىلاپ، ئۈسسۈپ باش - كۆزىنى قان قىلىۋاتاتتى . كۆتۈلمىگەندە ئۆلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن مەتكېرىم بىر مەزگىل چىشىنى چىشلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. قېچىر قېچىر ئەمەس يالماۋۇزنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ يەپ تويماسلىقى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى. ئۇنىڭ قاچان تۇغىدىغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا تېخى ئامال يوق ئىدى. ئۇنىڭغا كېتىدىغان ئوت - سامانىنى توشۇپ كېلىپ ئۆلگۈرتۈشمۇ بىر گەپ ئىدى. ئىدارە باشلىقى ئېيتقاندەك تۇغىدىغان قېچىرنى پۇل تۆلەپ كۆرىدىغانغا ئادەم چىقمىدى، قارىغاندا ئادەملەر مايمۇن ئادەم تۇغسىمۇ ھەيران قالمايدىغاندەك قىلاتتى. ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىدىن ئىككى قېتىم، ئاپتونوم رايوندىن خىزمەت سەۋەبىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر بىر قېتىم كېلىپ كۆرۈپ قويغاندىن باشقا ھېچكىم بۇ ساراڭ قېچىرغا قىزىقمىدى. ئۇ تۇغامدۇ - تۇغمامدۇ خەق بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ ھازىر كىشىلەر ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھەر قانداق ئىشقا قىزىقمايدۇ. بار خاپىلىق مەتكېرىمگە بولدى. ھېلى تۇغار، ئەمدى تۇغار دەپمۇ ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ قېچىر زادى قاچان، نېمە تۇغىدۇ؟ قارىغاندا قېچىرنىڭ كەينىگە قاراپ ئولتۇرماقتىن ئۆزگە ئىلاج يوقتەك قىلاتتى.

ۋاقىت شۇنداق توغرىلانغانمۇ مەتكېرىمنى ئەنسىرەتكەن شۇ كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. قېچىرنىڭ تۆمۈر ئېغىلى ئىچىدىكى سۇ چېلەككە يىراقتا تۇرۇپ ناسوستا سۇ قۇيۇۋاتاتتى. ئىچىدىكى سۇنىڭ لىپپ سىپسىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ مەتكېرىم يۇقۇملىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۆمۈر ئىشكىنى ئېچىپ چېلەكنى ئالغىلىۋاتقاندا قېچىرنىڭ قاتتىق تېپكى زەربىسىدىن كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى. ھېلىمۇ قالغان بىرەيلەننىڭ قولىدا گۆرجەك بولغىنى! بولمىسا ھەممەيلەننى دەسسەپ خېمىر قىلامدىكىن؟ ئۇ خۇددى غالجىر ئىتتەك تاراقشىپ يۈگۈرگىنىچە سىرتقا چاپتى. توسۇۋېلىشقا ئامال بولمىدى، بىر بىلىكى سۇنغان مەتكېرىم ئىنجىقلاپ تۇرۇپ 110 غا تېلېفون قىلدى. شۇنداق قىلماي نېمە ئامال؟ ھازىر دەل ئىشقا چۈشىدىغان چاغ، بالىلار مەكتەپلەرگە مېڭىشىۋاتىدۇ. ناۋادا بىرەر ئىش چىقىپ قالسا مەسئۇلىيىتىدىن چىقىپ بولغىلى بولامدۇ؟ بىر ئىش چىقماسلىقى تېخىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. مەتكېرىمنىڭ كاللىسى چاراسلاپ كەتكىلىۋاتاتتى. ھېلىمۇ ئامانلىق قوغداش ئىشلىرى بويىچە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى ۋاقتىدا ئەسقاتتى. كېلىشىپ قويغاندەك چارلاش ساقچى موتوسىكلىت ئەترىدى مۇشۇ ئەتراپتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار دەرھال سىگنال بەرگەچ قېچىرنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ بولۇپ مېڭىپ قېچىرنى ئارىغا ئالدى. يولدىكى ئادەملەر تارقاقلاشتۇرۇلدى. گەرچە قېچىر ئىككى تەرىپىدىكى موتوسىكلىتلىقلاردىن ئۈركۈپ چاتاق چىقىرالمىغان بولسىمۇ كېلەڭسىز قورسىقىنىڭ ھېلىلا ئې-

تىلىپ كېتىشىدىن بىخەۋەر سۈرئىتىنى ئاستىلىتاي دېمەي پاكار دۆك كەنتى تەرەپكە قاراپ چاپماقتا ئىدى.

مەتكېرىم قولىنى تاڭدۇرۇۋېتىپمۇ يەنە بىر قولىدا ئىدارە باشلىقىغا تېلېفون ئۇرۇپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەكتە ئىدى. ساراڭ قېچىر يەنە قانداق ئاپەت سالىدۇ؟ بۇنىسى"قاراڭغۇ بولغاچ مەتكېرىم جىددىيلىشىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەيلا قالدى. باشلىق بىر ھازا مەتكېرىمنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قايىنىغاندىن كېيىن گەپنىڭ ئۆزىگە كەلدى.

— ئەمدى ئۇ ساراڭ قېچىرنى تۇتۇشتىن ئۈمىد يوق. غالجىر كېسىلىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئېتىۋېتىش لازىم. كۆيدۈرۈپ كۆلىنى چوڭقۇر يەرگە كۆمۈش لازىم. يۇقىرى بىلەن ئۆزۈم ئالاقىلىشىمەن.

ئۇنىڭسىزمۇ بۇ يەپ تويمىغۇرنى ئىدارىغا يۆتكەپ كېلىپ كۆرگەزمە قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىغا مەخمۇت بۇرۇن - قۇلاقچە تويغانىدى. بۇ ئىشنى قانداق يىغىشتۇرۇشنى بىلمەي تۇرغاندا بۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولغىنى! بۇنىڭدىن ئوبدان پۇرسەت بارمۇ؟

قېچىر پاكار دۆك يېزىسى بىلەن ناھىيە بازىرى ئارىسىدىكى سايلىقتا كەلگەندە ئېتىپ تاشلاندى. ئۇ خۇددى توپتەك يۇملاپ توختىدى. ئۇنىڭ كېلەڭسىز قورسىقىدا تۆت پۇتى تۆت دانە قومۇشتەك تولىمۇ ئىنچىكە كۆرۈنەتتى. مەتكېرىم دوختۇرنىڭ تۇتۇۋېلىشىغا قارىماي ياسىن بىلەن نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار خۇددى «قارا قۇياش 731» فىلىمىدىكى ياپون ئالۋاستىلىرىدەك سۆرلۈك يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش كىيىمى كىيىۋالغانىدى. مەتكېرىمنىڭ كىيىمىنىڭ بىر بىلىكى شامالدا پۇلاڭلاپ كىنودىكى بىلىكى كېسىۋېتىلگەن بىرسىنى ئەسكە سالاتتى. كىرسىن چېچىپ كۆيدۈرۈشتىن بۇرۇن مەتكېرىم ئۇنى ئاناتومىيە قىلىپ تەكشۈرۈپ قورسىقىدا زادى نېمە بارلىقىنى كۆرمىسە ئارماندا قالاتتى. شۇڭا زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان قولىمۇ ئۇنى بۇ يەرگە كېلىشتىن توسۇپ قالالمىغانىدى. ئىككىيلەن تېزلا قورساقنى ياردى. ئىككىلىسىلا ياندۇرۇۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ قانداقتۇر بوغازلىق ئەمەس بەلكى ھەددىدىن زىيادە يوغىناپ كەتكەن يىلاندەك چىرمىشىپ كەتكەن پارازىت قۇرتلار ئىدى...

جاھاننىڭ ئىشلىرى قىزىق، مەتكېرىم مۇشۇ بالايىئاپەت بىلەن ئالدىراش يۈرگەن بۇ كۈندە سارەگە خىزىر يولۇقتى. بۇنى شۇنداق دېمەي قانداق دېگۈلۈك؟ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەتۈر كېلىۋەرمەيدىكەن. ئىشكى ئېتىلىپ قالسىمۇ دېرىزىسىنى ئوچۇق قويىدىكەن. سارەمنى دار ئۈستىدە ماڭسەن دېگەندەك تەتۈر قىيناپ مەكتەپنىڭ ئۇنىڭغا تۆمۈر سالاسۇنلۇق چوڭ دەرۋازىنى سىرلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇشى ئۇنىڭغا ئامەت ئېلىپ كەلدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ سىرلاش تېخنىكىسىنىڭ ناچارلىقى، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سىرنى ياخشى تاللىماي دەرۋازىنى ئۈچ خىل رەڭدە سىرلىتىشى بۇ ياخشىلىقنى چىللاپ كەلدى. ئاسماندىكى بەخت قۇشنى «گاھ، گاھ» دەپ ئۇنىڭ بېشىغا قوندۇرۇپ بەردى... مەكتەپ ۋىلايەتلىك مائارىپ كۆرىكىگە تەييارلىق قىلىش يۈزىسىدىن تېخى بۇلتۇرلا سىرلىسىمۇ بىر دەمدە ئۆڭۈپ تاتىرىپ كەتكەن تام - تورۇس، ئىشىك - دېرىزە ، ئۈستەل - ئورۇندۇقلارنى قايتا سىرلاشنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. دېمىسىمۇ بارلىق مەكتەپلەر ئېرىقلىرىنى ساماندا سۇۋاپ، ئالقانچىلىك تامنىمۇ بىكار قويماي زىنىنەتلەپ «ئۆزگىچە ھويلا - ئاران مەدەنىيىتى»نى بەرپا قىلغان ئىدى. سارە بۇ يىل سىنىپ تۇتمىغاچقا سىنىپقا تەقسىم قىلىنماي دەرۋازىنى سىرلاشقا بۆلۈندى. كۇچالىق قىزلارغۇ تام ئاقلاشقا شۇنداق ئۇستا! قېرىشقاندەك ئۇ سىرلامچىلىققا بەلگىلىنىپ قالدى. مەيلى! ئادەم دېگەن ھەممىنى قىپ باققۇلۇق! دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىگە تەسەللى قىلىپ! دەسلەپىدە ماشىرەڭ ئەڭ ئېسىل تۇرىدۇ، دەپ ماشىرەڭ سىر ئەكېلىپ بەردى. بىر قانات ئىشىك سىرلىنىپ بولۇشىغا بۇ كۆپچىلىككە ياقمىدى.

— ھەربىي لاگېردەكلا تۇرىدىغۇ بۇ! بولمىغۇدەك! باشقا رەڭدە سىرلايلى.

— قانداق رەڭ مۇۋاپىق كېلەر؟

— رەڭلەرنىڭ ئەڭ يامىنى قارا، ئېسىل! قارا ئۇلۇغلۇقنىڭ، بۈيۈكلۈكنىڭ بەلگىسى. شۇڭا قاراخان، دەپ ئىسىملار قويۇلغان. قارا سىرلىسۇن.

— بۇ راست، قارا ھەممە رەڭنى باسىدۇ ئەمەسمۇ؟

يەنە بىر قانات دەرۋازا قارا سىرلاندى. ئەپسۇس بۇمۇ كۆپچىلىككە ياقمىدى. ئۇلار خېلى تالاش - تارتىش قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى پىكىر بىرلىكىگە كەلدى.

سارە ئەمدى بايىقى ماشىرەڭ، قارا سىرلار ئۈستىدىن كۆمۈشرەڭدە سىرلاشقا چۈشتى. بويى يەتكەن

يەرلەرنى ئەمدىلا سىرلاپ بولىۋىدى، خىزىر يېتىپ كەلدى.

ئەمدى گەپنى بۇ خىزىردىن ئاڭلاشقا توغرا كېلىدۇ. قامەتلىك، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، كۆز-لىرى يوغان، پىشقان ئەرلەرگە خاس سالاپىتى ھوللى-ۋودىنىڭ قايسىبىر ئەر چولپىنىغا ئوخشايدىغان بۇ مېھرى ئىسسىق كىشى دەل ناھىيەنىڭ ھاكىمى ئىدى. ئۇ خىز-مەت تەكشۈرۈپ كېلىۋېتىپ قايتار يولىدا ئاستى كۆ-مۈشرەڭ، ئۈستى تەرىپى ئىككى خىل رەڭدە سىرلانغان دەرۋازىنى يىراقتىنلا كۆرۈپ ھەيران قالدى . ئۇنىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك كۆزلىرى مەكتەپ دەرۋازىسىغا تى-كىلدى. ھاكىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شوپۇر ماشىنىنى مەكتەپ تەرەپكە بۇرىدى.

— بۇ نېمە ئىش شاڭجاڭ؟ — سورىدى، ئۇ ئۆ-زىگە ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتقان يېزا باشلىقىدىن.

ھاكىمنىڭ گېپىنى يېزا باشلىقى تەكرارلاپلا مەكتەپ مۇدىرىدىن سورىدى.

— ئۆگۈنلۈككە ۋىلايەتنىڭ مائارىپ كۆرىكى بار ئەمەسمۇ. شۇڭا سىرلاپ يېڭىلايلى دېگەن، — مۇدىر-نىڭ ئاپئاپتەك كۆلۈمسىرىگەن يۈزلىرى چېبەرقۇتتەك قورۇق بولۇپ كەتتى.

— بۇ رەڭلەرنىڭ زادى قايسىسى راست؟ — يېزا باشلىقى مەكتەپ مۇدىرىغا ئالىيىپ قارىدى.

دەرۋازىنى سىرلاپ تۇرغان سارە مەكتەپ مۇدى-رىغا بۇلۇشۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ چاقچاق قىلدى.

— ئۆزلىرى تاللاپ بەرسىلە؟ قايسىسى بولغۇ-دەك؟ مەنغۇ كۆمۈشرەڭدە سىرلىۋەتەي دەپ تۇرىمەن.

سارەنىڭ روشەن كۈچا تەلەپپۇزىدىكى گېپى خى-زىرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— خانىم، مۇشۇ كۆمۈشرەڭ بولغۇدەك سىرلاۋ-رىڭ، سىز بۇ يەرلىك ئەمەسكەنسىز - دە؟

— ئۆزى كۈچادىن، يولدىشى چارۋىچىلىق ئىدا-رىسىدا ئىشلەيدۇ. بىزنىڭ مەكتەپتىكى يارامىلىق ئوقۇت-قۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى، — مەكتەپ مۇدىرى جاۋاب بەردى.

— بۇ بولماپتىغۇ؟ شۇنچە يىراقتىن بىزنىڭ ناھى-يەگە كېلىن بولۇپ كەلسە بۇ يەرگە ئاچىقىپ قويۇپتۇ-قۇ؟ نەچچە يىل بولدى بۇ مەكتەپتە ئىشلەۋاتقىلى؟

— تۆت يىل بولدى، مۇشۇنداق ھېلىغىچە سىر-چىلىقنى ئۆگىنىپ بولالماي ئۆلتۈرىمىز شۇ! — سارە ساددىلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— ئوبدان سىرلاپسىزغۇ مانا! ياخشى ئىشلەڭ - ھە! — ھاكىم يېزا باشلىقى بىلەن كېتىپ قالدى. ئۇ ماشىنىسىدا كېتىۋېتىپ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا تېلېفون قىلدى.

— جۇجاڭ، كۈچادىن بىزنىڭ ناھىيەگە توي قىلىپ كەلگەن بىر ئوقۇتقۇچۇڭلار باركەنغۇ؟ ناھىيەگە يې-قىنراق بىرەر مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويارسىز - ھە! خەق شۇنچە ئۇزاقتىن كېلىپ خىزمەت قىلىپ بې-رىۋاتسا تازا ياخشى بولماپتۇ بۇ ئىش...

خىزىر شۇنداق قىلىپ كېتىپ قالدى. بەلكىم كۆن-دە نۇرغۇن ئىشلار بىلەن پالاقشىپ يۈرۈيدىغان بۇك-شى سارەنىڭ ئىشىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندۇ. ئەم-ما بۇ سارە ئۈچۈن يېڭى بىر ھاياتلىققا ئېرىشكەندەك زور ئىش ئىدى. دېگەندەك كۆپ ئۆتمەي بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقتى. ھېلىقى غازنىڭ ئىچىدە خەقنىڭ ياد-چۇقىغا كىرىپ كەتكەن پۇلمۇ غايىب بولدى. خۇددى ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزۈپ قويىمەن دەپ پۇل ئېلىپ ئۆزى ئۆتۈپ قالغان بىرسىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغاندەكلا ئىش بولدى. ھەر ئىككىلى تەرەپ خۇش ئىدى.

مەتكېرىم سۇنغان بىلىكىنىڭ باھانىسىدە ئىككى ئاي دەم ئالدى. شۇ پۇرسەتتە زومىگەر قوشنىسىغا بې-رىدىغانىنى بېرىپ، تام قوپۇرۇپ كۆڭۈلگە ۋەسۋەسە سالىدىغان بۇ يەرنى توسۇپلىۋەتتى. ئەمما تېخى ھار-دۇقى چىقماي تۇرۇپلا بۇ تامغا «چېقىلىدۇ» دېگەن خەت يېزىلدى. چۈنكى بۇ يەردىن يول ئېلىنىپ سانجاق - سانجاق ئەگرى كوچىلارغا ئەۋرەز يولى كولىنىپ چوڭ تەرتىپكە سېلىنماقچى ئىدى. بوۋاي گەرچە بىر ئۆمۈرنى ئۆتكۈزگەن، كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ مېھ-رى ئىسسىق ئۆيىگە قىيالمىسىمۇ كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە خۇشال بولدى. ئاممىنىڭ يېرى ئاممىغا قايتتى، ئەمدى ياخشى بولدى. يول ياساشتىن ئارتۇق ساۋاب يوق. ئوغلىمۇ ئەمدى كۆلگە ئۆي سالىمەن دەپ بېشىنى ئاغ-رىتمايتتى. قىزىق يېرى بەڭگى قوشنىسى بىلەن تېزلا يارىشىپ قالدى. ئۆتكەنكى رەقىبلەر ئەمدى مەس-لەكداش بولۇپ كەتتى. قوشنىسىنىڭ تىرىشچانلىقى، بە-شەملىگى ئەسقىتىپ قالدى. ئەمدى ئۇ كۆلنىڭ ئورنىغا ئۆيلۈك يەر كەستۇرەيلى! دەپ ئەرز قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. دېگەندەكلا ھەر ئىككى ئائىلە بىر كىشى-لىكتىن يەرگە ئېرىشتى...




## ئۇ ئانا مەكتىپىم، ئۇ قىبلىگاھىم

(ئانا مەكتىپىم كېرىيە گوزەر باشلانغۇچ مەكتىپىگە بېغىشلايمەن)

قارىغىنا، تەكلىماكانغا،
قۇم دۇنياسى غەربى-جەنۇبى.
چۆلدە بوران ھۇۋلايدۇ پات-پات،
قۇيۇنلىرى شۇنداق ئەسەبىي.

لېكىن ئۇندا كەڭ باغۇ گۈلزار،
بىر ئىلاھى مۆجىزە كەبى.
ئادەملىرى تۇغراقتا ئوخشاش،
كەچمىشلەردە ئۇنىڭ سەۋەبى!

سوراۋاتامسەن،
— ئۇ ئۆزى قەيەر!
ئەلمىساقتا ئاستانە بولمىش،
ئېتى كېرىيە،
بەكمۇ قەدىم، بەكمۇ قېرى يەر!
ئۇ مېنىڭ ئانام، ئانام تۇغۇلغان،
ئۇ مېنىڭ دادام، دادام تۇغۇلغان.
ئاشۇ تۇپراقتا
كىندىك قېنىم تامغان ئۇيۇغان.
نېمە دېسەڭ دە،
ئاشۇ زېمىن ماڭا ئەڭگۈشتەر،
زەررىسى مەن ئۈنىڭ مۇقەررەر!

ھايات بېرىپ باغۇ بوستانغا
ئاقار ئۈزۈلمەي،
(تىنماي، سۈزۈلمەي)
دەل كۆكسىدىن «قارلۇق ئۆستىڭى»
سۈزۈلدۈرۈپ تىكىلسەڭ ئويچان،
كۈرىنىدۇ ئەجدادلار ئۈگى.
ئاشۇ يەردە — ئۆستەڭ بويىدا
مەن ئوقۇغان باشلانغۇچ مەكتەپ.

ئىشىنەمسەن كۆرسەتكىنىمگە،
ئۇنى كونا ئەسكى تاملىق دەپ.
راست ئېيتسەڭ
ئۇ ئەسكى تاملىق،
نە دېرىزە،
يوقتۇر تۈڭلۈكى.
تورۇسلاردىن پاخال كۆرۈنەر،
تاملىرىدا قۇشقاچ تۆشۈكى.
قىغىرىقى بولمىغان بىلەن
يازدا بوراننىڭ
قىشتا جۇدۇننىڭ
قۇلاقلارنى يارار پۇشتىكى.
لېكىن ماڭا مۇقەددەس بۇ جاي،
ئاھ، ئۇ مېنىڭ ئانا مەكتىپىم،
مۇقەددىمە تاپقان شۇ يەردە
سەبى ئەقلىم، ئىقبال، تىلىكىم.
ئويلىساملا بولۇپ بىھۇشتەك،
ئاشىيانغا تەلپۈنگەن يۈرىكىم،
قىش كۈنلىرى سوغۇق ئاجايىپ،
ئۇ يەردىمۇ ئوخشاش قار ياغار.
قورغاق يەرنىڭ چاپقۇنى يامان،
ئۈششۈك ھەرە چاققاندەك چاقار.
ئازراق ئىسسىق بىرەر كونا مەش،
گۈر قىلىپلا تۈگەيدۇ پاسار.
توڭدۇڭلارمۇ دەيدۇ مۇئەللىم،
كۆزلىرىدىن بالقىيدۇ باھار.
ئىشكىلەرنىڭ ھالى ۋاي، دەيسەن،
كونا لاتا، كونا قەغەزدە
ئىتىلىدۇ ئۇنىڭ يېرىقى.
يىرتىق، يېلىڭ بولغاچ كىيىمى
توڭۇپ كەتسە دېھقان باللىرى،
مۇئەللىملەر ئېلىپ بارىدۇ،
چۈشكەن يەرگە كۈننىڭ سېرىقى.
مۇئەللىمنىڭ يۈز كۆزى قارا،

قوللىرىدا ئوتتۇن كۆيىسى.
ئېرغاڭشىسا شۇ كونا دوسكا،
يۆلەپ تۇرار ئۇنىڭ مۇرىسى.
ئاران ئىلغا بولىدۇ خەتلەر،
بولغاچ پۇچۇق ئۇنىڭ تولىسى.
يازنىڭ كۈنى ــ غېرىبنىڭ كۈنى،
ئاپتاپ سۇنساق يايرايدىغۇ جان.
كۈننىڭ تەپتى كۆيدۇرەر تەننى،
قىزارتىدۇ يۈزنى يېرىپ «قان».
دەپتىرىمىز مەكتەپ سەيناسى،
قوللىرىمىز قەلەمدۇر راۋان.
مەكتىپىمدۇر شۇ غېرىبانە،
ئۇ چاغ تاشقا تەگكەنتى تەلەي،
ئۆششۈك سوققان باللار گۈلگۈن.
بىر قىسمىلا بولىدۇ كۆڭلۈم،
ئاشۇ كۈنلەر ئەسلەنسە بۈگۈن.
يۈرىكىمگە زىلزىلە سېلىپ،
ۋۇجۇدۇمدا كېزىدۇ بىر ئۈن.
نىگاھىمدا پاياندازلىق يول،
قۇياش تامان سۇزۇلغان پەشتاق.
كۆزلىرىمگە يۇلتۇزلار چۆمگەن،
ماڭلىيىمدا شۆھرەت يالتىراق.
ئۈستۈبىشىم گۈلگە كۆمۈلگەن
كۈيچى بۇلبۇل ئۈنۈمگە مۇشتاق.
شۇنداقتىمۇ مەن مەست ئەمەسمەن،
باللىقنى چۈشەيمەن ئويغاق.
قىبلىگاھىم شۇ مەكتىپىمنى
ئۈنتىيالاي قانداقمۇ قانداق؟
ئانا مەكتىپىم پەخىرلىكىمدۇر؟
ئۇنىڭ بىلەن مەن ئىپتىخارمەن.
خىيالىمغا ئېلىپ مەن ئۇنى،
راۋاقلارغا باقماي باقارمەن.
بېرىپ قالسام تاۋابى ئۈچۈن،
كەپتەر كەبى بۇقۇلدىتىپ ئۈن
تاملىرىنى مەھكەم قۇچارمەن.
بىر ئۈمىدىم: خىزىر بوپ كەتسەم،
باشلاپ كېلىپ ئۆلمەس باھارمەن.
ياپسام ئىدىم ئاڭا گۈلزارمەن.
ئاشۇ تىلەك ئاشۇ ئارزۇدا
تولغىنىمەن تۈن ھەم ناھارمەن!

## كېرىيە قىزى

تېلېۋىزور ئالدىدا ئالەم نامايان،
كۆرمەكتىمىز دۇنيانىڭ ھەر يەرلىرىنى.
ھەر ئەل چىقىرىدىكەن ئېكران ئالدىغا،
ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل دىلبەرلىرىنى.
پاھ، ھىندى گۈزىلى، ئەرمەن پەرىسى،
ياۋروپا ھۆرلىرىنىڭ خوش بېقىشلىرى ...
ئاھ قانداق يالقۇنلۇق ناز كەرەشمىسى،
كەچۈرۈڭ، كەچۈرۈڭ ئۇنىڭ ھەممىسى،
مەن ئۈچۈن بەھرىسىز، نېمە پايدىسى؟!
مېنىڭ سۆيگۈم كۆكنىڭ يېگانە نۇرلۇق يۇلتۇزى،
يىراق تەكلىماكاندىكى كېرىيە قىزى!

كېرىيە!
بۇ نامنى ئاڭلىغانمۇ سىز؟
— قۇم بارخان كۆتۈرگەن يىرىم جاڭگال يەر.
— بەس! كۆرمەي كۆز بىلەن سۈرمەڭ خام خىيال،
ئۇ قۇملۇق قوينىدىكى يېشىل ئەڭگۈشتەر.
ئاھ، بۇندا ئېكرانغا چىقمىغان ھۆرلەر،
جەننەتكە كىرسە گەر پەرىشتىلەر لال.
شۇ پەرھات بولسىدى، ئۇ ئاشىق يىگىت،
قاراپ تاڭ قېلىپ ـ،
چىشلەپ قان قىلاتتى، قولنى ئېھتىمال.
شىرىنچۇ؟
بۇ گۈزەل قىزلار ئالدىدا،
قالاتتى يۈزىدىن ئاچالماي رومال.
مېنىڭ كۆڭلۈم بېغىنىڭ كىرسىز قىرمىزى
يىراق تەكلىماكاندىكى كېرىيە قىزى!

پاك توپا زەررىسى قونغان كىرپىكلەر،
تېگىدە شۇنداق بىر كۆزلەر ... يانار نۇر.
نېمىشقا ئەتلەسلەر ئىچرە پاك تەنلەر،
غۇبارسىز يۈرەكلەر ئىللىق ھەم مەغرۇر.
ھىلال ئاي قاشلىرىڭغا قىلىدۇ سەجدە،
ئاھ، ئۇنىڭ يالقۇنلۇق لىۋىگە چوغلۇق
ئەيمىنىپ باقىدۇ، ئالدۇ ھۇزۇر.
تالى مەجنۇنلاردەك قۇندۇز چېچىغا،
بىتاقەت ئۆزىنى ئۇرىدۇ شامال.
سابالار بويىدىن ئېلىپ قاچقان ھىد،
خوتەن كىيىكىنىڭ ئىپارى ئىرۇر.
ساداقەت جىلۋىسى يورۇتقان روھى
يۇرۇڭقاش چايقىغان پاك قاشتېشىدۇر.
گۈزەللىك ئالىمدە ماڭا ئەڭ ئۆزى.
يىراق تەكلىماكاندىكى كېرىيە قىزى.



ئاينۇر دولقۇن

# مۇھەببەتكە تولغان شېئىر — مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ قەلىمىدىكى دۇنيا

ئۆزىنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى تېتىملىق، چوڭقۇر مەنىلىك ئەسەرلىرى بىلەن كۈنسېرى تونۇلۇۋاتقان كۆپ قىرلىق، ياش يازغۇچى مۇھەممەدسالىھ مەتروزى 1968 - يىلى 19 - يانۋاردا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1991 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، شۇ يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا تەقسىم قىلىنغان. «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە تەرجىمان، مۇخبىر، مۇھەررىر بولغان. 1992 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە كېرىيە ناھىيەسىدە ۋەزىپە بىلەن چېنىققان. ھازىر «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى.

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى ھازىرغا قەدەر «مۇھەببەت، مۇھەببەت، مۇھەببەت...»، «مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم»، «ياشاپ باقە، بەرنا»، «ئالما چېچەكى توزۇمايدۇ»، «ئوغلانىغا تۇتۇلغان گۈلدەستە»... قاتارلىق 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ھېكايە، پوۋېست، سېنارىيە ۋە ئەدەبىي ئاخباراتلارنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ «مۇھەببەت، مۇھەببەت، مۇھەببەت...»، «مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم» ناملىق ئىككى پارچە ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى ۋە «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «يۈدەن ‹مۇھاكىمە ۋە بايان› ھەققىدە» ناملىق ئىككى پارچە تەرجىمە كىتابى، «شەھلا كۆز» ناملىق رومانى نەشر قىلىنغان بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقىدىكى غوللۇق يازغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ «مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى «16 - نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «2 - قېتىملىق ئەركىن روزى ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپ، جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىدى. مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتى ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىدە خېلى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ ئەدەبىي ئاخباراتلىرىدا ئادەملەرنى يېزىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ئالدىنقى مەزگىللىك ئەدەبىي ئاخباراتلىرىدا ئۈلگىلىك شەخسلەر ۋە چولپانلارنى يازغان بولسا، كېيىنكى مەزگىلدە ئۆزىنىڭ قان - تەرى ۋە ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاۋاتقان ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرىنى يازدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئاخباراتلىرىنى مۇنداق ئىككى خىل تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىرى، نەمۇنىچىلەر، چولپانلار ۋە ئۈلگىلىك شەخسلەر يېزىلغان ئەدەبىي ئاخباراتلار؛ يەنە بىرى ئاددىي ئادەملەر ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر يېزىلغان ئەدەبىي ئاخباراتلار. «مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم» ناملىق كىتابىغا ئاپتورنىڭ تۆت پارچە ئەدەبىي ئاخباراتى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن تۆت پارچە ئەدەبىي ئاخبارات ئىچىدە ئىككىسى شەخس يېزىلغان ئەدەبىي ئاخبارات، ئىككىسى ئىجتىمائىي مەسىلە يېزىلغان ئەدەبىي ئاخبارات. ھەممىسىدىلا ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر، ئۈرۈمچىدىكى ئىشلار.

دېمەك، مۇھەممەدسالىھ مەتروزى كېيىنكى ئەدەبىي ئاخباراتلىرىدىكى پېرسوناژلارنى بارغانسېرى «قەھرىمانسىزلاشتۇرۇپ»، ئاددىي كىشىلەرنى يازدى ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

1) مۇھەممەدسالىھ مەتروزى ئەدەبىي ئاخباراتلىرىدىكى ئۈرۈمچى

«مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم» ناملىق كىتابىدىكى ئەدەبىي ئاخباراتلارنىڭ






ھەممىسى شەھەر تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۈرۈمچى ۋە ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان ئاددىي كىشىلەرنى يازدى. ئۇ شەھەردىكى كىرىزىس ۋە مەنىۋىيەتتىكى ئاجىزلىق بىلەن سىلىشتۇرما ھالدا قەيسەر، ئۈمىدۋار، تىرىشچان، ئادىل رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى يازدى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ شەھەر ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى توغرا يولغا يېتەكلىدى. بىز تۆۋەندە ئەسەردىكى پېرسوناژلار تىلىدىن بېرىلگەن «ئۈرۈمچى تەسىراتى» غا قاراپ باقايلى:

«ئۈرۈمچى مېنىڭ نەزىرىمدە چۈشىنىش ناھايىتى تەس بولغان، بەزى ئادەملەرگە بەخت ۋە ئامەت ئەكەلسە يەنى بەزى ئادەملەرگە بەختسىزلىك ۋە ئازاب ئەكېلىدىغان، بەزى ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى چىنىقتۇرۇپ چىڭىتسا، يەنە بەزى ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى بىراقلا ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان؛ رەھىمدىللىك بىلەن رەھىمسىزلىك بىرلىشىپ، ئادەمنى جان بېقىش بىلەن تىرىكچىلىك يولىدا ئەتىگەندىن كەچكىچە ۋە ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا ھارغۇزۇپلا يۈرۈيدىغان بىر شەھەر. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ قوينىدىن ئۆزىنىڭ بەختىنى تاپسا يەنە نۇرغۇنلىرى بۇ يەردە بەختىنى يىتتۈرىدۇ. يىتىش بىلەن يىتتۈرۈۋېتىش، بەخت بىلەن بەختسىزلىك، ئامەت بىلەن ئازاب ۋە ئەلەم باشقا يۇرتلاردىن بۇ شەھەرگە تىرىكچىلىك قىلىش، كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ۋە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ كەلگەن ھەر بىر ئادەمنىڭ قەدىمىگە ھەر ۋاقىت ھەمراھ بولىدۇ.»[1]

«بۇ شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ مەدەنىي، ئەدەبلىكلىكى، بىر - بىرىگە مۇلايىم ۋە قىزغىن مۇئامىلىسى، نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇ يەردىكى تۇرمۇشنىڭ كۆڭۈللۈك ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتۈشى، بولۇپمۇ ياز پەسلىدىكى مۇھىتنىڭ چىرايلىق ۋە پاكىزلىقى، سىز ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەر قانداقىنىڭ بۇ شەھەردە ھەر قانداق ۋاقىتتا تېپىلىشى... ئىشقىلىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان ۋە روھىنى ئۆستۈرىدىغان نۇرغۇن ئۆزگىچىلىكلەر ھەم بۇ شەھەرگىلا خاس بولغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ بۇ شەھەرگە بولغان ھۆرمىتىنى، قايىللىقىنى، ئىنتىلىشىنى قوزغىماي قالمايدۇ.»[2]

بۇلار ھايات بورانلىرى ئۇچۇرۇپ ئۈرۈمچىگە تاشلىغان ۋە ئۆزىنىڭ ھالال قان - تەرى ۋە ئەمگىكى بىلەن ئۈرۈمچىگە يىلتىز تارتقان كىرىيەلىك دېھقان ياش ئىمىنجاننىڭ نەزىرىدىكى ئۈرۈمچى. بىز ئۇنىڭ تىلىدىكى بۇ بايانلاردىن ئۈرۈمچىگە قايتىدىن قارايمىز.

«2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن ئادەتتىكى، تولىمۇ ئادەتتىكىلا بىر كۈن، لېكىن ئۈرۈمچىدە ئۇنداق ئەمەس.»[3] بۇنىڭدا تەسۋىرلىنىۋاتقىنى كۆنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان ۋە مەدەنىيەتلەر خىرىسىغا ئۇچراپ كېلىۋاتقان مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى» كۈنىدىكى تۇرمۇشىنىڭ بىر كارتىنىسى. «بىر تامچە سۇدىمۇ قۇياش نۇرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.» دېمەككى، دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا ئۆزىگە خاس سەلتەنەتلىك تارىخى ۋە نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپمۇ، ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر خىل مەۋجۇتلۇق ۋە ياشاش كۈچى بىلەن بۈگۈنگە ئۇلاشقان مىللىتىمىز، شەرق مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە، ئەمما ئېلېكتىرون، تور تېخنىكىسىنىڭ تېز سۈرئەتتىكى تەرەققىياتى ئۇچۇرنىڭ بۇ رايونغا باستۇرۇپ كىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭدىن باشقا، «ئەۋلاد بوشلۇقى» (gap generation) دىن ئىبارەت بۇ خىل ئىجتىمائىي ھادىسە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئالدىنقى ئەۋلاد بىلەن كېيىنكى ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى «كۆۋرۈك» بۇزۇلۇشقا يۈزلىنىپ، ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش، خاسلىقنى ساقلاش تەسكە توختىدى. قارىغۇلارچە دوراش نەتىجىسىدە، مەدەنىيەت ۋە ئېتىقاد جەھەتتە بىزگە ماس بولمىغان نۇرغۇن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر سىڭىپ كىردى ۋە تېز سۈرئەتتە ئەۋج ئالدى. «ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى» نى دەل بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن. ياش - ئۆسمۈرلىرىمىز ئەتىنى ياراتقۇچىلار بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاج. ئاپتور دەل مۇشۇنداق بىر مەقسەت تۈرتكىسىدە بۇ ئەسەرگە قەلەم تەۋرىتىدۇ.

«ئاشۇ قىممەتلىك ۋەقە بىزنىڭ بۇ شەھەرگە بولغان قارىشىمىزنى، بولۇپمۇ بۇ شەھەرنىڭ كۆڭلىمىزدىكى ناھايىتى گۈزەل ئوبرازىنى بىراقلا ئۆزگەرتىۋەتتى. بىز يولۇققان ئۇ ئىشنى يا بىرەرىگە دېيىشكە، يا ساقچىغا مەلۇم قىلىشقا ئادەمنىڭ ئېغىزى بارمايدىغان بولغاچقا، بىزگە ئاچچىقنى ئىچىمىزگە يۇتماقتىن ئۆزگە ئىلاج بولمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ شەھەر كۆزىمىزگە باشقىچە بىر خىل كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردىكى قىزغىنلىق، بۇ يەردىكى مۇلازىمەت ۋە بۇ يەردىكى نۇرغۇن نەرسىلەر بىزگە كىشىنى ئالدايدىغاندەك ۋە ساختىدەك بىلىنىدىغان، ئۈرۈمچى دېسە ئادەمنىڭ تېنى قورۇنىدىغان بولۇپ قالدى... ئۈرۈمچىنىڭ بىزدە قالدۇرغان جاندىن ئۆتىدىغان ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىسىمۇ ئەنە شۇ بولدى. ئۆمرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئەخمەق قىلىنىشنى بىز ئۈرۈمچىدە ئەنە شۇنداق باشتىن كەچۈردۇق. ئۈرۈمچى ئىلگىرى بىزنىڭ نەزەرىمىزدە بەكلا نوچى شەھەر ئىدى، شۇنىڭ-



دىن باشلاپ بىز بۇ شەھەردىكى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىشەنمەسلىك ۋە گۇمان بىلەن قارايدىغان بولدۇق.»[4]

بۇ بايانلار ئاپتورنىڭ «بۇ شەھەردە ئىككى مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش بەش يۈەن ئىككى سائەتتىلا كۆپۈككە ئايلاندى» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىدىكى باش پېرسوناژلارنىڭ ئۈرۈمچى توغرىسىدىكى قاراشلىرى. ئۇلار نېمىشقا بۇنداق تەسىراتقا كېلىپ قالدى، ئۈرۈمچى راستىنلا رەزىللىكنىڭ ئۇۋىسىمۇ؟ ئېنىقكى، بۇ ئەسەردىكى كىشىلەرنىڭ «يا چۆكۈپ كېتىدىغان دەسمايە بولمىغاندىكىن ۋە ياكى بۇ شەھەردە بىزنى كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بارغىنىمىزنى كۆرۈپ، تونۇپ قالىدىغان بىرەرى بولمىغاندىكىن، ئەر كىشىگە خاس قىزدىقىشىمىز بويىچە كۆرۈپ باققىنىمىز، ناۋادا كۆڭلىمىز تارتىپ قالسا، كۆڭۈل ئېچىپ چىققىنىمىز توغرا ئىدى»[5] دەيدىغان ئىدىيەسى ئۇلارغا «پۇشايمان قاچىسى» دا تاماق بېرىدۇ. شەھەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇنىڭ رەڭگارەڭ تاللاش ۋە شاللاشچانلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدە ئىپادىلىنىدۇ. «شەھەر ئۆلۈك ھالدىكى زېمىن - تۇپراق ۋە يول - بىنا ئەمەس، ئۇنىڭ شەھەر بەلگىسى — ھازىرلانغان بوشلۇق ۋە ئىمكانىيەتلەردە، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئاكتىپ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچ - قۇدرەتلىرىدە. دېمەك شەھەر بىلەن ئادەم بىر پۈتۈن گەۋدە، بۇ گەۋدىنىڭ قىممىتى رىقابەت ۋە خىرىسقا نىسبەتەن ئىپادىلەيدىغان ئۈستۈنلۈكلەردە.»[6] ئاپتور بۇ ئەسەر ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىززەت - ئابرۇيىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئالاھىدە ئاگاھ بولۇشنى ھەم كىتابخانلارنىڭ ئەخلاق قارىشىمىز ھەققىدە ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

«ئۈرۈمچى — بۇ ئاجايىپ قاينام - تاشقىنلىققا چۆمۈلگەن بىر شەھەر. مېنىڭ نەزىرىمدە، بۇ شەھەردە ياشىماق تولىمۇ مۈشكۈل. بۇ شەھەردە ياشىغان ھەر بىر ئادەمنى خۇددى قۇم بارخانلىرىدا كۆكلەۋاتقان ھەر بىر تال يېشىل ئۆسۈملۈككە ئوخشىتىش مۇمكىن. مېنىڭچە بۇ شەھەردە ياشىغان ھەر بىر ئادەم ئاشۇ يېشىل ئۆسۈملۈك ئۇچرىغان قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قېلىش ياكى قالماسلىق شۇ ئادەمنىڭ روھىغا، قەيسەرلىكىگە باغلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ شەھەر يەنىلا ماڭا ۋە ماڭا ئوخشاش ئۆزىنىڭ دۇرۇس بولغان گۈزەل ھاياتلىق يولىنى ئىزدەپ، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا چامداۋاتقان ھەر بىر قىزغا ئۆزىنىڭ ئىللىق قوينىنى ئاچىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەر يەنىلا ماڭا ئوخشاش قىزلارغىمۇ موھتاج[7].» بۇ بايانلار ئۈزۈككىسىز ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆز كۈچىگە تايىنىپ «ئىگىلىك» تىكلىگەن رەيھانگۈل ھاجىنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن. ئۇ يەنە «ئانا يۇرتۇم مەن ئۈچۈن قىممەتلىك ۋە ئانىجان بولسىمۇ، بىراق مەن ۋۇجۇدۇمدىكى قەيسەرلىك ۋە تەقدىرگە باش ئەگمەسلىك روھىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ كېلەچىكىنى يارىتىشىم ھەمدە تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىپ، ئىستىقبالىمنى قايتىدىن ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك ئىدى[8]» دەيدۇ. دېمەككى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۈرۈمچى ھەقىقەتەن مانا مۇشۇنداق بىر كۈرەش مەيدانى ۋە تىز پۈكمەس روھ بىلەن تەمىنلەپ بېرەلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۆزۈمنى بىر سىناپ كۆرۈش ئارزۇيۇم بارلىقىنى، ئۇزۇن يىل ياشىغان بۇ شەھەردە ئۆز تەقدىرىمنى ئۆز تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ، ھامان بىر كۈنى بەخت ۋە ئامەتنىڭ نېمىلىكىنى، تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، بىر قەيسەر قىز بالىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى قانداق يارىتىدىغانلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق چوقۇم ئىسپاتلايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم» دەيدۇ. «بۇ كۈنلەردە رىزىقىم بار» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى رەيھانگۈلدىن ئىبارەت بىر قىزنىڭ ھەممىنىڭ نەزىرىدە «ياشىماق ئاسان ئەمەس» دەپ قارىلىدىغان مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدە ئۆزىنىڭ «كۈننى كۈن ئېتىش» بىلەنلا بولدى قىلماي، يەنە ئۆزى چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان كەسىپ — مۇزىكا ساھەسىدە مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئېرىشىش جەريانىدىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئىرادىسىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ھەممىنىڭ تەنقىد ئوبيېكتى بولۇپ قېلىۋاتقان قىزلارغا مەنىۋى كۈچ بېرەلىگەنلىكىدە.

يۇقىرىقى بايان ۋە مۇھاكىمىلەردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، مۇھەممەدسالىھ مەتروزى ئەدەبىي ئاخباراتلىرىدىكى ئۈرۈمچى ئىمىنجانغا مۇھەببەت، رەيھانگۈلگە مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتى ئاتا قىلغان شەھەر. ئۈرۈمچى ھەر خىل مەدەنىيەتلەر كېسىشكەن، شۇنداقلا كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر كۈچ سىنىشىش نەتىجىسىدە ئۆزىگە خاس ھاياتىي كۈچكە ئىگە مەدەنىيەت شەكىللەندۈرىدىغان ۋە قوينىدىكى خەلقنىڭ قولىنىڭ كۈچىنىلا ئەمەس، بەلكى ئەقىل كۆزى ۋە قەلبىنى تاۋلايدىغان گۈزەل شەھەر. مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ ئەدەبىي ئاخباراتلىرى ياشاۋاتقان شەھىرىمىز ۋە ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان بىزلەر ئۈچۈن دەل مۇشۇنداق بىر ۋەزىپىنى ئادا قىلالىدى.

2) مۇھەممەدسالىھ مەتروزى ئەدەبىي ئاخباراتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

(1) تېما تاللاش ئالاھىدىلىكى

ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېمىنى ياخشى تاللاشنىڭ ھەقىقەتەن ئەھمىيىتى

زور. بۇ ھەرگىزمۇ تېما ھەممىنى بەلگىلەيدۇ دېگەنلىك
ئەمەس، بەلكى ياخشى، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان، كەڭ
خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان تېما ھەمىشە تەھرىر
بۆلۈمىدىمۇ، ئوقۇرمەنلەردىمۇ ئوخشاشلا قارشى ئېلىنى-
ۋېرىدۇ. ئەسەردىكى تېما تاللاش، ماتېرىيال ئېلىش، كۆ-
زىتىش، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىپادىلەش
ئۇسۇلى قاتارلىقلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەسەرگە
يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت خاراكتېرى سىڭدۈرۈلىدۇ.

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى ئالدىنقى مەزگىللىك ئە-
دەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتىدە جەمئىيەتتىكى ئۈلگىلىك
شەخس، نەمۇنىچى ۋە ئىلغار كىشىلەرنى يازغان بولسا،
كېيىن ئاددىي ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تىرىشچان روھى-
نى ئەدەبىي ئاخباراتلىرىنىڭ باش تېمىسى قىلدى. «مەن
بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈن ياشاپ قالدىم» ناملىق
ئەدەبىي ئاخبارات تېما تاللاش، پېرسوناژ ئوبرازىنى
يورۇتۇپ بېرىش ۋە ئۇنى تېپىكلىككە ئىگە قىلىش، تىل
ئىشلىتىش، قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى قاتارلىق تەرەپلەردىكى
مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن 16 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئە-
دەبىيات» مۇكاپاتى ۋە «2 - نۆۋەتلىك ئەركىن روزى
ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتى» غا نائىل بولۇپ، ئۇيغۇر
ئەدەبىي ئاخباراتىمىزدىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بو-
لۇپ قالدى. ئاپتور بۇ ئەسەردە ھەممە كىشىلەر «مۇ-
ھەببەت سۇسلاشتى، تەرەققىيات ئادىمىيلىكنى يۇتۇپ
كەتتى، پۇل ئەڭ ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىدى»دەپ
قارايدىغان چوڭ شەھەردە ياشىغان بىر جۈپ ياشنىڭ
تەسىرلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى ئاساسى تېما قى-
لىپ، ئەر باش پېرسوناژنىڭ يۇرتىدىن چوڭ شەھەر ئۈ-
رۈمچىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى جاپالىق كۈنلىرى ۋە
مۇھەببەتكە ئېرىشىش جەريانىنى تەسىرلىك بايان قىل-
غان. ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشى يەر - جاھاننى زىلزىلىگە
سالىدىغان ئاجايىپ ۋەقە ئەمەس ۋە ياكى ھەممىمىزگە
تونۇش بولۇپ كەتكەن يەتتە ئاشىق - مەشۇقنىڭ ھېكا-
يىسىمۇ ئەمەس، بەلكى بىزگە ئوخشاش ھالال، پاك يا-
شاۋاتقان، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئۆز نېسىۋىسىنى تېپىپ
يەۋاتقان، بىر - بىرىگە ئالەمچە ۋەدىلەرنى بېرىشمىگەن
بولسىمۇ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ بەختلىك يا-
شاۋاتقان، پەقەت ئاددىي ئادەملەرلا چۈشىنىپ ھېس قى-
لىپ يېتەلەيدىغان، ئاددىي ئەمما ئۇلۇغ بولغان مۇھەب-
بەت، تۇرمۇش جەريانى. ئاپتور مانا مۇشۇنداق ئاددىي
ئادەملەرنى، ئاددىي ۋەقەلىكلەرنى قەلەمگە ئېلىپ، جەم-
ئىيەتتە چىقىش يولى تاپالماي، تەمتىرەپ يۈرگەن ياشلى-
رىمىزغا بىر ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

«كۈنلەردە رىزقىم بار» ناملىق ئەدەبىي ئاخبارات-
تا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ۋە ھاياتىنى قىممەتكە
ئىگە قىلىش يولىدا تىنىمسىز ئىزدەنگەن قىز رەيھانگۈل
ھاجىنى يازغان. ھايات قىممەتلىك، ياشاش ئىستىكىدە
ئۆزىدىكى بارلىق يوشۇرۇن كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ،
قورقۇمسىراش، تېڭىرقاش ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ چاڭگى-
لىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئۆزىگە خاس تەپەككۇرى، ئى-
دىيەسى، ئوي - خىيالى ۋە پسىخىكىسى بويىچە ياشاۋات-
قان ئاددىي ئادەملەرنىڭ قالتىس روھى تەسۋىرلەنگەن
بۇ تۆردىكى ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى،
ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە ئوخشاش ئاددىي ئادەملەرنىڭ
روھىي دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ سەرگۈ-
زەشتلىرىدىن بىزنى تەڭ بەھرىمەن قىلىپ، ھەممىمىزنى
تېخىمۇ قەيسەرلىك بىلەن ياشاشقا ۋە دادىل پىكىر قى-
لىشقا چاقىرىدۇ.

(2) ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

ئادەمنى يازغاندىكى خاھىش ئوخشىمىغانلىقتىن،
يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي ئاخباراتتا ھەم كىشىنىڭ تەق-
دىرىنى يازىدىغان ھەم ئىجتىمائىي كوللېكتىپنى يازىدى-
غان ھالەت ساقلاندى. شەخسنى يازىدىغان ئەدەبىي
ئاخباراتتا تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك ئوبراز ھەم كوللېكتىپ
ئوبراز بار بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي ئاخبارات
يازغۇچىلىرى بىر تەرەپتىن شەخس بىلەن تىپىك ئوبراز
يارىتىشقا ئەھمىيەت بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەقە ئە-
دەبىي ئاخباراتى بىلەن مەسىلە ئاخباراتى ئارىسىدا كول-
لېكتىپ ئوبراز يارىتىشقا ئەھمىيەت بەردى. يېڭى دەۋر-
دە جۇڭگو ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئاخبارات زادى شەخس-
نى يېزىشى كېرەكمۇ ياكى كوللېكتىپنى يېزىشى كېرەك-
مۇ؟ دېگەن مەسىلىگە قارىتا تالاش - تارتىشلار بولدى.
مەسىلە ئەدەبىي ئاخباراتى تەرەپدارلىرى شەخسلەرنىڭ
تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى، پەقەتلا كوللېكتىپ-
نىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.
ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كوللېكتىپنىڭ تەقدىرى مىللەتنىڭ
تەقدىرى، ئەدەبىي ئاخبارات يازغۇچىلىرى شەخسنىڭ
تەقدىرى ئۈستىدە ئەمەس، كوللېكتىپنىڭ تەقدىرى
ئۈستىدە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە
ئويلىنىشى كېرەك. ئادەمنى يازىدىغان ئەدەبىي ئاخبارات
مەسىلە ئەدەبىي ئاخباراتىغا ئورۇن بوشىتىشى كېرەك.
ئەكسىچە، شياۋ فۇشىڭنىڭ قارىشىچە، «شەخسنىڭ تەق-
دىرىنى يېزىش بىلەن پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەسىلىنى يې-
زىش زىددىيەتلىك ئەمەس. ئۇلارنى ئايرىشنىڭ زۆرۈر-
يىتى يوق، ئەكسىچە ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كې-
رەك. ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنىڭ ئۆتۈپ
كېتكەنلىكىنى ھەم كىشىنىڭ تەقدىرىنى يېزىشنى ئىنكار
قىلىپ، ئۇنى ئىستىقبالى يوق دەپ قارىماسلىقىمىز كې-
رەك.»[9] ئۇنىڭ قارىشىچە، شەخسنىڭ تەقدىرىنى يازد-

دىغان ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن پۈتۈن كۆرۈنۈشلۈك
ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى يازىدىغان ئەدەبىي ئاخبارات
زىددىيەتلىك ئەمەس. كىشىنىڭ تەقدىرى ئارقىلىق ئىج-
تىمائىي مەسىلىلەرنى ۋە دەۋرنىڭ رەڭدارلىقىنى ئىپادى-
لەپ بەرگىلى بولىدۇ. مۇھەممەدسالىھ مەتروزى ئۆزىنىڭ
«مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈن ياشاپ قالدىم»
ۋە «كۆنلەردە رىزقىم بار» ناملىق ئىككى پارچە ئەدە-
بىي ئاخباراتىدا، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئەم-
گىكى ۋە قان - تەرى بىلەن كەسكىن رىقابەت ۋە
تالالاشلارغا تولغان، ئادەملەرنىڭ ياشاش ۋە مەۋجۇتلۇق
ئىقتىدارىنى سىنايدىغان، تاۋلايدىغان مەركىزىي شەھەر
ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقان ئىككى ياشنى باش پېرسوناژ قى-
لىپ تاللىدى. شۇنداقلا، ئوقۇرمەنلەر قەلبىنى ھاياجانغا
سېلىش بىلەن بىرگە قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى يوشۇرۇن
كۈچنى غىدىقلاپ، ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىدە ئۆز كۈچى-
گە تايىنىپ، نەتىجە يارىتىش، ياخشى ياشاشتىن ئىبارەت
ئىستەكنى تۇغدۇرىدىغان ئۈلگىلىك ئوبرازلارنى ياراتتى.
«شەھەر ئادەم تەرىپىدىن قۇرۇلىدۇ. شۇڭا شەھەر ئا-
دەم ئۈچۈن مەڭگۈ بىرلەمچى سەۋەب ئەمەس. ھەر كىم
مۇشۇ نۇقتىدا ئۆز - ئۆزىنى يېڭىباشتىن ئىدراك قىلال-
سا، شەھەرگە بىر قۇرغۇچى سۈپىتىدە يۈزلىنەلىسە، شە-
ھەرنىڭ پۇرسەت ۋە بوشلۇقلىرىنى ئۆزلۈك كۈچ -
قۇدرىتى بىلەن بىرلەشتۈرەلەيدۇ، ھەمدە شەھەرگە يې-
ڭىچە ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتەلەيدۇ.»[10] مەيلى ئىمىنجان
ياكى رەيھانگۈل بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى ئۆزىدىكى
ئىشەنچ ۋە ئۈمىد كۈچى بىلەن يېڭىچە تۇرمۇش يولىغا
تەۋەككۈل قىلىپ، يۇرتىدىن ئايرىلىپ، يېڭى - يېڭى
مەنىلەر بىلەن ئۆز ھاياتىنى بېزىمەكچى بولىدۇ.

بىز بۇيەردە نۇقتىلىق ھالدا «مەن بۇ شەھەردە
مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم» ناملىق ئەدەبىي
ئاخباراتنىڭ باش پېرسوناژى ئىمىنجان ئوبرازىنى تەھ-
لىل قىلىمىز.

ئىمىنجان ئوبرازى

(1) ئەركەكلىك

ئىمىنجان ھەر ۋاقىت ئەركەكلىك سالاھىيىتىنى تو-
نۇپ، ئەمەلدە كۆرسىتىپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي
ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت بۇرچلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تى-
رىشىپ كەلدى. مەسىلەن: «تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
بىرىنچى يىللىقىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، داۋاملىق ئۆرلەپ
ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ، بۇ بىر چوڭ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي
قىيىنچىلىق يۈكىنى بالدۇرراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىشكە
چامىمنىڭ يېتىشىچە كۈچ قوشۇش مەقسىتىدە، سودا -
تىجارەت ئارقىلىق ئۆزۈمگە خاس جاھاندارچىلىق يولىنى
تاللاش نىيىتىگە كەلگەندىم ۋە دەسلەپكى قەدەمدە مە-
ھەللىمىز ۋە يېزىمىز تەۋەسىدىلا ھالال ئەمگىكىمگە تايى-
نىپ پۇل تېپىشنىڭ ھەر خىل يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەن-
دىم»[11] دېگەن قۇرلاردىن «ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى
ئوبدان قىلىشلا جانغا ئەسقاتىدۇ» دەپ قاراپ ئوقۇشقا
قىزىقىپ كەتمەيدىغان سەبىي ئىمىنجاننىڭ، ئوقۇشتىن
ۋاز كېچىشى توغرا بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما كىچىكلا
تۇرۇپ، ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئالماقچى بولغانلىقى-
دەك مەسئۇلىيەت ئېڭى ئۇنىڭدىكى ئەرلىك مەسئۇلىيەت
ئېڭىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئىمىنجان خاراكتېرىدىكى
ئەرلىك ئۇنىڭ ئەركەكلەرگە خاس جۈرئىتى، جاھان كۆ-
رۈش، كىچىكلا تۇرۇپ ئۆي يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىشى ۋە
يۇرتىدىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىشى. قىيىن كۈنلەردىمۇ
«خەقكە قىيىنچىلىق ئىچىدىكى ئەھۋالنى ئېيتىپ يالۋۇر-
غۇسى» كەلمەسلىكى ئۇنىڭ غۇرۇرىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى،
ئۆز مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر تونۇغان ھەقىقىي تىرىشچان
يىگىت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

(2) ئىقتىسادىي ئاڭ

بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە ئىقتىساد بارغانسېرى ھەل
قىلغۇچ رول ئويناپ، «پۇل تېپىش» ھەممىنىڭ ئورتاق
نىشانى بولۇپ قالدى. بىراق بىر نانغا بىر تالاي قوللار
سۇنۇۋاتقان بۇ پەيتتە پۇل تېپىشمۇ ئوڭاي ئەمەس. ئى-
مىنجاننىڭ باشتىن - ئاخىر پۇل تېپىش ئۈچۈن تىرىك-
شىشى «شۇ كۈنلەردە پۇل ماڭا جان بولۇپ تۇيۇلدى»
دەپ قاراپ چىشنى چىشىغا چىشلەپ تىرمىششى ئۇ-
نىڭدا بار بولغان يوشۇرۇن ئىقتىدارلارنى قېزىپ، ئۇنى
تاۋلايدۇ. ئىمىنجاننى تاۋلىغان ۋە ئۇنى بوشاشماي كۈ-
رەش قىلىش روھىغا ئىگە قىلغان ۋاستىنى مەلۇم جە-
ھەتتىن ئىقتىساد ۋە ئۇنىڭدىكى ئىقتىسادىي ئاڭ دېيىش-
كە بولىدۇ.

(3) ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساقلىق ۋە ساددىلىق

ئاغىنىسى بىلەن ئىمىنجان «مۇھاجىرلار مېھمانخا-
نىسى»دا دۇنيانىڭ ھۇزۇرىنى سۈرمەك بولۇپ، 180
يۈەنگە بىر كۈن «راھەت» سۈرىدۇ. لېكىن ئىمىنجان
بۇ جەرياندا «بىر هارۋا ئوتۇننى بازاردا قانچە پۇلغا
ساتارمەن، مۇمكىن بولسا بىر مو بولسىمۇ قىممەترەك
ساتسام، ئۇكىلىرىمغا بازاردىن كەمپۈت ۋە پېچىنە، ئاتا -
ئانامغا ئىسسىق گۆشگىردىدىن بىر داستىخان ئالغاچ
بارسام، ئۇلار مەندىن قانچە خۇشال بولۇپ كېتەر -
ھە؟!» دېگەنلەرنى[12] چۈشەيدۇ ۋە بۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ.
دېمەك ئىمىنجان بۇ قېتىمقى بىر ئەخمىقانىلىقىدىن بىر
ئەقىل تاپىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا بىر مۇھەببەتلىك يۈرەك
بار. مانا مۇشۇنداق موھتاجلىق پەيتلىرىدىمۇ ھەر ۋاقىت
ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، جاپالارنى يېڭىدۇ. «ئوغرىلىق قى-
لىش بىز ئۈچۈن نومۇسلۇق، قەلەندەرچىلىك قىلىش

تېخى بىزگە ياراشمايدۇ» دېگەن قۇرلاردىن بىز ئىمىن-
جان قەلبىدىكى غۇرۇرنى، ياخشى ـ ياماننى ئېنىق ئاي-
رىيدىغان ئۆلچەمنى ۋە قىيىن كۈنلەرگە قالسىمۇ، بەل
قويۇۋەتمەيدىغان كۈچلۈك ئىرادىسىنى كۆرەلەيمىز.
سوغۇق كېچىلەردە توڭلاپ، بىر ئاقچىسىز تالاي قاتتىق
كۈنلەرنى بەرداشلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بىرەر قېتىممۇ
ئۆيدىكىلەرگە ۋايساپ باقمىغان ئەركەكنىڭ ھاياتقا بول-
غان مۇھەببىتى ئىدى.

مۇھەببەتنى قەدىرلەش:

ئىمىنجان ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى، ئەل ـ يۇرتىنى
سۆيىدۇ. ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن
قىلىدۇ، باشقىلارغا سەممىي، مېھرى بىلەن مۇئامىلە قى-
لىدۇ. «ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىن گەرچە بىر پۈتى مې-
يىپلىقى شۇنچە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ مې-
نىڭ نەزىرىمدە بەش ئەزاسى ساقمۇساق، يەنە كېلىپ
باشقا ھەرقانداق بىر قىز بالىدىن ساغلام ۋە مۇكەممەل
بىر قىز ئىدى... مۇھەببەت ئادەمنى باشقىدىن ئۇ-
مىدۋار، باشقىدىن جەڭگىۋار ۋە باشقىدىن قەيسەر قىلى-
ۋېتىدىكەن. ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى جا-
ھاندىكى ھەر قانداق ئادەمدىن بوي جەھەتتە ئېگىز،
تۇرمۇش جەھەتتە بەختلىك، كۆڭۈل جەھەتتىن خاتىر-
جەم ھەم پۈتۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتە باي، جەمئىيەتتى-
كى ئورۇن جەھەتتە ناھايىتى ئېسىلزادە ھېس قىلىدىغان
بىر خىل گۈزەل تۇيغۇلارغا باشلاپ بارىدىكەن. مەن بۇ
يەردە ئېرىشكەن مۇھەببەت مېنى بۇ شەھەردە ياشاپ
قېلىشقا، بۇ شەھەردە مەزمۇت يىلتىز تارتىشقا رىغبەت-
لەندۈرۈپ، تەقدىرىمنىڭ بارغانسېرى ياخشى، ئىستىقبا-
لىمنىڭ بارغانسېرى ئوڭ ھەم پارلاق بولۇشىغا سەۋەبچى
بولدى»[15] دېگەن قۇرلاردىن ئۇنىڭ پەزىلەتلىك، مۇھەب-
بەتلىك يۈرىكى بىلەن يېڭى تۇرمۇش ياراتقان قەيسەر
يىگىت ئىكەنلىكىنى، بىھېساب مۇشەققەت ۋە زور جا-
پالار بەدىلىدە ئۆز بەختىنى تاپقان «ياقا يۇرتلۇق»
مەردانە يىگىت بىلەن «ئۇرۇمچىلىك» قەيسەر قىزنىڭ
بىرلىكتە بەرپا قىلغان يېڭى تۇرمۇشنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇ ئەدەبىي ئاخباراتلاردا يارىتىلغان ئوبرازلار،
مەيلى ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە چىدام ـ غەيرىتى بىلەن
رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان قايناق بىر شە-
ھەردە ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئى-
مىنجان بولسۇن ۋە ياكى ئۆزىنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرى
بىلەن خەلقنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇۋاتقان رەيھانگۈل
ھاجى بولسۇن ئۇلار «پۇلى بارغا ئۈرۈمچى، پۇلى يوققا
ئۆلۈمچى» دېيىلىدىغان بۇ قىسمەتلىك شەھەرنىڭ قۇچى-
قىدا، ئۆز رىزقىنى تېپىپ يەۋاتقان ۋە تىنىماي كۈرەش
قىلىۋاتقانلاردۇر. ئۇلار قانداقتۇر بىر «ئۇلۇغۋار ئىش»

نى قىلغان ئەمەس، پەقەت ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولىغا تا-
يىنىپ، ئۆز ۋىجدانىغا يۈز كېلىپ ياشىدى خالاس. مۇ-
ھەممەدسالىھ مەتروزى دەل مانا مۇشۇنداق ئاددىي ئا-
دەملەر ئوبرازى ئارقىلىق «ئاددىيلىق ئىچىدىكى ئۇلۇغ-
لۇق» نى يورۇتتى ۋە ئوقۇرمەننى ئۆز قەلب چوڭقۇر-
لۇقىدىكى گۈزەل ماكانىغا باشلىدى.

3) قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى ئەدەبىي ئاخباراتلىرىدا
ئومۇمەن «ھېكايە شەكلى»[16] دىن پايدىلىنىپ، ۋەقەلىك-
نى ئوقۇرمەنلەرگە ھېكايە شەكلىدە بايان قىلىپ بېرى-
دۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ بې-
شىغا ئەسەر ئىچىدىكى ئەڭ نۇقتىلىق، ئەڭ ھالقىلىق ۋە
ئاساسىي ئىدىيىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان قىسقا جۈملە
ۋە ئابزاسلارنى قىستۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئومۇمىي
ئۇچۇر بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا سوئال ۋە ئويلىنىش
پۇرسىتى قالدۇرىدۇ. بايان تەرتىپىدىن قارىغاندا، تەر-
تىپلىك بايان ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ، بۇنىڭغا ئاپتور-
نىڭ كۆز قاراش ۋە مۇلاھىزىلىرى ياندىشقان. بايان
مەۋقەسىدىن قارىساق، ھەممىسى دېگۈدەك بىرىنچى
شەخس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، بايان باش پېرسوناژ
تىلىدىن بېرىلىپ، ئاپتور قوشۇمچە بايانچى سۈپىتىدە
ئوتتۇرىغا چىققان ۋە بۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ چىنلىقى،
تەسىرچانلىقى ئاشۇرۇلغان.

4) تىل ئالاھىدىلىكى

مۇھەممەدسالىھ ئەدەبىي ئاخباراتلىرىنىڭ تىلى
پېرسوناژلارنىڭ سالاھىيىتىگە ماس، چۈشىنىشلىك ۋە
ئاددىي بولۇپ، ئەسەردىكى ۋەقەلىكنى ئاپتور ئەمەس
بەلكى ئەسەردىكى قەھرىمان ئۆز ئېغىزى بىلەن دېگەنـ
دەك، ئوقۇرمەن ھەر بىر تەپسىلاتنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرگەندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن: «داۋاملىق
بۇنداق ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشقا
رايىم بارمىدى، جىسمانىي جەھەتتىنمۇ بەك چارچاپ،
ئۆزۈممۇ چىدىدىم. پۇل تاپقاندەك قىلغىنىم بىلەن، پۇل-
نى ئاسان تاپقىلى بولمايدىكەن. بولۇپمۇ جىسمانىي ئەم-
گەك بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تېپىشنىڭ ئۆزى تېخىمۇ
ئاسانغا چۈشمەيدىكەن.» بۇ قۇرلارنى ئوقۇغان چېغى-
مىزدا ھەرگىزمۇ ئىمىنجاننى «چىدىماس» دېيەلمەيمىز،
ئەكسىچە جۇغى كىچىك، 14 ياشلىق ئىمىنجاننىڭ كەچ
كۈزنىڭ ئاچچىق بورانلىرىدا، ئانارلىقتا ئانار شاخلىرىنى
كۆمۈۋاتقان ھالىتى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ ـ دە، ئىخ-
تىيارسىز يۈرىكىمىز ئېچىشىپ كېتىدۇ. شۇنچە جاپالىق
ئىشلەپ، ئاران كۈنىگە بىر يۈەندىن ئىش ھەققى ئالغى-
نىدا كۆزىمىزگە ياش كېلىدۇ. ئەسەر قەھرىمانى تىلىدىن
بېرىلگەن بۇ بايانلار ئەسەرنىڭ چىنلىقىنى ئاشۇرۇپلا

قالماي، يەنە تەسرچانلىقنىمۇ كۈچەيتكەن.

بەزى ئوخشىتىش ۋە تەمسىللەردىن ئۈنۈملۈك
پايدىلانغان. مەسلەن:

«باشقىدىن قاق سەنەم بولۇپ پىيازنىڭ پوستىدەك
سويۇلدۇم». «تۈنۈگۈنكى بەش دانە مايكىنىڭ ئەللىك
يۈەن پۇلى هارامدىن كەلگەن بولغاچقا، شۇ پۇلغا سېتىـ
ۋېلىپ پىشۇرۇپ يېگەن ئۈچ كىلو گۆشنىڭ كاساپىتىدىن
يېنىمدىكى پۇلغا سوغۇق قول تەگكەن ئىدى، دېمەك
ماڭا هارام ياراشمايدىكەن.» بۇ قۇرلاردىن ئېنىق كۆ-
رۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «پىيازنىڭ پوستىدەك سويۇلماق»،
«سوغۇق قول تېگىش»، «هارام ياراشماسلىق» دېگەنـ
لەر ئاڭلىماققىلا مىللىي ئالاهىدىلىك ۋە يەرلىك پۇراقنى
كۈچلۈك ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان تىل دېتاللىرىدۇر.

ئۇندىن باشقا ئاددىي ئىبارىلەر بىلەن ئوبرازلىق
ئىپادىلەش، بۇ ئەدەبىي ئاخباراتلارنىڭ مۇهىم ئالاهىدىـ
لىكى. مەسلەن: «شۇ ۋاقىتتىكى روهىي هالىتىمىزدىن،
بىز هەم هاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن، هەم هاياتقا چوڭقۇر
مۇهەببەت باغلىغان ئىدۇق.» «بىز بۇ ۋاقىتتا بىر تىيىن
پۇل ئۈيىاقتا تۇرسۇن، بىر قاچا تاماق هەتتا بىر بۇردا
نانغىمۇ شۇنچە بەك ئېهتىياجلىق ئىدۇق». بۇ جۈملىـ
لەرنى ئوقۇغان كىشى ئەينى ۋاقىتتىكى روهىي هالەت
ۋە كۆرۈنۈشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ ۋە هېس
قىلالايدۇ. يىغىپ ئېيتقىنىمىزدا، مۇهەممەدسالىه مەتروزى
ئەدەبىي ئاخباراتلىرىدا يارىتىلغان گۈزەل شەهەر ۋە
ئۇنىڭ قوينىدىكى كىشىلەر رەڭگارەڭ، رەهىمسىز دۇنـ
يادا مەڭگۈلۈك هاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يېڭى دەۋردە ئەدەبىي
ئاخبارات يازغۇچىلىرى دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلـ
گىرىلىدى. ئىجتىمائىي رېئاللىققا دىققەت قىلىدىغان كەڭ
كىتابخانلار چىن، هەققىي ئىشلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىـ
غان ئەسەرلەرگە بەكرەك قىزىقتى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ
ئېستېتىك زوقىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ماس هالدا
يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئېڭىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.
بۇ ئەدەبىي ئاخبارات يازغۇچىلىرىنى ئىلهاملاندۇرۇپ،
ئۇلارغا ئەدەبىي ئاخبارات تەرەققىياتىنىڭ بوشلۇقىنى
كۆرسىتىپ بەردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ تۇر-
مۇشىغا يېقىن، ئۇلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر-
نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان هەر خىل تېمىدىكى نادىر ئەـ
دەبىي ئاخباراتلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ئەختەم
ئۆمەر، قەيسەر مىجىت، دىلدار ئەزىز، ئالىمجان رەـ
جەپ، مەتسېلىم مەتقاسىم، پولات هېۋىزۇللا، ئەركىن
نۇر قاتارلىق بىر تۈركۈم يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئاخـ
بارات ئىجادىيىتى هەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق
قىلىش، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئالاهىدىلىكى، مۇۋەپپەقىيىتى
ۋە يېتەرسىزلىكلىرى قاتارلىقلارنى خۇلاسىلەش ئەدەبىي
ئاخبارات تەتقىقاتىدىكى مۇهىم هالقا.

ئىزاهلار:

① مۇهەممەدسالىه مەتروزى: «مەن بۇ شەهەردە
مۇهەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم»، بېيجىڭ مىللەتلەر
نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى، 5 ـ بەت

② يۇقىرىقى كىتاب، 7 ـ بەت

③ يۇقىرىقى كىتاب، 165 ـ بەت

④ يۇقىرىقى كىتاب، 191 ـ 192 ـ بەتلەر.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 195 ـ بەت

⑥ ئەنۋەر تاشتۆمۈر: «ئۇرۇمچى سەن نەدە»،
تەڭرىتاغ ژۇرنىلى، 2006 ـ يىلى 5 ـ سان، 55 ـ
بەت

⑦ مۇهەممەدسالىه مەتروزى: «مەن بۇ شەهەردە
مۇهەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم»، بېيجىڭ مىللەتلەر
نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى، 216 ـ، 217 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 227 ـ بەت.

⑨ ئەنۋەر تاشتۆمۈر: »«ئۇرۇمچى سەن نەدە»،
تەڭرىتاغ ژۇرنىلى، 2006 ـ يىلى 5 ـ سان، 56 ـ
بەت.

⑩ مۇهەممەدسالىه مەتروزى: «مەن بۇ شەهەردە
مۇهەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم»، بېيجىڭ مىللەتلەر
نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى، 15 ـ بەت.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 205 ـ بەت.

⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 120 ـ 138 ـ بەتلەر.

⑬ «هېكايە شەكلى» دىكى قۇرۇلما هېكايىنىڭ
ۋەقەنى بايان قىلىش شەكلى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇ-
لۇپ، بىرەر شەخس ياكى ۋەقەنى مەركەز قىلىپ،
شەخسنىڭ تەقدىرى ياكى ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىنى ئا-
ساسىي لىنىيە قىلىپ، شەخس ياكى ۋەقەنى مۇئەييەن
تارىخ، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا، شەخسنىڭ
ياكى كونكرېت ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق، كىـ-
شىلىك هايات، جەمئىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىـ-
چىككىنە ئىنكاسلار ئارقىلىق كەڭ تۇرمۇشنى ئەكس
ئەتتۈرىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلمىدىكى ئەدەبىي ئاخباراتلار
ۋەقەلىككە ئەهمىيەت بېرىدۇ.

⑭ مۇهەممەدسالىه مەتروزى: «مەن بۇ شەهەردە
مۇهەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم»، بېيجىڭ مىللەتلەر
نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى، 19 ـ بەت.

ئەنۋەر جېلىل

# ئەبەينىڭ چېيى

(ھېكايە)

ھېلىم ئىستاكاندىكى چاينىڭ شامىسىنىڭ جىقلىقىدىن ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، چاي شامىسىنى سۈزۈۋەتمەكچى بولۇپ كۈتكۈچى قىزغا تەئەززۇ بىلەن بۇيرۇق قىلدى:

— سىڭلىم، بىر تال چوكا ئەكىرىۋېتىڭا، — ئۇ ئاۋازىنىڭ سەل غەلىتە چىقىپ قالغىنىدىن ئوڭايسىزلىنىپ دەرھاللا ئەتراپىدىكىلەرگە قارىدى.

— ھېھ، ئەدەپلىك بوپ كەتكىنىنى ما پىتلىقنىڭ، سىڭلىم دەپ تېخى...ئۇرغۇيچە گەپ قىلمامسەن؟ نىمە ئۇ چوكا دېگەن؟ كويزا دە، كويزا... — دېدى ئەبەي ھېلىمغا كۆزىنى ئالايتىپ، — مۇشۇنچىلىك گەپنىمۇ قاملاشتۇرۇپ قىلالمىغان، ئۇنداق جەمئىيەتنىڭ كەينىدە قالماڭلار دەيمەن باللا، ھوي...

— قىزلارغا مۇشۇنداق ئەدەپلىك بولغۇلۇق ئەبەيكا، بولمىسا ئىندەككە كەلمەيدۇ ئۇ كەپتەرلەر، ئىندەككە كەپ بولغاندىن كېيىن بىزنىڭ ھېساب، — دەپ سەت ھىجايدى ھېلىم ۋە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— چوكا دېگەن ئۇرغۇيچە گەپتۇ شۇ، مەن شۇنداق ئاڭلىغان...

— ئاڭلىساڭلا ھېساب ئەمەس، ئاڭلىغان گەپنىڭ ھەممىسى توغرا بولىۋەرمەيدۇ ئۇكام، بىلمىگەندىكىنى غىت قىسىپ ئولتۇر ھە، — دېدى ئەبەي ئەتراپىدىكىلەرگە گىدىيىپ قاراپ قويۇپ تاماكا تۇتاشتۇرغاچ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قايسى كۈنى بىر ئاشخانىغا كىرىپ لەڭمەن يېدىم، لەڭمەننى يەپ بولۇپ كۈتكۈچىگە خېمىر شورپىسى ئەكىرىپ بېرىڭ دىسەم ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىدۇ...

— ھە، ھە، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولدى؟ — ھەممەيلەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىشتى.

— ئا... جىم تۇرۇۋشامسىلە گەپنىڭ بېلىگە تەپمەي، — ئەبەي ئەتراپىدىكىلەردىن بىزار بولۇپ ساقال بېسىپ كەتكەن يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى. — خېمىر شورپىسى ئىچەي دېگەن دېسەم، بۇ يەردە خېمىر شورپىسى قىلمايمىز دەيدۇ قاراڭلا، زەردەم ئۆرلەپ: «خېنىم، سىزنى خېمىردا شورپا قىلىدۇ دېمىدىم، ما لەڭمەننى سالغان سۇدىن ئاچچىقىپ بېرىڭ دەۋاتىمەن، مەنتەڭ دەپ خۇيزۇچە دەپ بېرەيمۇ يا» دەپ ئانىمىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىۋەتتىم دەڭلا. ئادەم دېگەندە ساپا بولمىسا بىكاركەن جۇمۇ، ئاشۇنچىلىك نەرسىلەرنىمۇ بىلمىسە بىزنىڭ بۇ ئادەملىرىمىز، كېيىنچە قانداق بوپ كېتەرمىز دەيمەن...

— ھاي، ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ ئەبەيكا، — دەپ گەپ قىستۇردى قاسىم تاماكا ئىسىدىن كۆپكۆك بولۇپ كەتكەن چىشلىرىنى چىقىرىپ خۇشامەت ئارىلاش، — زامان تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، كېيىنچە بىلىپ كەتمەمدۇ، مانا بايا بىرمۇنچە گەپ قىلىۋىدىڭ نۇرغۇن نەرسىنى بىلىۋالدۇق...

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ھەممە نەرسىنى ۋاقتىدا ئۆگەنمىسە بىكار، مەنمۇ بالامنى قالتىس ئادەم قىلىپ چىقمىسام ئىگەكىم، — دەپ گەپ قىستۇردى تۇراق باشلىرىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ، — ھازىر چاي ئىچمەكچى بولسا چىنىنى خوشە دەپ سوقاشتۇرۇپ ئىچىدۇ قاراڭلا، ئازراق چوڭىسا سورۇنلارغا ئاپىرىپ قىشىمدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ سورۇن كۆرسىتىپ، ئىت تالاشتۇرىدىغان سورۇنلارغا ئاپىرىپ، سادامدەك يۈرەكلىك ئادەم قىلاي دەيدىغان خىيالىم بار...

— سەن نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ھەي؟ ئۆمىلاقمان گېپىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىزلا بىر گەپلەرنى قىلىسەنغۇ سەن ھە، ساپا مەسىلىسى دەۋاتىدۇ ئەبەيكام، ساپا، سېنىڭ بالاڭنى ئىت تالاشتۇرىدىغان سورۇنغا ئاپىرىپ سادامدەك يۈرەكلىك قىلىش بىلەن ساپانىڭ قانداق ئالاقىسى بار ھاي؟ مانداق گەپنى ئاڭقىرىپراق گەپ قىلمامسەن؟ ساداممۇ بولمايدىغان قەلەندەركەن، بىكاردىن ـ بىكار كۇيتقا (كۇۋەيت دېمەكچى) ئۇرۇش قوزغىدى، ئەمدى مانا جاجىسىنى يەپ نۇرغۇن ئەدەمنىڭ بېشىغا چىقىپ ئۆزىمۇ ئۆلدى ئەينا، — دېدى بايىدىن




بىرى گەپكە ئارىلاشماي ئولتۇرغان ھېكىم.

— ئەمدى سادامدىن چۈشتىيا ما قاسماق، — دەپ غودۇڭشىدى قاسىم تۇراققا مەنستىمەسلىك قاراپ.

— قانداق ئالاقىسى يوق؟ قاتتىق ئالاقىسى بار، بالىنى يۈرەكلىك قىلىپ تەربىيەلەش بىلەن ساپانىڭ مەنىسى بىر... قانداق دېدىم ئەبەيكا؟ — دېدى تۇراق قىزىرىپ ئەبەيگە يېلىنىش بىلەن قاراپ.

— مېنىڭچىمۇ ئالاقىسى يوق، — دېدى ھېلىم ناھايىتى سالماق ھەم ئويلىنىۋاتقان قىياپەتتە. ئۇ «مېنىڭچە» دېگەن گەپنى قىلغاندا ئەتەي بىر قولنى يېرىم سوزۇپ ئالقىنىنى ئۈستەلگە دۈم قويۇپ يەنە بىر قولىنىڭ جەينىكىنى ئۈستەلگە تىرەپ بىلىكىنى تىكلەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئالدى ـ كەينى پۇلاڭلاتتى...

— ۋاي ماڭغىنا ھەي، نېمانداق قوۋۇرغامنى ئېگىدۇ ما لەقۋا، بىر يەرنىڭ باشلىقىدەك گەپ قىلىپ كەتكىنىنى تېخى، — دېدى تۇراق ھېلىمغا ياراتماسلىق بىلەن قاراپ.

— باشلىقمۇ بىزدەك ئادەم، چوڭ بىلمەيمىز... مەن شۇنداق دەيمەن... قانداق؟ گەپ بار ئوخشىمامدۇ شۇنداق دېگەنگە؟

— ھاي، ھاي، — دېدى باياتىندىن بېرى تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغان زاكىر، — سورۇن باشلانماي تۇرۇپلا بۇنداق گەپ تالاشقىلى تۇرساڭلا ما سورۇندا ئولتۇرغىلى بولمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟ تۇراق بالىسىنى تەربىيەلەيدىغان ئىت تالاشتۇرىدىغان سورۇن ئەمەس جۇمۇ باللا ماۋۇ، ئەبەيكامۇ ھەرقايسىڭلارنى ئۇرۇش ـ تالاش قىلغىلى چاقىرمىغاندۇ بۇ يەرگە...

— ئەبەيكا، ئۆزىڭىز لىللا بىر گەپ قىلىڭا، ساپا دېگەن نېمە؟ ساپا بىلەن مېنىڭ بالامنى تەربىيەلىشىمنىڭ ئالاقىسى بارمۇ ـ يوقما؟ — دېدى تۇراق ئۇۋالچىلىق بىلەن، — ئۆزىڭىز چۈشەندۈرۈپ قويالا ماۋۇلارغا.

تۇراق شۇنداق دېگەچ ئەبەينىڭ چىنىسىگە چاي لىقلاپ قويدى.

— ھېھ، — دەپ دېمىقىنى قاقتى ئەبەي ئۇلارنى ياراتمىغاندەك قىلىپ، — جاھاندا تالىشىدىغان ئىشلار شۇنچە جىق تۇرسا مۇشۇنچىلىك ئىشلارغىمۇ بېشىمنى ئاغرىتىسىلە ھە مېنىڭ. ساڭا دېسەم قارا، ساپا دېگەن نېمە دەپ خۇددى روزى ۋاقاق مۇئەللىم دەرستە سورىغاندەك سوئال سورىدىڭ، رەھمەتلىكنىڭ بۇرنى خۇددى سا تازىنىڭ تومشۇقىدەك ئەگرى ئىدى مۇنداق، — ئەبەي شۇنداق دېگەچ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى يېرىم ئەگدى، — ھەممىڭلار ئوقۇغانغۇ شۇنىڭ قولىدا؟

ئەبەي شۇنداق دەۋېتىپ ئەتراپىدىكىلەرگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— ئوقۇغان، ئوقۇغان، — دېيىشتى ھەممەيلەن تۇشمۇ تۇشتىن.

— روزى دېگەن ئۇ قەلەندەر بەك خۇشامەتچى ئىدى، — دېدى ھېلىم قىزىشىپ، — دائىم مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشىنى قىلغىلى سالاتتى بىزگە...

— بەك ئىلمىي مۇدىر بولغۇسى بار ئىدى ئۇ مۇئەللىمنىڭ، — دېدى زاكىر گەپكە ئارىلىشىپ.

— ئا... مۇشۇ بىر ئادەم گەپ قىلىپ تۇرسا گەپكە بىر قوشۇق سالمىساڭلار، گېپىمنىڭ ئاخىرى تۈگىمىدى تېخى... — دېدى ھېلىم زەردە بىلەن، — جىم تۇرۇڭلا، سىلەر ھېچقايسىڭلا بىلمەيدىغان مەخپىي گەپتىن بىرنى قىلىپ بېرىمەن.

— ھە، ماقۇل، ماقۇل. گېپىڭنى قىلە، بىز جىم ئولتۇرىلى، سەپرا بولۇپ كەتكىلى تۇردۇڭ مۇشۇ كۈنلەردە...

— توغرا دەيدۇ، — دېدى ئەبەي ھېلىمنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، — مۇشۇنداق ئىشنى قىلمايلى جۇمۇ باللا، بىرى گەپ قىلسا جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاشمۇ بىر ھۈنەر، مەخپىي گېپىڭنى قىلە ھە.

ھېلىم گېپىنى داۋام ئەتتى:

— ئۇ رەھمەتلىك تاس قالاتتى بىزنىڭ سىنىپنىڭ قىزلىرىغا مۇدىرنىڭ ئايالىنىڭ كىرلىرىنىمۇ يۇيدۇرغىلى سالاتتى. ئوغۇل باللىغۇ نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭ ئىشىنى قىلاتتۇق. بىر قېتىم چۈشلۈكى مەكتەپكە بالدۇر كەپ قاپتىمەن، ئىشخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام روزى مۇئەللىم چاقىرىپ قالدى، كىرسەم يانچۇقىدىن قېلىن بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ: «مۇدىرنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ بەرگىن» دېدى، ماقۇل دەپ ئۇ نەرسىنى ئېلىپ ئىشخانىدىن چىقتىم، — ھېلىم شۇ يەرگە كەلگەندە چاي ئىچمەكچى بولۇپ پىيالىگە قولىنى سوزدى.

— ئا... نېمانداق قىلسەن قىزىق يەرگە كەلگەندە، خۇددى كىنوغا ئېلان چىققاندەك، تېز دېگىنە، بەك ئاڭلىغۇم كەپكەتتى مېنىڭ، — تۇراق شۇنداق دېگەچ ئورۇندۇقنى تېخىمۇ ئالدىغا تارتىپ مەيدىسىنى ئۈستەلگە تىرىدى...

— چاي ئىچىۋالاي...

— بولە تېز ھېي...

— مانا ھازىر دەيمەن، — دېدى ھېلىم قولىنىڭ

كەينى بىلەن جاۋىغايلىرىنى ئېرتىۋېتىپ، — تالاغا چىقىپ كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكى نېمىكى دەپ بەك بىلگىم كەلدى، قارىسام كونۋېرت يەملەنمەپتىكەن، ئىچىگە جىن كىرىۋالدى دەڭلا، قىزىقچىلىقتا كانۋېرتنى ئېچىپ قارىسام قىپقىزىل يۈز كويلۇق پۇل.

— ۋاھ، ئارقا ئىشىك قىلماقچىكەنده، — دېدى ئەبەي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، — ھەممىنى ئېلىپ قاچتىم دە؟

— ياق، ئېلىپ قاچمىدىم، بېشىم ئونىمۇ مىنىڭ ئۇ چاغدا، ئەگەر ھازىر بولغان بولسا خۇدايىم بەردى دەپ ئېلىپ قاچاتتىم. ئاخىرى تېخى قىزىق ئەبەيكا بۇنىڭ، شۇنىڭ بىلەن ھاجەتخانا تېمىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ سانىسام توپتوغرا بەشمىڭ كويكەن.

— كېيىن قانداق بولدى؟ — دەپ سوراشتى ھەممىسى.

— شۇنىڭ بىلەن پۇلدىن بىرەر ۋاراق ئېلىۋالسام قانداق بولار دەپ ئويلاپ كەتتىم، ئويلىغانسېرىم يۈرىكىم سىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىشىم چىقىپ ئۇنداق جىق پۇلنى كۆرۈپ باقمىغاچقىمۇ پۇلنى سانىپ بولغۇچە تەرلەپ كەتتىم قارا، ئاخىر بىر ۋاراق ئېلىۋالاي دەپ شۇنداق تارتسام ئىككى ۋاراق چىقىپ قالدى، بۇمۇ بوپتۇ، ئەسلى بۇ ئىككى يۈز كوي مىڭىڭكەن دەپ ئىككى يۈز كوينى پايپىقىمنىڭ ئىچىگە تىقتىم.

— ۋاي ئوغرى، بۇ ھۈنىرىڭ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا باركەنده، ئۇرايىم سىكىلەكىنىڭ توخۇلىرىنى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپمۇ قالدىڭ ھە، ئېسىڭدە بارمۇ شۇ ئىشلار، — دېدى ھېكىم ھجىيىپ تۇرۇپ.

ھېلىم ھېكىمنىڭ ئۆتكەن ئىشنى قايتا تىلغا ئېلىپ ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىز ھالەتتە قالدۇرىۋاتقىنىغا سەل خىجىل بولدى - يۇ، يەنىلا ئۆزىنى ئوڭشۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئېسىمدە بار، شۇك تۇرە مەن گەپ قىلىۋالاي، ئىككى يۈز كوينى پايپاقنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ تەڭقۇلغاندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە باردىم. بىلسەڭغۇ ئەبەيكا ئۇنىڭ ئۆيىنى، چاپان قالدىدىكى ھېلىقى چۆرىسىگە چىنەخش چاپلانغان چوڭ دەرۋازىلىق ئۆي.

— كونا تۈگمەننىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆي.

— ھە بىلىدىكەنسەن، دەل شۇ...! قارىسام دائىم ئېتىكلىك تۇرىدىغان دەرۋازىسى يېرىم ئوچۇق تۇرىدۇ، ھويلىغا كىرىپ ئۇيان - بۇيان قارىسام ئادەم يوق، شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە كىردىم، كىرسەم ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسى ئوچۇق، بىر - بىرلەپ قارىسام ھېچقايسىسىدا ئادەم يوق، يېنىپ چىقىپ قارىسام ئۆينىڭ يەنە بىر تەرىپىگە چاپلاپ بىر ئېغىز ئۆي سالغان ئىكەن، ئاشۇ ئۆيگە كىرىپ باقاي دەپ ئاستا ئىشىكنى ئېچىپ كىرسەم، ۋاي ئاللا كارامەت، نېمە كۆردۇم دېمەمسىلە؟

— ھە، نېمە كۆردۈڭ؟ — سوراشتى ئۇلار تۇشمۇ - تۇشتىن.

— ۋاي توۋا، ئۇ يالىڭاچ بولۇۋېلىپ بوينىنى سۇغا سالغىلى تۇرۇپتۇ.

— كۆندۈز كۈنلۈكمىدى ئۇ؟

— ھاي دېدىمغۇ بايا، چۈش ۋاقتى دەپ.

— ۋاھ، تازا ئانار پىشقان يەرگە كىرىپسەن ھە، بالدۇرراق كىرگەن بولساڭ نوچىسىنى كۆرەركەنسەن، كېيىن قانداق بولدى؟

— شۇنىڭ بىلەن دەرھال كەينىمگە ياندىم، ئىككى يۈز كوينى تىقىۋېلىپ يۈرىكىم سىلىپ ئاران تۇرسام، ئۇ ئىشنى كۆرۈپ نېمە بولغىنىمنى بىلمەيمەن، قارىسام دەرۋازىدىن سىرتقا چىقىپ بوپتىمەن، دەرھال كېتەي دەپ تۇرسام مۇدىر يۈگۈرۈپ كەينىمدىن چىقىپتۇ.

— نىم دىدى؟

— نىم دەيتتى، نېمىشقا ئىشىكنى چېكىپ كىرمەيسەن؟ نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ — دەپ سورىغاچ ئۇنىڭغا قويماي چاي ئىچىپ ماڭ دەپ قولۇمدىن تارتىپ ھويلىغا ئەكىردى. قارىسام دائىملا قاپىقىنى سىلىپلا يۈرىدىغان مۇدىر شۇنداق مۇلايىم بوپ كېتىپتۇ. مەن بولغان ئەھۋالنى دەپ كانۋېرتنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ كانۋېرتنى ئالدىراپ ئېلىپ ئېچىپ كۆرۈپ بىقىپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن يۈز كويلۇق پۇلدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماسلىقىمنى، ئەگەر تىنىپ قالسام باشقىلارغا تۆھمەت قىلىدى دەپ مېنى مەكتەپتىن ھەيدەيدىغانلىقىنى، يەنە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىر مۇنچە ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ يولغا سالدى شۇ. ئۇھ، ۋايجان، ئۇسساپ كەتتىم، چاي قۇيە، ھېي زاكىر قاراپ ئولتۇرماي.

شۇ چاغدا ئايىرمخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كۆتكۈچى ھورى ئۆرلەپ تۇرغان، قىزىرىپ پىشقان ئىككى لېگەن توخۇ قوردىقىنى ئارقا - ئارقىدىن ئەكىرىپ ئۈستەلگە قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئايىرمخانىنىڭ ئىچىنى توخۇ قوردىقىنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلىدى. ئۇلار شۆلگەيلىرىنى يۇتۇشقىنچە قوللىرىغا چوكىنى ئېلىپ ئېلىڭلا،

بىقىلا دېيىشىپ ئالدىراپ توخۇ قورۇمىسىدىن يېيىشكە باشلىدى.

— چۈپنى دېمىسەكمۇ ئەكىرىپ بېرەر ھە، — دېدى زاكىر ئاغزىدىكى لوقمىنى چايناۋېتىپ. قورۇمىنىڭ سۈيى ئۇنىڭ جاۋغايلىرىدىن ئېقىپ زاڭىقىغا چۈشكەن ئىدى.

— دېمىسەڭ بەرمەيدۇ، — دېدى ئەبەي چوكا بىلەن توخۇ پۇتىنى قىسىۋېتىپ، — ماڭە سەن چىقىپ دە، چۈپتىن بەشنى دەپ.

— نېمانداق جىق، ئازراق بۇيرۇتايلى، — دېدى قاسىم كۆزىنى چەكچەيتىپ، — باشقا سەي بۇيرۇتارمىز يەنە.

— بۇيرۇتۇشنى بۇيرۇتىمىز، — دېدى ئەبەي قاسىمغا بىزار بولۇپ قاراپ، — ئې پۇكانلىرىڭلىنى تونۇلۇۋالمىساڭلا بىر دەمدە قويۇق تۈكۈرگىلى تۇرارسىلەر ھېلى.

— ئا... ئەبەيكا، — دېدى تۇراق چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — تاماق يەۋېتقاندىمۇ شۇنداق گەپ قىلىدىكەنسەن، چىرايلىقراق گەپ قىلساڭ بولمامدۇ؟ ئادەمنى سەسكەندۈرۈپ...

— شۇنداق گەپ لايىق سىلەرگە.

— ھاراقنىمۇ دەپ قويغانسەن، — دېدى قايتىپ كىرىۋاتقان زاكىرغا.

— ھە، دەپ قويدۇم، ئەلى داپۇدىن ئىككىنى دەپ قويدۇم...

— ھە، بوپتۇ، ھەممىمىز ئىككىدىن ئالىمىز - ھە، ھاراقنى، مەن سەيدىن يەنە ئىككىنى دەيمەن، بۈگۈن چىلاشقۇدەك ئىچىمىز، — دېدى ئەبەي ئەتراپىدىكىلەرگە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— ئاران ئىككىنىما؟ — دېيىشتى باشقىلار تۇشمۇ - تۇشتىن، — ئەتىگەندە مېھمان قىلىمەن دەپ چاقىرغان ئىدىڭ، ئەمدى ھەممىمىزنى چىقمىدار قىلامسەن؟ چىدىمىساڭ چاقىرمىساڭ بولمامدۇ؟ ئۆيىمىزدە ئىشلىرىمىز بار ھەممىمىزنىڭ.

— ۋاي توۋا، مۇنداقلا دەپ قويسام ئاللا - توۋا سىلىپ كەتتىڭلارغۇ ھەي، ھەرقايسىڭنىڭغۇ قولدىن پوقمۇ كەلمەيدۇ، بولدى، ئوغۇل بالىدارچىلىقتا ھەممىنى ئۆزەم تۆلەيمەن، قانداق، بولدىمۇ؟

— ھە، ما گېپىڭ ئەمدى تېخى ئەبەي لوبەننىڭ گېپىگە ئوخشىدى، — دېدى ھېكىم ئەبەينى ئەتەي كۆپتۈرۈپ.

— بۇرۇنمۇ شۇنداقتۇق ئۇكام بىز، نى نى ئىشلارنى قىلغاندا تېخى ئېغى يوق ئىشتان كىيەتتىڭلا سىلە.

— بولدى، ئەبەيكامۇ پۇلنى كۆندە كەسمەيدۇ، ئىككى بوتۇلكىنى مەن ئالىمەن، — دېدى ھېلىم مەيدىسىنى كېرىپ، سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرى ئارىسىغا كىرىۋالغان گۆش يۇقۇندىسىنى چىش كولىغۇچ بىلەن كولاپ ئېلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن قايتا ئېغىزىغا سېلىپ تۇرۇپ.

— نېمىلا دېگەنبىلەن ھېلىم يارايدۇ جۇمۇ يەنە، — دېدى ئەبەي، — ئاچە ئاغزىڭنى، ما گۆشنى سېلىپ قوياي، — ئۇ شۇنداق دېگىنچە ھېلىمنىڭ ئېغىزىغا قورۇما ئارىسىدىن ئاران تەستە تىرناقچىلىك كېلىدىغان بىر تال گۆشنى تېپىپ ئۇنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بايا ھەبىقاسىڭلىنى سىناپ باقتىم مۇنداق، قورقماڭلا، سىلىنى چىقمىدار قىلمايمەن، مۇشۇنداق سىناقتىن ئۆتەلمىسەڭلار باللا، سىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلمىساقمۇ بولىدۇ جۇمۇ، ئاران ئىككى بوتۇلكا ھاراق ھېي باللا...

— بولدى خاپا بولمىغىنە ئەبەيكا، بىزمۇ چاقچاق قىلىپ قويدۇق سېنى نېم دەيدۇ دەپ، شۇنداقمۇ باللا؟ — دېدى تۇراق سورۇندىكىلەرگە تەكشى نەزەر بىلەن قاراپ.

— شۇنداق، شۇنداق...

— چاقچاق قىلدۇق ئەبەيكا، چۈشىنە ئۇنچىلىك گەپلەرنى، سەن يا بىر سىنىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان ناتىين بولمىساڭ، — دېدى ھېكىم ئەتراپىدىكىلەر ھەر خىل رەۋىشتە تۇراقنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن.

ئۇنىڭغىچە كۈتكۈچى ئىككى بوتۇلكا ھاراق بىلەن ئىككى رومكىنى قويۇپ قويۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىنىلىرىگە چاي لىقلىدى ۋە ئۇلاردىن سورىدى:

— سىلەرگە يەنە نېمە لازىم؟ قورۇما بۇيرۇتامسىلە؟

— بۇيرۇتىمىز، — دېدى قاسىم ئالدىراپ ئەبەيگە قاراپ، — ئەبەيكا، بايىقى گەپ بويىچە قورۇما دەۋەتمەمسەن ئەمسە؟

— سەي بىلەنلا قالدىڭلىغۇ باللا ھەي، بەشتال چۈپ بىلەن قورسىقىڭلا تويغاندۇ؟ سەل تۇرۇپ بۇيرۇتمامدىمەن، يېگىنىڭلا ئازراق سىڭسۇن، — دېدى ئەبەي غودۇراپ.

— ياقەي، سېنى ھېلى ئۇنتۇپ قالمىسۇن دېدۇق، —

دېدى كىمدۇر بىر گەپ قىستۇرۇپ.

— خاتىرجەم بولۇڭلا، ئانام ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان مېنى، ئۇنتۇپ قالمايمەن. سىز چىقۋېرىڭ ئۇكام، ھېلى بۇيرۇتىمىز، ھەي توختاپ تۇرۇڭ، ما بىرنېمىنى ئاچىقىپ كېتىپ چاي قۇيىدىغان يوغان ئىستاكاندىن ئىككىنى ئەكىرىپ بېرىڭ، — دېدى ئەبەي ئۈستەلدىكى ھاراق رومكىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارمايمىز بىز. بىزمۇ شەلكەتەك ئىستىكاندا ئىچەلەيمىز، سەھرادا ھاڭرىغان ئېشەك بازادىمۇ ھاڭرىيالايدۇ.

كۆتكۈچى گەپ قىلماستىن رومكىلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئەبەي ئۆزىنىڭ كۆتكۈچىگە شۇنداق ۋەزمىن گەپ قىلغانلىقىنى ئەتراپىدىكىلەرگە كۆز - كۆز قىلماقچى بولۇپ مەيدىسىنى سەل كېرىپ قويۇپ ئورۇندۇققا يۆلىنىپ سېمىز قورسىقىنى پوسكايتىپ قېتىپ ئولتۇردى.

— ھەي، ئەبەيكام قالتىس گەپ قىلدىڭىز جۇمۇ، ھەر بىر ئېغىز گېپىدە بىر ماقال - تەمسىل بار، — دېدى ھېلىم ئەبەينى ماختاپ.

بۇ ماختاشنى ئاڭلاپ ئەزەلدىنلا ئۆزىنى بىلەرمەن چاغلايدىغان ئەبەينىڭ خۇشلۇقتا ئېغىزى كالچاراپ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى. خۇشلۇقىنى بىلدۈرمەي دېسىمۇ يۈزلىرى لىكىلداپ خۇرسەنلىكىنى يوشۇرالمىدى.

— ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، يۇرتىمىزدا مۇشۇ ئادەمدەك پاكىز ھاراق ئىچىدىغان ئادەم يوق جۇمۇ، — دېدى زاكىر ھېلىمنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا.

— ئۆگىنىپ قويغۇلۇق مانداق، ئەر كىشى دېگەنگە 72 خىل ھۈنەر ئاز دەيدىغان گەپ بار، ئادەمدە ساپا بولمىسا بىكار، — دېدى ئەبەي كۆرەڭلىك بىلەن قوللىرىنى خۇددى يىغىن ئېچىۋاتقان باشلىقتەك ئۇيان - بۇيان سىلكىپ.

— ۋاي - ۋۇي، شۇنداقمۇ تولا دېدىڭ مۇشۇ ساپا دېگەن گەپنى، بايا سورىسام گەپ باشقا يەرگە كېتىپ قالدى، — دېدى تۇراق ئەبەيگە قاراپ، — دېگەنە، ساپا دېگەن نېمە زادى؟ باشقىلار قوشۇق سالماي تۇرۇڭلا ھە، بولمىسا گەدىنىڭلىگە يەيسىلە...

— ۋاي بىر دەپ بەرگىنە ئەبەيكا مۇشۇ ساپا دېگەن گەپنى، تۇراق بىر بىلىۋالسۇن، بۇنى بىلەلمەي بالىسىنى تەربىيەلىيەلمەي قالمىسۇن يەنە، — دەپ تۇراقنى مازاق قىلدى زاكىر.

— گەپ قىلما دېدىم ھېيى، — تۇراق شۇنداق دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە زاكىرنىڭ گەدىنىگە بىر شاپىلاق سالدى.

— تەگەۋاتامسەن چاقچاق قىلسام، راست ئۇرۇۋاتىدۇيا ما گۈي، تالاغا چىقامدۇق يا؟ — دېدى زاكىر تۇراققا ھۈرپىيىپ.

— دېدىمغۇ بايا گەپ قىلماي ئولتۇرۇڭلا، بولمىسا گەدىنىڭلىگە يەيسىلە دەپ، بىلمىگەننى بىلىۋالغۇلۇق مانداق، بۇ دېگەن بىلىم ئېلىش دەۋرى ئاداش.

— ھە شۇنداقمىدى، مەن ھەجەپ بىلمەپتىمەنيا، قولۇڭلىنى باشقۇرۇۋېلىڭلار جۇمۇ، بىكار زىيان تارتىپ قالسىلە...

— قانداق زىيان تارتىمەن؟ سولتۇۋېتەمسىلە نېمە؟

— ئا... تولا مىدىرلايدىغان قولۇڭلىنى سۇندۇرۇۋەتمەي بىكا...

— سىلىگە قول سۇندۇرغۇزىدىغان جاننى ئىتقا تاشلاپ بېرەمىنا...

— ھاي ئاداشلار ھاي، ما سورۇننى سورۇن قىلامسىلە - قانداق؟ ئولتۇرساڭلا ئولتۇرۇڭلا، بولمىسا باشقا يەردە ئولتۇساڭلىمۇ خاپا بولمايمىز، ما سورۇننى ئەبەيكام قىلغاندىكىن، ھۆرمىتىنى قىلىپ بىر يېرىڭلىنى قىسىشىپ ئولتۇرۇشۇڭلا، بولمىسا چىقىڭلا ما سورۇندىن، — دەپ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى ھېلىم زاكىر بىلەن تۇراققا.

— چاقچاق قىلىشتۇق ھاي، ئوت قويمىغىنا ھېلىم سەنمۇ.

— چاقچاقڭلىنى باشقا يەردە قىلىشڭلا، ئىچمەي تۇرۇپ مانداق ۋارقىراشساڭلا ئىچكەندىن كېيىن قانداق باشقۇرىمە مەن بۇ سورۇننى؟ ئادەم دېگەندە راستىنلا ساپا بولمىسا بولمايدىكەن جۇمۇ ئەبەيكا، تازىمۇ ساپاسىز نەرسىلەر بىلەن ئولتۇرۇپتىمىز بۈگۈن ھاي.

— ۋايجان، سىلە بەك ساپالىق غوجام.

— نېمە؟ ھاراقنى سەن قۇيامسە؟

— ئەبەيكام قىلغان سورۇننىڭ قايسىسىدا مەن ساقىي بولمىغان؟ قانداق دېدىما ئەبەيكا ھە؟

ھېلىم ئىشەنچ بىلەن ئەبەيگە قارىدى.

— ياق، بۈگۈن ھاراقنى ئۆزەم قۇيىمەن، بۈگۈن دېگەن ئالاھىدە كۈن.

ئەبەيدىن «بولىدۇ، سەن ساقىي بول» دېگەن جاۋابنى كۈتۈپ تۇرغان ھېلىمنىڭ چىرايى ۋىللىدە قىزاردى - يۇ، لېكىن چاندۇرماستىن گەپ باشلىدى:

— بولىدۇ، بولىدۇ، قانداق ئالاھىدە كۈن؟ تېزراق دېگىنە، سېنىڭ قولۇڭدىنمۇ ھاراق ئىچمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ، ئۇنداقتا سەن قوي، مەن سورۇنغا خىزمەت قىلاي، — دېدى ھېلىم خۇشامەت ئارىلاش. شۇنداق دېگەچ بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، ئىستاكان بىلەن قوشۇپ ئەبەيگە تەڭلىدى.

ئەبەي قولىدىكى تۆگەي دەپ قالغان تاماكىسىنى كۈلدانغا بېسىۋېتىپ يەنە بىر تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ پۇشۇلداپ تىنغىنىچە تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىدى:

— بۈگۈن ھەرقايسىڭلارنى بۇ يەرگە باشلىشىمدىكى... ئۆھھۆ... ئۆھھۆ... — ئۇ گەپ قىلىپ شۇ يەرگە كەلگەندە تاماكا ئىسى كۆزى، بۇرنىغا كىرىپ دېمى يېتىشمەي شۇنداق قاتتىق يۆتەلدىكى ئۈچەي - باغرى ئېغىزىدىن يېنىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق قەي قىلىپ قېقىلىپ كەتتى. يېنىدىكىلەر ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بوش مۇشتلىغاندا ئاندىن يۆتىلىدىن توختاپ يېنىك نەپەس ئالدى. ئۇلار ئەبەينى يۆلىنىپ قالغان ئورۇندۇقتىن تارتىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئۇنىڭ بۇرۇنلىرى چۈۋۈلۈپ، چىرايى تاتىرىپ كۆزىدىن ياش، ئېغىزىدىن بەلغەم ئارىلاش سېرىق سۇيۇقلۇق ئېقىپ تۇراتتى.

— ئۆھۆ... ۋايجان... — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئۈستەلدىن قەغەز ئېلىپ يۈز - كۆزىنى ئېرتتى. ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ، توختىماي ھاسىرايتتى.

— نىمبولدۇڭ ئەبەيكا ھەي؟ ھېچقاچان بۇنداق بولمايتتىڭ، بۈگۈن ئەجەب بىر قىسما قىلىقلارنى قىلدىڭغۇ سەن، مىجەزىڭ يوقمۇ نىمە؟ — دېدى ھېلىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىشىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

— ھېچنىمە بولمىدىم، تاماكا ئىسى ئۆپكەمگە كەتتى...

— تاماكا ئىسى دېگەن ئۆپكىگە بارماي باشقا يېرىڭگە بارامتى ئەمىسە، جېنىڭنى قىينىغۇچە چەكمىسەڭ بولمامدۇ ئۇ ئېشەك يېمەيدىغان نېمىنى، — دېدى قاسىم ئەبەيگە.

— ئانامدىن قالغان نەرسكەن، بولدىمۇ ئەمدى؟ تولا چىشىمغا تەگمەي جىم ئولتۇرە! ھېلى بىكار! ئادەم قىينىلىپ ئۆلەي دەۋاتسا تاماشا كۆرۈۋاتامسەن نېمە؟ — دېدى ئەبەي قاسىمغا گۆلىيىپ.

ئەبەينىڭ ئەلپازىدىن سەل ئەيمەنگەن قاسىم دەرھال چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە يۈگۈرتتى:

— ۋاي خاپا بولمىغىنە ھوي، مەنمۇ شۇ ساڭا ياخشى بولسۇن دېدىم ئاكا، ساڭا كۆيەنگىنىم بۇ..

— كۆتەر ئۇنداق كۆيۈنۈشىڭنى، ماڭا كۆيۈنىدىغان ئادەم ساماندا سەككىز. بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق چاقچاق قىلما مېنى ئاغىنەم دېسەڭ ، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، باشلىق...

— ۋاي تۇۋا، بۇ سورۇننى باشلىماق شۇنداق تەسكە توختىدىيا، — دېدى ئەبەي سورۇندىكىلەرگە قاراپ، — بۈگۈن سىلەرنى بۇ يەرگە باشلىشىمدىكى بىرىنچى مەقسەت، ھە بىرىنچى مەقسەت... ھەي زاكىر تولا تىرىقشىتماي جىم ئولتۇرە... مەن گېپىمنى قىلىۋالايما؟ بىرىنچى مەقسەت مەن ئىككى يىل ئىلگىرى كەنت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ئاشخانا ئاچقان ۋاقتىمدا شۇ ئاشخانىدا تۇۋەنكى مەھەللىدىكى تۇردى جەرەننىڭ قىزى مېنىڭ ئاشخانامدا ئىشلىگەن...

— ھە، ھە... — دېدى ھېلىم قىزىقىپ، — ھېلىقى تۇردى جەرەننىڭ كىچىك قىزىنى دە، كىچىكلا بىرنېمىتىغۇ ئۇ...

— ھە، شۇ... سەن تونۇيسەن، كىچىك ئەمەس ئاداش، تەلپەك بىلەن بىرنى ئۇرساڭ يىقىلىپ چۈشمىسە بولىۋېرىدۇ، ھا ھا ھا... شۇ چاغلاردا ئۇنى بۇنى دەپ، كىيىم ئېلىپ بېرىپ، خوتۇنىدىن ئوغرىلىقچە ئانچە - مۇنچە پۇل بېرىپ كەلتۈرۈۋالغان ئىدىم، ئائىلىسى بەك نامرات خەقلىكەن، ئاتا - ئانىسى كەلسە ئاشخانىدا بىكارلىق تاماق يەيتتى، مەنمۇ ئانچە - مۇنچە ياغ، گۈرۈچ، خۇشۇم تۇتسا بىرەر پۇت گۆش بېرىپ تۇراتتىم.

— قىلغان ساۋاپلىقىڭغا يۇندى چېچىپ مېڭىپسەن ھە، — دېدى ھېلىم.

— جىم تۇرە ھېلىم، ئەمدى سەن بۇزغىلى تۇردۇڭغۇ سورۇننى، سورۇن ئىستىلى، ھاراق ئىستىلى دېگەننى باشقىلارغۇ بىلمىسۇن، سەن بولساڭمۇ بىلمەنداق...

— ھە، بولىدۇ، مەن دىققەت قىلاي، — دېدى ھېلىم ھىجاراپ بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ.

— ھەي توختاڭلار، ئەبەيكا سەنمۇ توختا، — دېدى تۇراق ئىككى قولىنى كېرىپ گەپ قىستۇرۇپ.

— ھە نېمە گەپ؟

— ھاي، بايىدىن بېرى ھېلى ساپا دەيسەن، ھېلى ھاراق ئىستىلى، سورۇن ئىستىلى دەيسەن، بۇ نېمە دېگىنىڭ، باياتىنمۇ گېپىمگە جاۋاب بەرگۈچە گەپ باشقا ياققا كېتىپ قالدى، ئەمدى يەنە يېڭى بىر گەپ چىقتى. مۇشۇ گەپلىنى بولسىمۇ بىلىۋالاي، دەپ بېرە ماڭا...

— ھې ھې ھې، مانا دېمىدىما مەن، نوچىلىق قىلغىنىڭلا بىلەن مۇشۇنچىلىك نەرسىلەرنىمۇ بىلمەيسىلەر تۇرىقاخۇن، — دېدى ئەبەي مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — ھاراق ئىستىلى، سورۇن ئىستىلى، ساپا دېگەنلەرنى بۇ يەردە سىلىگە ئۆگىتىپ بولغىلى بولمايدۇ. ھەم خالىغان ئادەم بىلەلەيدىغان نەرسە ئەمەس ئۇ. بۇنى كاللاڭلىدىن كۆرۈڭلا.

— ھە بوپتۇ، سىلە بەك ئەقىللىق، سىلە بىلەن تەڭلەشكىلى بولمايدۇ ئەبىياخۇن، — دېدى تۇراق خاپا بولۇپ، — ئۇنداق بولسا دەڭلا قېنى، بۇ گەپلەرنى نەدە يۈرۈپ ئۆگەنگەن سىلە؟

— مەنمۇ؟

— ھە، سىلە؟

— كەنت كادىرلىرى بىلەن ئويناپ يۈرگەندە ئۆگەنگەن ھۈنەرلەر ئۇكام بۇ، بۇلارنى بىلمىسەڭلا چوڭ سورۇنلاردا ئولتۇرالمايسىلەر. بىلەمسىلەر؟ يېزا باشلىقى بىلەنمۇ ئولتۇرۇپ باققان جۇمۇ مەن، قايسىڭلار ئولتۇرۇپ باققان يېزا باشلىقى بىلەن؟

سورۇندىكىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ گەپ - سۆز قىلماستىن ئورنىدا ئولتۇرۇپ قىمىرلاشتى.

— مانا مەن ئولتۇرۇپ باققان، مۇشۇ سورۇنمۇ بارغۇ يېزا باشلىقنى كۈتىدىغان سورۇن بىلەن تەڭ، كۆزۈڭلىنى ئېچىپ قوياي دەپ مەن سىلىنى بۇ يەرگە ئەكەلدىم، بۇلتۇر بىر كەلگەن، بۇ يىل ئىككىنجى قېتىم كېلىشىم. ئەسلي گەپكە كەلسەم ئاغىنىلەر، بۇ سورۇننىڭ بىرىنجى مەقستى بۈگۈن ئاشۇ مۇھەببىتىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، شۇنى تەبرىكلەش...

— يوق ئەدەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزەمدۇق ئەمدى؟ ئۇ ئادەم سورۇندا بولمىسا يام؟

— يوق بولسىمۇ كۆڭلى بار يۈرىكىمىزدە، تۈنۈگۈن تېلېفون قىپتىكەن، بىردەم پاراڭلاشتۇق، تۇرغۇم كەلمىدى دەيتۇ ئۇ يەردە.

— نەدە ئۇ ھازىر، يۇرتتا ئەمەسما؟

— يۇرتتا ئەمەس، ئۆتكەن يىلى قىشتا ئاقسۇدا بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە بالا باققىلى كەتكەن.ھوجۇن كاساپەت، بىلىقتەك نەرستى، بەكلا كۆرگۈم كەلدى...

— ئايالىڭ بىلىپ قالسىغۇ ئوت ئالدۇرۇۋېتىدۇ سېنى، — دېدى ھېلىم گەپ قىستۇرۇپ.

— ئۇنى بىر دېمە، ئاكىلىرىغا دەپ يۇت - قوللىرىمنى چاناتقۇزۇۋېتىدۇ مىنىڭ ھاي...

— مۇشۇ بەستىڭ بىلەن ئاياللىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىسەن، يەنە قىلىدىغاننى قىلىسەن، بىر قېتىم مەتقۇۋان ئوتتۇنچىنىڭ خوتۇنىغا ساقال تاشلاپ مەتقۇۋان ئوتانچىدىن يېگەننى ئاز دەپ قېيىنئاكىلىرىڭدىن ئۆلگۈدەك تاياق يېدىڭ، يەنە بۇرنۇڭغا سۇ كىرمەيدۇ سېنىڭ، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى قاسىم.

— خۇدايىم ساقلايدۇ، بۈگۈن شۇڭا بۇ پوپايكىنى كىيىۋالدىم، — دېدى ئۇ پوپايكىسىنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئالدىنقى يىلى قېيىنئاتام تۈگەپ كېتىپ قىرنقىغچە ئايالىم ئۆيگە كەلمىدى ئەمەسما، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇ تۇمۇچۇقۇمنى شەھەرگە ئويۇناتقىلى ئەكىرگەن ئىدىم، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بىر پوپايكا ئېلىپ بەرگەن ئىدىم، ئۇ ماڭا بۇ پوپايكىنى تاللاپ بەرگەن، تۈنۈگۈن ھەر ئىككىمىز شۇ پوپايكىلارنى كىيىشكە ۋەدىلەشكەن ئىدۇق. شۇڭا بۈگۈن ئەتىگەندىلا بۇنى كىيىۋالدىم... ھې ھې ھې...

— ۋاھ ھەجەپ مۇھەببىتىڭلا چوڭقۇركەن ھە، — دىدى ھېكىم كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

— شۇنى دەيمە، — دىدى زاكىرمۇ ھېلىمغا قوشۇلۇپ. باشقىلارمۇ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ سادىقلىقىنى ئۆزلىرى بىلىشكەنچە ماختاشتى.

— ھە، راست، بۈگۈن ئايالىڭنى قانداق ئالدىدىڭ؟

— تۇردىخان بۈگۈن سەھەردە ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى، ئەتە نان ياقىدىكەن، ئەتە كەچكىچە ئۆيگە بېرىپ بولمىسام بولمايدۇ.

— ۋاي بىچارە...

— بىچارە دېمە، بىچارە ئەمەس مەن، بىچارە دېسە سەندەك بىر خوتۇنغىلا قاراپ ئولتۇرىدىغانلارنى دېسە بولىدۇ. ئىككىنجى مەقسەت، ھەرقايسىڭلار بىلەن ئۇزۇن بوپتىكەن كۆڭ - مۇڭ ئولتۇرمىغىلى، شۇڭا بۈگۈن قانغۇدەك ئوينىۋاللى دەپ چاقىردىم. ئاغىنە ئەمەسمۇ بىز، مۇشۇنداق خۇشال كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزمىسەك، ئىزدىشىپ تۇرمىساق قانداق بولىدۇ؟ ھەرقايسىڭلارنىڭ ئاغىنىدارچىلىقىغا قىل سىغمايدۇ، قانداق دېدىم ئاغىنە باللا؟ — ئەبەي ھىجاراپ تۇرۇپ سورۇن ئەھلىگە كۆز يۈگۈرتتى.

— توغرا دېدىڭ، راست گەپ...

ئۇلار باشلىرىنى گىلدىشىتىپ، ماقۇل، ماقۇل دېيىشىپ ئەبەينىڭ گېپىنى تەستىقلاشتى.

— ما ھاراقنى سەن قۇيساڭ بولغۇدەك ھېلىم، — دېدى ئەبەي بوتۇلكىنى ئىتتىرىپ.

— نېمە؟ بايا ئۆزەم قۇيمەن دەۋاتمامتىڭ؟

— ياق، بولدى سەن قۇيە.

— ھە بولدۇ ئەمسە، — دىدى ھېلىم بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، — ئاۋۋال ساڭا كۆپ رەھمەت، مۇھەببىتىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە مۇبارەك بولسۇن. ئەمسە سورۇننى باشلايمەن، يەنە بۇرۇنقى پەددە قۇيامدىمەن؟

— بۇرۇنقى پەددە قۇي، چوڭ ئوينايمىز.

— ئۇنداق بولسا بىرىنچى قېتىمدا تاماكا قېپىنىڭ ئېگىزلىكىدە قۇيمەن، ئىككىنچى قېتىمدا يانچە ئېگىزلىكىدە قۇيمەن، ئۈچىنچى قېتىمدىن باشلاپ سورۇن تۈگىگىچە قاپىنىڭ قېلىنلىقىدا قۇيمەن، ھەرقايسىڭلارمۇ ماسلىشىپ بېرەسىلە، — دېدى ھېلىم خۇددى جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان گېنېرالدەك كانىيىنى ئېسىپ سۆزلەپ.

— قانداق ئىچىمىز ھەي لىق قۇيساڭ ئۇنى؟ ئاز - ئازدىن قۇيىمامسەن؟ — دېدى زاكىر نارازى بولۇپ.

— ۋاي جىم تۇرە غەلۋە قىلماي، ئىچسەن، سورۇننى بىر باشلىۋالاي مەن، ئىچەلمىسەڭ يا مەن ئىچىپ بېرەرمەن..

— ئىچىپ بەر دېمىدىم، ئازراقتىن قۇي دېدىم...

— بىر گەپ بولسۇن شۇ چاغدا، تېخى ساڭا ھاراق قۇيمىدىم، نېمانداق گىجىڭلىق قىلىسەن؟ — ھېلىم شۇنداق دېگەچ يېنىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن بىر قاپ تاماكىنى چىقىرىپ قىرلىرىنى جايىغا كەلتۈرۈپ تىكلەپ قويۇپ ئىككى ئىستاكانغا قاپىنىڭ بويىدا ھاراق قۇيدى، ئاندىن ئىككى ئىستاكاندىكى ھاراقنى ئوۋچى ئوۋنى قارىغا ئالغاندەك بېشىنى ئۈستەل بىلەن تەڭ قىلىپ بىر كۆزىنى قىسىپ تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن، ناھايىتى ئەدەپ بىلەن بىرىنى ئەبەيگە تەڭلەپ بىرىنى ئۆزى ئالدى.

— ئەمسە سورۇن باشلاندى باللا، ئاۋۋال سورۇننىڭ ئىگىسى ئەبەي ئاكىمىزدىن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ ئاڭلايلى.

— ھەممىڭلىگە رەھمەت باللا، مۇشۇنداق ئۆم بولىلى، ئۆم بولساق ھېچكىم بىزنى بوزەك قىلالمايدۇ، بارنى تەڭ كۆرۈپ ئۆتىلى، خوتۇندىن باشقا ھە... ھا... ھا... ھە ئەمسە ھەممەيلەننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، مېنىڭ تۇمۇچۇقۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۈچۈن شوخە! ھە راست، ئۇنتۇپ قالغىلى قىل قاپتىمەن، ما سورۇن مەخپىي سورۇن، بايا مەن بىر قىز بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگىنىمنى ھەرقايسىڭلارغا ئىشىنىپ دېدىم، بۇ گەپ باشقا يەردە دېيىلمىسۇن، سورۇندىن چىققاندىن كېيىن ئۇنتۇپ كېتىڭلا...

— ۋاي، چاتاق يوق، جىڭ ئوغۇل باللا بىز، ئۇنداق گەپنى ئىچىمىزدە سېستىۋەتسەك سېستىۋېتىمىزكى ھەرگىز ئايىۋاندىكىنى سارايغا ئاچىقمايمىز، قانداقا باللا ھە؟ — دېدى ھېلىم سورۇن ئەھلىگە.

— شۇنداق بولمامدىغان، — ئالتاغىل تۇۋلاشتى باشقىلارمۇ.

— ھە، ئەمسە بولدۇ، قېنى، يەنە بىر قېتىم شوخە...

— شۇخە، سىڭسۇن... ياشا...

ئەبەي بىلەن ھېلىم ئىستاكاننى ئۆز ئارا سوقۇشتۇرۇپ ھاراقنى خۇددى سۇ ئىچكەندەك گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپ ئىستاكاننى يېنىچە قىلىپ بىر - بىرىگە قاراتتى، ئىككىلىسىنىڭ چىرايى پۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئەتەي بىرى - بىرىگە بىلدۈرمەسلىككە تىرىشاتتى.

ھاراق ئايلىنىپ زاكىرغا كەلگەندە زاكىر بۇنداق جىق ھاراقنى بىراقلا ئىچەلمەيمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئىچە ھەي تولا نازلانماي، — دېدى ھېلىم زاكىرغا.

— بايا سەن ئىچىپ بېرىمەن دېگەن ئىدىڭ، ما قېتىم سەن ئىچىۋەت، كېلەر نۆۋەت سېنىڭكىنى مەن ئىچىشىپ بېرەي، — دېدى زاكىر ھېلىمغا.

— ئۇنداق ئىش يوق، ئۆزۈڭنىڭكىنى ئۆزۈڭ ئىچ، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭكىنى خەققە بەرمەيمەن، ئۆيۈڭدىكى ئىشنىمۇ مېنى قىلىشىپ بەرگىن دەپ چاقىرامسەن نېمە؟ — دېدى ھېلىم زاكىرغا مەنىلىك ھىجايىپ.

— ئۇنداق سېسىق گەپ قىلما جۇمۇ ھېلىم، ئەكېلە ئىچسەم ئىچتىم، ئۆلەپ قالماسمەن.

— ئۆلسەڭ ئاچىقىپ كۆمەپ قويىمىز خاتىرجەم بول، تالادا قالمايسەن، — دېدى ھېلىم.

زاكىر شۇنداق دەپ ھېلىمنىڭ قولىدىن ئىستاكاننى يۇلۇپ ئېلىپ ھاراقنى غەزەپ بىلەن گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپ ئىستاكاننى ھېلىمغا تەڭلىدى.

— ھە ئىچتىڭيا ئەينا، يارايسەن، — دېدى ئەبەي زاكىرغا.

— شۇنچىلىك ئىش، — دېدى ھېلىممۇ، — ئىززەتنىڭ بارىدا ئىچ دېسەم ئۇنىماي ناز قىلىپ تۇرۇۋالدىڭ، ئا ھېكىممۇ سەندىن ئۇرۇق تۇرۇپ غىڭ قىلماي ئىچىۋەتتى، سەن ئۇنداق دەپ تۇرساڭ قانداق بولىدۇ؟

— ئورۇق كالىنىڭ پوقى يوغان دەپ ئۇ ئىچىۋېرىدۇ، مەن قانداق ئىچەرمەن دەپ قورقۇپ كېتىپتىمەن، — دېدى زاكىر قولىنىڭ كەينى بىلەن جاۋغىيىنى





ئېرتىپ تۇرۇپ، ـــ تىنىماي تۇرۇپ سۇ ئىچكەنىدەك ئىچسە بولىدىكەنغۇ، ھې ھې ھې...

ـــ تولا ئادەم زاڭلىق قىلما، ـــ دېدى ھېكىم زاكىرغا ئالىيىپ، ـــ ئوغۇل بالا دېگەن بىزدەك بولىدۇ شۇنداق، سېنىڭ سېمىزلىكىڭنى تالاشمىدىم مەن.

ـــ چاقچاق قىلدىم هاي.

ـــ بىزمۇ قورققان باشتا قانداق ئىچەرمىز دەپ، ھېچنېمە بولمايدىكەن، بولىدىغان ھۈنەركەن بۇ، ـــ دېيىشتى باشقىلارمۇ.

ـــ ھۈنەر جىق ئاداشلا بىزدە، مانداق بىز بىلەن جىق ئارىلاشساڭلا جىق نەرسىلىنى بىلىۋالىسلە، قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى پاقىدەك ئولتۇرماي كۆندە خوتۇنۇڭلىنىڭ كۆزىگە قاراپ تاپقىنىڭلىنى تىقىپ يەپ، بىزنىمۇ سورۇنغا چاقىرساڭلا جىق نەرسىلەرنى ئۆگىتىپ قويىمىز.

ـــ خۇدايىم بۇيرۇسا ئەمدى تېخىمۇ يېقىن بولۇپ كېتەرمىز، ـــ دىدى تۇراق، ـــ ئەبىياخۇنمۇ ھېچكىمگە دېمەيدىغان سىرلىرىنى بىزگە دېدى، يەنە مېھمان قىلدى مانا بىزنى، ئەمدى بولسىمۇ تېخىمۇ يېقىن ئىزدىشىپ ئۆتەرمىز.

ـــ دېگىنىڭلا كەلسۇن تۇرىقاخۇن، ـــ دېدى ئەبەي چاي ئوتلاۋېتىپ، ـــ ھېلىمۇ ئىزدەشمىدۇق، سىلە بىلەن بىزنىڭ قۇدا ـ باجىلىقىمىز بار جۇمۇ تېخى، سىلە بۇنى بىلمەيسىلە.

ـــ بىلمەن ئاداش، بىلىمەن، ئەدەمنى خىجىل قىلماڭلا.

ـــ ئەمدى تۇغقانلار تېپىشتى مانا، ـــ دېدى ھېلىم ھاراق قۇيۇۋېتىپ.

ـــ بەك نوچى ھۈنەكەن هاي ماۋۇ، ماڭا كەلگەندە يەنە شۇنداق لىق قۇيە، مەن يەنە شۇنداق ئىچەي، ـــ دېدى زاكىر يېڭى كىيىم كىيىپ خۇشلۇقىدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولغان كىچىك بالىدەك خۇشال بولۇپ.

ـــ ئوغۇل بالا، چاتاق يوق...

ـــ هاي ھېلىقى قورۇمنى دەيلى هاي، ـــ دىدى قاسىم ئەبەيگە، ـــ ئۇنتۇپ قالدىڭلىمۇ نېمە؟

ـــ ھە راست، ھېلىقى ئىككى تەخسە قورۇمچۇ؟ ـ دېيىشتى باشقىلار تۇشمۇ تۇشتىن.

ئەبەي گەپ قىلىپ بولغۇچە ھېلىم گەپنى ئېلىپ قاچتى:

ـــ ۋاي باللا، ئەجەب كۆزۈڭلا تويماسكەن هاي سىلىنىڭ، ئاۋۇ چۆپتىن يېگەچ تۇرۇڭلا، ئەبەيكام ئۇنداق پىخسىق ئەمەس، گېپىدە تۇرىدىغان ئەدەم ئۇ، بۇيرۇتقىسى كەلگەندە بۇيرۇتىدۇ ھېلى.

ـــ بۇيرۇتمەن هاي باللا، مېنى ئۇنداق بېخىل كۆرۈپ كەتمەڭلا، ـــ دېدى ئەبەي، ـــ سەل تۇرۇپ قورۇما يېگىڭلا كەپ كەتكەندە سىلە ئۆمرۈڭلىدە كۆرمىگەن كاتتا قورۇمدىن ئىككىنى بۇيرۇتىمەن، توخۇ سۇتىمۇ تېپىلىدۇ بۇ رېستوراندا.

ـــ ھازىر مېنىڭ يېگىم كەلدى، ھازىر بۇيرىتە، ـــ دېدى، قاسىم ئەبەينىڭ گېپىگە ئۇلاپلا..

ـــ سەل تۇرۇپ، ھازىر ۋاقتى ئەمەس.

ـــ قاچان ۋاقتى كېلىتۇ؟

ـــ ۋاقتى كەلگەندە.

ھاراق ئايلىنىۋاتاتتى... باشلار پىرقىراشقا، كۆزلەر خۇمارلىشقا باشلىدى، بىر كەمدە ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كېلىپ مۇلازىمنى چاقىرىپ DVD غا پىلاستىنكا سالدۇرۇپ گۈپۈلدىتىپ دەسسەپ ئۇسۇل ئويناشتى، بىرى ـ بىرى بىلەن نېمىلەرنىدۇ تالىشىپ ۋارقىراشتى. ئارىلىقتا مۇلازىملار قايتا ـ قايتا كىرىپ بۇنداق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلماسلىقنى جېكىلەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، ھەتتا بىر نەچچە قېتىم سېسىق گەپ قىلىپ ئۇلارنى تىللاپمۇ قويدى. كېيىنچە چايمۇ بەرمىدى. بىر كەمدە ئۇلار مەسلىكتىن خۇدنى بىلمىگۈدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. قاسىم توختىماي ئەبەينى بىز دېگەن سەيىنى بۇيرۇتىمىدىڭ دەپ تىللايتتى، ئەبەينىڭ بۇلارنى ئاڭلىغۇدەك ھەپىلىسى يوق، ھېلىقى «مۇھەببەت»نىڭ دەردىدە يۇم ـ يۇم يىغلايتتى، تۇراق: ساپا دېگەن گەپ نېمە زادى؟ بىزنىڭمۇ غۇرۇرىمىزبار، ئادەمنى بۇنداق بوزەك قىلسا بولمايدۇ، دەپ كەلسە ـ كەلمەس ۋارقىراپ قوللىرىنى ھەر تەرەپكە شىلتىيتتى. زاكىر بىلەن ھېلىم ئۇيقۇغا كەتكەن، ھېكىم قاتتىق قەي قىلىپ قۇسۇپ شالىنى ساقتىپ ئاۋارە ئىدى. ئايرىم خانىنىڭ ئىچىدىن قويۇق تاماكا ۋە ھاراقنىڭ پۇرىقى بىلەن ئارىلاشقان غەيرىي پۇراقلار ئارىلاشقان بەتبۇي پۇراق ئاڭقىپ تۇراتتى. ئۈستەلدە قىڭغىيىپ قالغان بوتولكىلار، تاماكا قاپلىرى، تۆكۈلۈپ كەتكەن چۆپلەر، دۈم كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلغان تاۋاقلارچېچىلىپ ياتاتتى. يەرگە قەغەزلەر تاشلانغان، تۆكۈرۈكلەر، قۇسۇقلار ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇراتتى.

بىر كەمدە ئىشىك زەرب بىلەن ئېچىلىپ، ئۈستىگە قىزىل مايكا، ياراشتۇرۇپ پادىچىلار شىمى كىيىپ بويىنىغا يوغان ئالتۇن زەنجىر ئېسىۋالغان قارىماتاق، قويۇق ساقال ـ بۇرۇتلۇق رېستوران خوجايىنى كىرىپ كەلدى ۋە بۇ مەنزىرىدىن قاپىقى سېلىنىپ ئۇلارنى تىللىغىنىچە

هېساب قىلىۋېتىشنى ئېيتتى. لېكىن ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. رېستوران خوجايىنىنىڭ خورۇجى تۇتتى بولغاي بىر بۇلۇڭدا ھەدەپ قەي قىلىپ قوۋاتقان ھېكىمنىڭ بويىنى يوغان قوللىرى بىلەن ئامبۇردەك قىسىپ تۇرۇپ بىرنى تەپتى ۋە ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— ھېسابنى قىلىۋېتىش، ھەي ئېشەكلەر، كىم قىلىدۇ ھېسابنى؟

— ھە؟ — دېدى ھېكىم ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ قېچىپ ئاغرىق دەستىدىن تۈگۈلۈپ.

— ھېسابنى كىم قىلىدۇ دېدىم، — خوجايىن شۇنداق دېگىنىچە ھېكىمنىڭ بوينىنى تېخىمۇ قاتتىق قىسىپ تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى. ئاغرىق دەستىدىن ھېكىم ۋايجانلاپ چىرقىراپ كەتتى، خوجايىن ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالماس بولۇپ كەتكەن كۆزىگە ۋە قۇسۇق باسقان چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ سەسكىنىپ كەتتى. ھېلىغىچە يىغلاپ ئولتۇرغان ئەبەيىنىڭ يېنىغا بىرىپ غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ مورىسىدىن تۇتۇپ سىلكىشلىدى:

— ھېسابنى كىم قىلىدۇ ھەي، ھەزىلەك؟

— نېمە؟ — دېدى ئەبەي خوجايىنىنىڭ قاتتىق سىلكىشىدىن سەل ھوشىغا كېلىپ.

— ھېسابنى كىم قىلىدۇ دېدىم؟

— ھە، ھې... ھېسابنىما؟

— ھە ھېسابنى، — خوجايىن تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدى.

— مە... مەن قىلىمەن...

— ھە، ئۇنداق بولسا پۇلنى تۆلە...

— قا... قا... قانچە پۇل؟

— ھەي ماۋۇ بىرنېمىلەرنىڭ قانچە پۇل بولىدى؟ ـ خوجايىن سىرتقا قاراپ توۋلىدى. شۇ چاغدا مۇلازىم قىز كىرىپ تىزىملىكنى ئوقۇدى:

— ئىككى چوڭ تەخسىلىك توخۇ قورۇمىسى، ئون يەتتە چۆپ، ئون بوتۇلكا ئىلى ھارىقى جەمئىي ئۈچ يۈز ئون تۆت كوي.

— ئۆلگۈدەك ئىچىپتۇ، قەلەندەرلەر.

— ھە بولە، ئۈچ يۈز ئون تۆت كويكەن، يېزىدىن كېلىشىپسەن، خەير ئۈچ يۈز كوي بەر. ئون تۆت كوينى چېكەڭگە تاڭ، — خوجايىن شۇنداق دەپ ئەبەينى سىلكىشلىدى.

— ۋاي، ئە...ئەدەمنى سىلكىمگىنە... ئا... ئاكا... مەن بېرەي، — ئەبەي شۇنداق دەپ دەلدۈگۈنۈپ تۇرۇپ يانچۇقلىرىنى كولاشقا باشلىدى، ھېچقايسى يانچۇقىدىن پۇل چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەستەغپۇرۇللا دېگىنىچە ئىككى چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ھەي، نېمانداق ئادەم زاڭلىق قىلىدۇ ماۋۇ قوڭالتاقلا، — خوجايىن شۇنداق دېگىنىچە قاتتىق ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىغا بىرنى تەپتى، ئەبەي تېپىك زەربىسىدىن ۋاي دېگىنىچە خىرقىراپ يەرگە يېنىچىلاپ يىقىلدى.

— كېلىڭلار ما شورۋىچىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ ئۈچ يۈز كوي ئېلىۋېلىپ تالاغا ئاچقىپ تاشلىۋېتىڭلا، — خوجايىن شۇنداق دەپ مۇلازىملارغا بۇيرۇق قىلدى. مۇلازىملار ھايالشىمايلا ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن بەشيۈز كوينى ئېلىپ ئۈچيۈز كوينى ئايرىۋېلىپ، ئىككى يۈز كوينى يەنە يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ مېڭىشتى.

— مېنى سۆرىمەڭلار، مە... مەن ئۆزۈم مېڭىپ چىقىپ كېتىمەن، — ئەبەي شۇنداق دېگىنىچە يۆگۈرگەن پېتى رېستوراندىن ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.

— ئەمدى ما قالغانلارنىمۇ ھەيدەڭلار، يىراققا كەتسۇن، قانچە يىراق كەتسە تېخى ياخشى، توڭلاپ ئۆلسە بىزگە كەلمسۇن يەنە خاپىلىقى، — دېدى خوجايىن مۇلازىملارغا.

— مەست دېگەن توڭلىمايدۇ، — دېدى مۇلازىملاردىن بىرى.

— كىم دەيدۇ شۇنداق دەپ؟ تولا گەپ يوغىلاتماي دېگەننى قىلىڭلا، بۇنىڭدىن كېيىن ما رېستورانغا كەلگەنلەرنىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپراق باشلاڭلا جۇمۇ، كاۋاپخانا ئەمەس بۇ ئون زىخ كاۋاپ ئېلىپ قويۇپ بىر كېچە ئولتۇرىدىغان، ئەمدى كىم مەسئۇل بولغان ئايرىمخانىغا مۇشۇنداق ئادەم باشلىسا شۇنىڭ شۇ ئايلىق ئىش ھەققىنى بەرمەيمەن. بىر توخۇ قورىدىقى بۇيرۇتۇپ بىرىم كۈن ئولتۇرۇپتۇ، يەنە باشقا بىر نەرسە بۇيرۇتقان بولسا قونامتىدىكى بۇ قوڭالتاقلا بۇ يەردە...

مۇلازىملار قالغانلارنىمۇ ئۇرۇپ - دۈشكەلەپ، سىلكىشلەپ ئۇخلاپ قالغانلىرىنى ئويغىتىپ، ئۆرە تۇرغانلىرىنى تارتىپ سۆرەپ دېگەندەك رېستوران ئىشىكىدىن قوغلاپ چىقاردى.

تالا قازاننىڭ قارىسىدەك قاپقاراڭغۇ، بىرىنچى ئاينىڭ سوغۇق شامىلى ئادەمنىڭ يۈزىنى ئېچىشتۇراتتى، ئاسماندا ئاندا - ساندا يۇلتۇزلار شولا چاقنىتىپ تۇراتتى. چايدىن تارىغان بۇ قاپقارا گەۋدىلەر مەستلىكتە ھەر قايسىسى ئۆزلىرى بىلگەن تەرەپكە سامداپ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئاستا - ئاستا غايىب بولدى

# كېرىيە دىيارىدىن يېتىشىپ چىققان ئوخشاش ئىسىملىك ئۈچ ئەدىب

سادىر تۇرسۇننىياز ئۇدۇنلۇق

كېرىيە — خىسلەتلىك دىيار. بۇ دىياردىن ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە كۆپلىگەن ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقىپ ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ قارىشىمىزغا بۇ دىياردا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئوخشاش ئىسىملىك ئۈچ ئەدىبنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى مىسال بولالايدۇ. مەن تۆۋەندە بۇ ئۈچ ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىنى تۇغۇلغان ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە بايان قىلىمەن .

## شائىر، مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقاتچىسى — مەتقاسىم مەتنىياز

مەتقاسىم مەتنىياز 1943 - يىلى 7 - ئايدا كېرىيە ناھىيەسىنىڭ قاراقىر يېزىسى ئاقئۆستەڭ كەنتىدە مەردپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يېزىسى ۋە كېرىيە بازىرىدا تاماملىغاندىن كېيىن 1959 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇغان .1962 - يىلى 10 - ئايدا ئوقۇش پۈتكۈزمەيلا شۇ ۋاقىتتىكى خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن نىيە ناھىيەسىدە خىزمەتكە قاتناشقان ۋە نىيە ناھىيەسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. كېيىن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەن ۋە ئىلگىرى - كېيىن مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، نىيە ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ جەمەتى شۇ زامانلاردا تونۇلغان تىجارەتچىلەردىن بولۇپ، ئاتا - ئانىسى ئائىلىدە كىتاب ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. مەتقاسىم مەتنىياز مۇشۇنداق مۇھىتتا ئەدەبىيات دۇنياسى بىلەن ئۇچراشقان. ئازادلىقتىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا تاسادىپىي پۇرسەتتە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ شۇنىڭ تەسىرىدە مەشق شېئىرلىرىنى يېزىشقا باشلىغان. خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە شۇ ۋاقىتتىكى ھەۋەسكار ساۋاقداشلىرىدىن مەمتىمىن نۇرى، مەتتۇردى نايىپ، ئابدۇللا مەمتىمىن، مەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن، بارات ئىمىن، مامۇتجان رەھىم قاتارلىقلار بىلەن كىتاب ئوقۇش تەسىراتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئىجادىيەت توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنىپ خوتەنگە يېتىپ كەلگەن «شەرق يۇلتۇزى»، «مۇشتۇم» قاتارلىق ژۇرناللارنى ئوقۇپ تاتار ۋە ئۆزبېك شائىرلىرىدىن ھادى تاقتاش، غاپۇر غۇلام، ئابدۇللا قادىرى، قازاق يازغۇچىسى ئاباي، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى گوركىي قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان .

1961 - يىلى ئۇ «پىيونېرلىق مېۋىسى» دېگەن شېئىرىنى «شىنجاڭ پىيونېرلار گېزىتى» دە ئېلان قىلدۇرۇپ ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن . 1962 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا «ئېزىز»، «مېھنەت» قاتارلىق شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. 1965 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش ھارپىسىدا مەتقاسىم مەتنىياز نىيە ناھىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن «ئەندىردىكى ئۆزگىرىشلەر» دېگەن نامدا بىر پارچە سەھنە ئەسىرى يېزىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. 1962 - يىلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەندە نۇرغۇن خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ نىيە ناھىيەسىنىڭ ئەندىرە رايونىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ بۇ يەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ چىقارغانلىقىدەك ئەمەلىي ۋەقە بايان قىلىنغان بۇ سەھنە ئەسىرى سەھنىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ياخشى ئىنكاس قوزغىغان ۋە ۋىلايەت تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان، مۇئاۋىن زۇڭلى جى لۇڭ

1965 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇل-
غانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن خوتەنگە
كەلگەن مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ نىيە ناھە-
يەسىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىدىن ھال سوراش
ئۈچۈن نىيە ناھىيەسىگە كەلگەندە بۇ نومۇرنى كۆرۈپ
يۇقىرى باھا بەرگەن. مەتقاسىم مەتنىياز ئاپەتلىك يىللار
مەزگىلىدە ئېغىر دىشۋارچىلىقلارغا يولۇققان بولسىمۇ،
لېكىن ئىجادىيەتكە بولغان ھەۋىسىدىن يانمىغان، ئەمما
بۇ مەزگىللەردە ۋەزىيەت خارەكتېرلىك ئەسەرلەرنى يېزىش
بىلەن كۇپايىلەنگەن ، 1978 - يىلى چاقىرىلغان پارتىيە
11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغى-
نىدىن كېيىن ئىدىيە جەھەتتە ئازاد بولۇپ، تۇرمۇشقا
يۈزلىنىپ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشقا باشلىغان، 1980 -
يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئار-
خېئولوگ خاتىرىسى» ناملىق شېئىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر.
1981 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قەشقەردە ئەدەبىي
ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە مەتقاسىم
مەتنىياز خوتەندىن ئابدۇرېھىم ئېلى، ئابدۇللا سۇلاي-
مان، تىلىۋالدى ھوشۇر قاتارلىقلار بىلەن بىرگە يىغىنغا
قاتناشقان. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئۇنىڭ «ئارخېئولوگ
خاتىرىسى» ناملىق شېئىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى قىزغىن
مۇبارەكلىگەن، شېئىر 1981 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى
بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش
پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى-
غا ئېرىشكەن.

مەتقاسىم مەتنىياز مەدەنىيەت سىستېمىسىدا خىزمەت
قىلغاندا نىيە ناھىيەسىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللە-
نىشىگە ئەجىر سىڭدۇرگەن. خەلق سەنئەتكارلىرىنى تەر-
بىيەلەش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1000 پارچىدىن ئارتۇق
نىيە خەلق قوشاقلىرىنى توپلىغان، بۇ قوشاقلارنىڭ بىر
قىسمىنى «مىراس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغان، 106
يۈزۈش نىيە خەلق ئاھاڭلىرىنى توپلاپ رەتلىگەن،
بۇلاردىن 54 نى نوتىغا ئېلىپ شاپىگرافتا بېسىپ ئىچكى
جەھەتتە تارقاتقان. شۇيىللاردا نىيە ناھىيەسىدە ئىش-
لەۋاتقان شائىر مەتقاسىم ئەكرەم قاتارلىقلار بىلەن بىر-
لىشىپ تۆت سان «نىيە ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى شا-
پىگرافتا بېسىپ تارقاتقان، ژۇرنالدا «ھەمرايى غەزەللە-
رى» ناملىق خېلى يۇقىرى سەۋىيەدىكى 60 پارچىدىن
ئارتۇق ئەسەر ئېلان قىلىپ نىيە ناھىيەسىدە ئەدەبىي
مۇھىت بولماسلىق بوشلۇقىنى تولدۇرغان. بۇ مەزگىلدە
ئۇ يەنە ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى
يېزىپ بەرگەن. نىيە ناھىيەسىدىكى مەشھۇر سۇ ئىنشائا-
تى قۇرۇلۇشى - «18 - ئاۋغۇست» سۇ قۇرۇلۇشى
تۈگۈنىنى باش تېما قىلغان «كۆئىنلۈن باغرىدىكى زە-
پەر ناخشىلىرى» دىگەن چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل
نومۇرنى يېزىپ ئۇنى سەھنىلەشتۈرۈشكە قاتناشقان.
1982 - يىلى يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار شە-
خس بولۇپ باھالىنىپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ-
مىتى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپى-
دىن مۇكاپاتلانغان.

مەتقاسىم مەتنىياز ئىجادىيەت ھاياتىدا ھەرقايسى
مەتبۇئاتلاردا 600 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، باللادا،
200 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىي، مەسەل، ساتىرا، بىر
نەچچە پارچە ھېكايە ئېلان قىلغان. 1992 - يىلى
«ئارخېئولوگ خاتىرىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى
شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر
قىلىنغان. «ئىرادە ئۆتكەللىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى
2004 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تە-
رىپىدىن نەشر قىلىنغان. «توي تەنتەنىسى»، «غەزەللەر
ۋە مۇخەممەسلەر»، «100 شېئىر»، «قامچا» قاتارلىق
شېئىرلار توپلاملىرىغا ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. «ئىرا-
دە كۈيى»، « سەككىز بالا سىلەر قەيەردە»، «تاماجاد-
نىڭ تۇۋىسى»، «يەل سىلىغلار زەنجىر تاپانغا»،
«سۆكۈتتىكى تەسۋىر»، «يىلتىز توغىرىسىدا ناخشا» قا-
تارلىق شېئىرلار ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى
ھېسابلىنىدۇ. «ئىرادە كۈيى» ناملىق شېئىرى 2000 -
يىلى 4 - قېتىملىق «تارىم ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا
ئېرىشكەن، ئۇنىڭ شېئىرلىرى پىكرىنىڭ يېڭىلىقى، تە-
پەككۇرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، شېئىرى تەسۋىرىنىڭ يېڭىلە-
قى، تىلىنىڭ ئوبرازلىقلىقى، ھېسسىياتىنىڭ موللىقى، مۇ-
ئەييەن شېئىرىي غۇۋالىقا ئىگە قىلىنغانلىقى بىلەن يېڭى
دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيەت مۇنبىرىدە مۇناسىپ ئورۇندا
تۇرىدۇ. ئۇ شېئىرنى ئۆزىنى تەربىيەلىگەن، ئادەم قىلغان
ئامىل، دەپ بىلىدۇ. ئۇ ئىجادىيەتتە مۇھەممەت رېھىم،
مۇھەممەتجان راشىدىن، ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىق
داڭلىق شائىرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئە-
سەرلىرىنىڭ ئادەملەر ۋە تۇرمۇش تېمىسىدا يېزىلىشىنىڭ
سەۋەبىمۇ شۇنىڭدىن بولغان. ئۇ مەلۇم نەرسىدىن تە-
سىرلەنگەندە، يېڭى پىكىر خىيالىغا كەلگەندە، پىكىر
ئوبرازلىق ھالدا ئىلھامىنى قوزغاتقاندا شېئىر يېزىش ئا-
دىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ شېئىردا غۇۋالىق بولۇشىنى،
شېئىرىي تەسۋىرىنىڭ ئوبرازلىق بولۇشىنى، شېئىردا




ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بولۇشىنى شېئىرنى ياخشى يېزىشنىڭ مۇھىم ئامىلى دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە شېئىرىي شەكىللەرنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا لىرىك شېئىرلارمۇ، ئېپىك شېئىرلارمۇ بار، شېئىرىي مەسەل، چۆچەكلەرمۇ بار. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تۇرمۇشقا يېقىن بولۇپ شېئىرلىرىدا ۋەتەن، يۇرت، ئىلىم ـ پەن، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ئىناقلىق، ئەخلاق ئۇلۇغلانغان.

مەتقاسىم مەتنىياز 2000 ـ يىلدىن باشلاپ نىيەنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتى، تارىخى، نىيەدىكى مەشھۇر مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىپ «ئىمامى جەئفىرى سادىق مازىرى توغرىسىدا»، «جاھانغا مەشھۇر نىيە قەدىمىي شەھەر خارابىسى» قاتارلىق ئىككى پارچە ماقالىسىنى «مىراس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرۇپ، ئىلىم ئەھلىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. بۇ ژۇرنالدا بۇ ماقالىلەر بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ تەرجىمىھالى، سۈرىتى بىرگە ئېلان قىلىنغان. ئاپتور بۇ ماقالىلىرىدە نىيەدىكى مەشھۇر مازار بولغان ئىمامى جەئفىرى سادىق مازىرىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى، بۇ مازارغا تاۋاپ قىلىشنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە سەۋەبلىرى، مازاردىكى ئۆي ـ ئىمارەت ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار، تاۋاپ پائالىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئىلمىي ھالدا جاۋاب بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا شەكىللىنىپ قالغان «بۇ جاي نوقۇل دىنىي پائالىيەت سورۇنى» دېگەن قاراشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە بۇ جاينىڭ ساياھەت ئورنى قىلىپ بېكىتىلىشىگە ئاساس سالغان.

«جاھانغا مەشھۇر نىيە قەدىمىي شەھەر خارابىسى» ناملىق ماقالىسىدە نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ دائىرىسى، ھازىرقى ھالىتى، ئەينى چاغدىكى ئەھۋالى، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە مەسىلە، بۇجايغا كىرىش ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى، نىيە قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەسلىي نامى، «نىيە» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى، نىيە قەدىمىي شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇش سەۋەبلىرى، بۇجايدىكى ئاھالىنىڭ قەيەرگە كۆچكەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ ماقالە شۇچاغدا ئالدى بىلەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. بۇ ماقالە كېيىن نىيە ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش 2004 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «نىيە تارىخىي ماتېرىياللىرى»نىڭ 1 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.

## يازغۇچى، ژۇرنالىست، ئەدەبىيات تەشكىلاتچىسى ــ مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مەتقاسىم ئابدۇراخمان 1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كېرىيە ناھىيە بازىرىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1961 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك دارىمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن خوتەن ناھىيەسىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، خوتەن ناھىيەلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە، ۋىلايەتلىك مالىيە ـ سودا مەكتىپىدە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۇ ئىجادىيىتىنى دەسلەپ پوئېزىيەدىن باشلىغان بولۇپ، «جۇ زۇڭلىنى ئەسلەيمىز» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1978 ـ يىلى «خوتەن گېزىتى» نىڭ «كوئېنلوندا باھار» ئەدەبىيات بېتىدە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىجادىيىتى رەسمىي باشلانغان. كېيىن بۇ ساھەدە ئىزدىنىپ نۇرغۇن شېئىرلارنى ئېلان قىلغان. ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. 1982 ـ يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىگە قويۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ژۇرنالىستلىق ھاياتى باشلانغان. ئۇ نۇرغۇن شېئىرلارنى، ھېكايە ـ پوۋېستلارنى ئېلان قىلدۇرغان. شېئىرلىرى «ئۆركەش» ناملىق بىرلەشمە توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. «پال قاپىقىنىڭ سىرى» (1986 ـ يىلى)، «كانچىنىڭ ئوغلى» (1992 ـ يىلى)، «ھىجران دېگى»، «ئالتۇنچى بارماق» ناملىق ھكايە ـ پوۋېستلار توپلىمى، «غېرىب ـ سەنەم» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان. بىر قىسىم ھېكايىلىرى يەنە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «يېشىل ۋادا» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ 1984 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى ئوقۇپ نەزەرىيەۋى بىلىمىنى تولۇقلىغان. ئۇ يەنە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا «ئىشچانلىق ۋە تەدبىر ــ بېيىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاملى»، «توي مۇھەببەتنىڭ خاتىمىسىمۇ؟»، «كان قوشاقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى»، «زۇمرەتتەك زۇمرەتنىڭ جۇلاسى ــ چىنلىقنى بۇرمىلاش» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدۇرغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدە «قەلەندەر شېئىرلىرى»، «نەۋبىتى شېئىرلىرى»، «خاراباتى شېئىرلىرى»، تۇرسۇن موللامنىڭ «ئەرزىيەت» ناملىق ئەسىرى ۋە نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرىنى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرغان. «ئارتىس» ناملىق ھې-

كايىسى بىلەن «شىپەت» ناملىق پوۋېستى 2 ـ ، 7 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەندىن باشقا يەنە 9 پارچە ئەسىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئىككى قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تارقىتىش يىغىنىدا مۇنەۋۋەر مۇھەررىر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى تۆھپىلىرى «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئاتاقلىقمۇھەررىر ـ مۇخبىرلار تەرجىمىھالى توپلىمى» غا، 1998 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم تۈزگەن «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى لۇغىتى» گە كىرگۈزۈلگەن. 1994 ـ يىلى كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە تەتقىقات بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىپ «تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممىتى»، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى تېبابىي ئۇچۇرلار» ناملىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدۇرغان.

ھېكايە مەتقاسىم ئابدۇراخمان ئىجادىيىتىدە ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مۇھىتى بىلەن تومۇرداش بولۇپ، ئەخلاق ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىمىزدىكى ناچار تەرەپلەرنى تەنقىدلەش، يېڭى ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىلىرىنى تەسۋىرلەش، خۇراپاتلىق، نادانلىق ئىللەتلىرىنى قامچىلاش ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي باش تېمىسى قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا ياسىن زىلال، ئەنۋەر ھوشۇر، مۇھەممەت بارات تەشنائىي، سادىر تۇرسۇننىياز قاتارلىقلار ئوبزور، مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئىجادىيەت ئەھۋالى مەتبۇئاتلاردا كۆپلەپ تونۇشتۇرۇلغان.

مەتقاسىم ئابدۇراخمان ئەدەبىيات گۈلزارلىقىمىزنىڭ پەرۋىشكار باغۋىنى بولۇپ، ئۇ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن 23 يىل جەريانىدا خوتەننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇ بىر تەرەپتىن ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىش، ئەدىبلەرنى تەربىيەلەشكە ئەجىر قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرلۈك شەكىلدە ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ خوتەننىڭ ئەدەبىي مۇھىتىنىڭ جانلىنىشىغا كۈچ چىقارغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ 1983 ـ ، 1984 ـ يىلى ئىككى قېتىم خوتەن شەھىرىدە ۋىلايەت بويىچە ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرغان. 1985 ـ يىلى كۈز پەسلىدە خوتەن شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىگە كۈچ چىقارغان، بۇ قېتىمقى يىغىنغا خوتەندىن 100دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقاننىڭ سىرتىدا باشقا ۋىلايەت ـ ئوبلاستلاردىن نۇرغۇن قەلەمكەشلەر، شۇنداقلا زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيېف، تۇردى سامساق، ئەلقەم ئەختەم، قەييۇم تۇردى، زۇردۇن سابىر، قاھار جېلىل، ئەخەت تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابدۇراخمان قاھار قاتارلىق داڭلىق يازغۇچىلار قاتناشقان. ۋاقتى 20 كۈن بولغان بۇ يىغىن كىشىلەردە گۈزەل ئەسلىمە قالدۇرغان. 1993 ـ يىلى مەتقاسىم ئابدۇراخمان چىرا ناھىيەسىدە تۇنجى بولۇپ خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، يازغۇچى ـ شائىرلانى ياخشى ئىجادىيەت پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن 1994 ـ يىلى قاراقاش ناھىيەسىدە، 1995 ـ يىلى كېرىيە ناھىيەسىدە، 1996 ـ يىلى گۇما ناھىيەسىدە، 1997 ـ يىلى لوپ ناھىيەسىدە، 1998 ـ يىلى خوتەن شەھىرىدە، 2000 ـ يىلى چىرا ناھىيەسىدە، 2001 ـ يىلى نىيە ناھىيەسىدە ۋاقتى ئۈچ كۈندىن يۇقىرى بولغان ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزگەن. بۇنداق يىغىنلارغا كۆپ بولغاندا ۋىلايەت بويىچە 150 نەپەر يازغۇچى ـ شائىر قاتناشقان، ئۇنىڭدىن باشقا مەخسۇس تېمىدىكى يىغىنلارنى ئېچىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن: 2001 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قاراقاش ناھىيەسىنىڭ «شەرق شاملى» سۇ ئامبىرى بويىدىكى باغدا قاراقاش ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ مەشھۇر ساتىرىك شائىر ئەخمەتشاھ قاراقاشى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 260 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى نەتىجىلىك ئۆتكۈزۈشكە كۈچ چىقارغان.

مەتقاسىم ئابدۇراخمان تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تۆھپىكار ئەدىبلەرنىڭ تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا ئىلھام بېرىشنى ئۇلارنى قوللىغانلىق، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە ئاساس سالغانلىق دەپ قاراپ بۇ ئىشقىمۇ ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتقان. بۇ جەھەتتە 1994 ـ يىلى ئەتىيازدا خوتەن مېھمانخانىسىدا ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە نۇرمۇھەممەت توختى، روزى سايىت، ئابدۇللا سۇلايمان ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرغان، ئۇلارغا دوپپا، تون كىيدۈرۈلگەن؛ 1995 ـ

يىلى كېرىيە ناھىيەسىدە ۋىلايەت بويىچە ئەدەبىي ئىجا-
دىيەت يىغىنى ئېچىلغاندا ئابدۇغېنى سىيىت، ئابدۇقادىر
سادىر، مەمتىمىن قۇربان، مەمەتئەيسا قۇربان قاتارلىق
4 نەپەر ئەدىبكە دوپپا ـ تون كىيدۈرگەن؛ 2000 ـ
يىلى خوتەن شەھىرىدە نەسرىي ئەسەرلەر مۇھاكىمە يى-
غىنى ئېچىلغاندا سىدىق قاۋۇز، ئابلەت قادىر قاتارلىق
ئەدىبلەرگە دوپپا ـ تون كىيدۈرگەن؛ 2003 ـ يىلى
«يىپەك يولىدا كارۋان» تېمىسىدىكى ئىجادىيەت يىغىن-
غا قاتناشقان قەلەمكەشلەر كېرىيە ناھىيەسىگە بارغاندا،
خوتەندىن تۇنجى بولۇپ رومان يازغان ھۆسەنجان
ئابدۇۋېلى، مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم قاتارلىق ئىككى ياش
يازغۇچىغا دوپپا ـ تون كىيدۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ
بارغان. 2003 ـ يىلى قاراقاش ناھىيەسىدە مەمتىمىن
قۇربان ئىجادىيىتىنىڭ 45 يىللىقىنى قۇتلۇقلاش مۇناس-
ۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا مەخسۇس
مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا دوپپا ـ تون كىيدۈر-
گەن؛ 2003 ـ يىلى كۆزدە لوپ ناھىيەسىدە ئەرشىدىن
راشىدىن، تۇرسۇنىياز ئابدۇللا قاتارلىق ئىككى شائىر-
نىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇ-
رۇپ، ئۇلارغا دوپپا ـ تون كىيدۈرگەن. بۇ مەزگىلدە
مەتقاسىم ئابدۇراخمان يەنە خوتەندە يازغۇچىلارنىڭ
ئۆز ئائىلىسى بولغان ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنى
قۇرۇشقا ئىشتىراك قىلغان. بەزى ناھىيەلەردە يازغۇ-
چىلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەجىر سىڭدۈرگەن،
ھەر يىلى نورۇز بايرىمى يېتىپ كەلگەندە ۋىلايەت بو-
يىچە قەلەم ساھىبلىرىنى يىغىپ بايرامنى ئۆتكۈزۈشنى
ئادەتكە ئايلاندۇرغان. كېيىن بۇ پائالىيەتنى ناھىيەلەردە
ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلغان.
1997 ـ يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان
نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى، 2001 ـ يىلى
8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە خوتەندە ئۆتكۈزۈل-
گەن 11 ـ قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»
تارقىتىش يىغىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈشكە كۈچ
چىقارغان. ئۇنىڭ مۇشۇنداق تۆھپىلىرىگە ئاساسەن شا-
ئىر، ژۇرنالىست ياسىن زىلال بىر ماقالىسىدە ئۇنى
«تىرىشچان يازغۇچى، پەرۋىشكار باغۋەن» دەپ تەرىپ-
لىگەن. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ جاپپار ئەمەت ۋە
ئابدۇرېھىم ئېلىدىن كېيىنكى مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان
بۇ پەرۋىشكار باغۋەن ھېلىھەم ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل
شۇغۇللانماقتا.

**ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى، شائىر ــ مەتقاسىم ئەكرەم**

مەتقاسىم ئەكرەم 1947 ـ يىلى كېرىيە ناھىيەسى
سىيەك يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆس-
مۈرلۈك دەۋرىنى مويىسپىت بوۋايلارنىڭ ئېغىزىدىن
قەدىمكى چۆچەك، رىۋايەت، داستان، مەسەل، تېپىش-
ماقلارنى ئاڭلاپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل نە-
مۇنىلىرىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆتكۈزگەن. بۇ ھال ئۇنىڭدا
كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراس-
لىرىغا قىزىقىش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ ئۇز
يېزىسى ۋە كېرىيە بازىرىدا ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈت-
كۈزگەندىن كېيىن، 1965 ـ يىلى خوتەن دارىلمۇئەللى-
مىن مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، نىيە
ناھىيەسىگە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە تەقسىم قىلىنىپ
ئوقۇتقۇچى بولغان ۋە شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئۆزى
ئاڭلىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى يادقا ئې-
لىۋېلىشقا، خاتىرىلەپ مېڭىشقا ئادەتلەنگەن. 80 ـ
يىللاردىن كېيىن خوتەن ناھىيەلىك پېداگوگىكا مەكتىپى،
خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئو-
قۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇجەرياندا ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ
چاغاتاي تىل ـ يېزىقىنى پىششىق ئۆگىنىۋالغان، ئەرەب
تىلىدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنىمۇ ھازىرلىغان. 1978 ـ
يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ رادىيو ـ پېداگوگىكا
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان،
1985 ـ يىلى تەشكىل ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن
ئۇنى خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمىي
ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك
قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلە-
گەن. 1995 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى
جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە قويۇلغان. ئۇ
ھاياتىدا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولسى-
مۇ، لېكىن كۆرۈنەرلىك نەتىجىسى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئە-
دەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراس-
لىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلدۇرۇش ساھەسىدى-
كى ئەمگەكلىرىدە كۆرۈلدۇ. ئۇ كۆپ قېتىم خوتەننىڭ
بارلىق يېزا ـ قىشلاقلىرىغا تولۇق بېرىپ، نۇرغۇن كى-
شىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئېغىز
ئەدەبىياتى مىراسلىرى ھەققىدە ئۇچۇر مەلۇمات توپلى-
غان ۋە قىممەتلىك قەدىمىي ئەسەرلەرنى تاپقان. كېيىن
بۇلارنى رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان ياكى نەشر قىلىشقا
تەييارلىغان. ئۇ نەشر قىلدۇرغان ئەسەرلەر ئىچىدە خەلق

ئىغىز ئەدەبىياتىغا دائىر مىراسلارنىڭ سالمىقى كۆپ بو-
لۇپ، بۇلار ئىچىدە چۆچەك، داستان، ماقال - تەمە-
سىل، قوشاق، تېپىشماق ۋە باشقا شەكىلدىكى ئەسەرلەر
بار. مەتقاسىم ئەكرەم نەشرگە تەييارلىغان، نەشر قىل-
دۇرغان ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە نەشر قىلدۇرغان
ئەسەرلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت .

«قەھرىمانىنىڭ قىسسىسى» (ئەسلىي ئىسمى «قەھ-
رىمان قاتىل»). چاغاتاي يېزىقىدىكى بۇ ئەسەرنى ئۆزى
ترانسكرىپسىيەلەشتۈرۈپ، خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمىي
ئەسەرلەر ئىشخانىسى نامىدا 1988 - يىلى نەشر قىل-
دۇرغان. شەرق خەلقلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن نەچچە مىڭ
يىل ئىلگىرىكى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان بۇ ئە-
سەرنى كېيىن يەنە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆز-
لەشتۈرۈپ «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - ، 1995 -
يىللىق سانلىرىدا ئۇلاپ ئېلان قىلدۇرغان. بۇ مەزگىلدە
يەنە «مەلىكە نۇرجامال» ناملىق 10 نەچچە پارچە چۆ-
چەكنى رەتلەپ، مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرغان.
كېيىن بۇ چۆچەكلەرنى يىغىپ شۇ نامدا كىتاب قىلىپ
نەشر قىلدۇرغان. مەتقاسىم ئەكرەم يەنە خەلق ئىغىز
ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى مەمەتئېلى سايىت هايات ۋاقتىدا
تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە تېپىش-
ماقلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن،
كىتابنى 600 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى
بىلەن تەمىن ئەتكەن. مەمتىمىن قۇربان رەتلەپ تەييار-
لىغان 30 دىن ئارتۇق خەلق چۆچىكىنى تەھرىرلەپ
«جامئۇل هېكايەت» دېگەن نام بىلەن توپلام قىلىپ
نەشر قىلىشقا ئەجىر سىڭدۈرگەن.

ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەر-
لەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشقا قاتنىشىش جەھەت-
تە ئۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن بولۇپ، 500 پارچىدىن
ئارتۇق ئەسەرنى يىغىشقا، رەتلەشكە ئىشتىراك قىلغان.
ئۇ يىغقان، رەتلىگەن، نەشر قىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە
ئاسترونومىيەگە، تېببىي ساھەگە، تارىخقا، ئەدەبىياتقا
دائىر ئەسەرلەر بار. بۇلاردىن ئۇ رەتلىگەن، رەتلەشكە
قاتناشقان، نەشرگە تەييارلىغان ، نەشر قىلدۇرغان ۋە
نەشرگە تەييارلىغان ئەسەرلەر تۆۋەندىكىچە: 1. «ئىسما-
ئىل هاجى شېئىرلىرى»؛ 2. «خوتەن تارىخى»؛ 3. «با-
ياز»؛ 4. «دىۋانى نۆبىتى»؛ 5. «ئەبۇ ئەلى ئىبن سى-
نا»؛ 6. «ئەخلاقۇل مۇهسىنىن»؛ 7. «دىۋانى ئەرشى»؛
8. «12 ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى» قاتارلىقلار.

مەتقاسىم ئەكرەم يەنە ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇل-
لىنىپ، «داموللا ئابدۇۋېلى يۇسۇپ ھەققىدە»،
«كىلاسسىك شېئىرىي شەكىل مۇستەھزاد»، « خىلۋەتتە
ئۆتكەن كىشىلەر» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدۇ-
رۇش بىلەن بىرلىكتە، «ئەينىل ئىلىم» (ئىلىملەر بۇل-
قى)، «ئىبرەتلىك هېكايىلەر»، « ئىسمائىل هاجى شې-
ئىرلىرى»، «دىۋانى مەشرەپ»، «ساھىبقىران نەبرد-
سى»، «تۈركىي قوۋملار تارىخى»، «زىبۇننىسا، دىل-
شات ۋە ئەمبەر ئاتىنىلارنىڭ شېئىرلىرى» قاتارلىق ئە-
سەر ۋە كىتابلارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىققان.

باشقىلار يورۇقلۇققا چىقارغاننى تەتقىق قىلىشقا
بېرىلىش ئەمەس، بەلكى جاپاغا چىداپ يېڭىدىن - يېڭى
ئەدەبىي مىراسلارنى تېپىش، يىغىش، رەتلەش يورۇق-
لۇققا چىقىرىش، بۇ جەرياندا ئەسلىگە سادىق بولۇش،
ھەجىمگە ئېتىبار بىلەن قاراش، كۆپ خىل نۇسخىنى سې-
لىشتۇرۇپ، بۇلار ئىچىدىن توغرا ۋە ھەقىقىسىنى مۇئەي-
يەنلەشتۈرۈش، تىلنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇش — ئۇ-
نىڭ ئىغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك يازما ئەدەبىيات
تەتقىقاتى ساھەسىدە يېتىلدۈرگەن ياخشى ئادىتى بو-
لۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ توپلاپ يىغقان، رەتلىگەن، نەشر قىل-
دۇرغان، ئېلان قىلغان ئەسەر - ماقالىلىرىنىڭ ئىلىم سا-
ھەسىنىڭ، جامائەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشىدىكى
سەۋەبلەرنىڭ ئادەتتىكىچە ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىشىمىزدا
مۇھىم رول ئوينايدۇ. يەنى، ئۇ بۇ جەھەتتە مەسئۇل-
يەتچانلىقنى، ئىلمىيلىكنى ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللى-
نىشنىڭ مىزانى قىلغان. ئۇ يەنە نەشر قىلدۇرغان ئىغىز
ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك يازما ئەدەبىيات مىراسلىرى
دائىرىسىدىكى ئەسەرلەرگە كىرىش سۆز ۋە تونۇشتۇ-
رۇش سۆزى يېزىپ چىققان. ئۇ بۇ نەتىجىلىرىگە ئاسا-
سەن 1994 - يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «مەملىكەت
بويىچە مۇنەۋۋەر خىزمەتچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكا-
پاتلانغان. ئىش - ئىزلىرى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومې-
تىتى باشقۇرىدىغان، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر
قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئورنى
تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مىللىي قەدىمىي ئەسەرلەر»
ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 2 - سانىدا مەخسۇس تو-
نۇشتۇرۇلغان. تەرجىمە قىلغان، نەشرگە تەييارلىغان ئە-
سەرلىرىدىن 6 پارچىسى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە مۇ-
نەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ چاغاتاي تىلىغا
پىششىق بولۇش بىلەن بىرگە، ئەرەب، پارس، ئۆزبېك
تىل - يېزىقىدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى هازىرلىغان .

مەھمۇت مۇھەممەت (ئۆزلەت)

# شېئىرلار

## يىلىم

دوڭغاق جىگدىلەرنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ،
مەرۋايىتقا ئايلاندىڭ قىتىپ.
رەسىدە بولمىغان توققۇز ياشلىق قىز،
نىپىشۇسىنى كولار بىرىلىپ.
ھاۋانچىسغا چىقىسىڭ ئېزىلىپ.
كىمنىڭ دىبىسە ئۇيغۇرنىڭ دەيتتىم.
يىنىك تولغىنىپ ئۆزىگەن سۇمبۇل،
چاچ ئەمەس جان ئويناپتى ئۇسسۇل.

يانچۇقۇمغا تولدۇرۇپ يىلىم،
خىلۋەت جىگدىلىكلەردە بالىلىق ئىزىم.
شۇدۇر گۇناھىم،
چاچلىرىنى كۆرۈپ قالغىنىم.
كۆيۈپ تۇرغان نازۇك بەرگىنى،
لىغىلداپ تۇرغان ياپراقلىرىنى،
ئۇياتچان گۈل قىلمايتتى كۆز-كۆز،
قىلمايتتى بىر سۆز.

سۇكۇنات ئىچرە مۇڭلىنار، تۇپراق،
جىگدىلەر ھازىدار مەخپىي رەۋىشتە.
سەندىن ئايرىلىپ،
ئايال ئاۋارە پاخپاق باش بىلەن،
سىھرى يوقالغان ئىتائەت بىلەن.

نوپۇزىنى يوقىتىدۇ ئەر،
پىچىقىنى باسقان دات بىلەن.

## خىلۋەتتىكى ھايات

ھايات،
پەيلىرىنى تۈزگەن قۇش ئەمەس،
يا پەسىلدە سولغان گۈل ئەمەس.
بىراق يىتتۈردۈم،
يۈلتۈز ساناپ ئۆچكەن روجەكنى.
مەن سۇ ئىچىپ ئۆسكەن كۆلچەكنى.
گۆدەك چاغلار،
ئۆجمە شېخىغا قوندۇرغان ئوردا،
شاخلارنىڭ باغرىدا سەگەدەر جانلار.
سالام ساڭا ئەي خوخىلىق يول،
پۇتۇمنى ئاقساتقان تىكەنلىرىڭگە.
كۆكلەربىلەن بوي تارتىپ،
نەپسىمنى ئەگدۈرگەن مېۋىلىرىڭگە.
مۆكۈلەك ئويناپ،
تېنىمنى شۈركۈتكەن چىڭگىللىرىڭگە
سالام ساڭا ئەي بارخانلىق يول،
زىمىنىنى قۇچاقلاپ تۇرغان كۆكسۈڭگە
كۆيۈشلىرىڭ مەڭگۈم چەكسىزلىك.
تىلسىملاردىن بىرىپ بىشارەت.
ئوردىنى ساقلىغان قۇم ئىشىكىڭگە.
سالام،
ئۇياتچان يۇلغۇنلىرىڭغا،
جۇپتىدىن ئايرىلغان ئاھۇلىرىڭغا.

سالام،
مالچى بوۋاينىڭ رەسىدە قىزى
ئوغلىقنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ
شەلپەردەك يۈزى قىزىرىپ ،
بىزنى قەلەندەر قىلدى ....

سالام توغراقلار
تەكلىماكاننىڭ يۈرىكىدە ئۈنۈپ
قەددىمى مىللەتنىڭ گىبىدە ئۆسۈپ .

سالام جاڭگاللىق
قىچىپ يۈرگەن توشقانلىرىڭغا.

سەندە قالغان ئارمانلىرىمغا.
سالام بۇلاقلار،
چىمەنلەرنىڭ باغرىغا جىرغىپ،
خىلۋەتلەردىن ئۆتكەندە ئېقىپ،
كۆڭلۈم شۇنداق قالغانمۇ جىمىپ؟

ئويلايمەن بۇ خىلۋەت ماكاندا،
دالالارغا كەتسەڭ قوي ھەيدەپ،
سېنى ھالسىراتقان جان ساقلاش غېمى،
ئۈۋىسىدا قالغايمۇ پەسلەپ ؟

سالام كەپتەرلەر،
پەغەزگە قۇرغان تەختىڭلار بىلەن.
شاھلىقنىڭ پەيزىنى سۈرگەندە ئۆتۈپ،
مەن سىلەرنى دورىماق بولغان،
نەچچە رەت ئازمىدا سۇغا چۆمۈلۈپ .

ھايات
پەيلىرىنى تۈزگەن قۇش ئەمەس
يا پەسلىدە سولغان گۈل ئەمەس...

## ئانامنىڭ تۈزى

جېنىمغىنە ـ جېنىم.
پۈتمەس قەرزىم.
ئۆچمەس ئۈمىدىم.

قۇشلار كەتسە قايتار يولچىدەك،
گۈللەر توزۇپ باھاردا پورەك،
ئەمما ئانام مېھمان، مەن گۆدەك،
كۆتەر ئۈيقۇسىز
يالغۇز چىراغ غېرىب يۈلتۈزدەك.
ياشالمسام بىركۈن ئانا دەپ.
ئانا!
مەندە تالاي ئەجرىڭىز قالدى،
قانداق ياندۇراي ھەققىڭىز قالدى؟
بىلمەن
«بالام» دەپ سوقىدۇ سىزدە بىر يۈرەك!
تۈگىمەس دەردىم.
ئۈنلەيدۇ قەلبىم.
پايىڭىز ئاستىدا قىلالماي خىزمەت.
قولۇمدىكى يارغا يازغان خەت،
ياشلىقىمدىن ئۆرۈپ ئالتۇن بەت.
ئەمما
قاچان سىزگە باقتىم ئەركىلەپ؟
بەلكىم پۈتى تالغان بولغىيدى،
بەلكىم بېشى قايغان بولغىيدى،
بىرپىيالە چاي تۇتسام دەملەپ...
چېچەكلەر ئۈزۈلدى «بالام، بالام» دەپ،
بىر كۆچەت قويىمدىم تېخى ئانام دەپ،
بىر كوزا تۈزنى كۆتۈردۈم ئاچچىق،
كىم ماڭا ئاخىر كۆيەر ئانامدەك؟
تۈگىمەس دەردىم، ئۈنلەيدۇ قەلبىم.

# يېتىم قىزچاق

**ساھىبجامال مەتسەيدى**

ئۆتتى كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ،
كوچىلاردا چاڭ ـ توزاننى ئۈچۈرۈپ.
ئولتۇرىدۇ كەچمىشلەرگە بېرىلىپ،
يېتىم قىزچاق مىڭ ئەلەمدە مۈڭلىنىپ.

كۆزلىرىدىن ئاقار تارام ـ تارام ياش،
يېتىملىكتە قەلبى يارا ـ جاراھەت.
باشپاناھسىز بولسا بىر تال يۇمران گۈل،
يېزىلامدۇ قىسمىتىگە قاباھەت؟

يېتىم قىزچاق، ئۇ ـــ قاناتسىز ،ھىماتسىز ،
كۆزلىرىدە قايناپ تۇرار مىڭ ئەلەم.
كىيىملىرى جۇل ـ جۇل ئۇنىڭ قاراقسىز ،
سوئال تاشلار كوچىلارغا مىڭ مەرتەم.

ئېيتقىن ھايات ئۇنىڭ نىمە گۇناھى؟
دادىسى كىم، ئانىسىچۇ، ئۇ بىلمەس.
ھايات ئۇنىڭ دوزىخمۇ قىسمەتتە،
قىينىمىغىن دۇنيا ئۇنى ئەمدى، بەس!

# شېئىرلار

بۇخەلچەم تۇردى

## سەن ئەمەس

سەن ئەمەس،
سۇبھىلەردىن ئادىشىپ تېزىپ،
ۋىجدانىنى سېتىپ ئېلىسقا،
تاۋكالاردا ئېزىپ يۈرگۈچى.
سەن ئەمەس .
خىلۋەتلەرنى مارىلاپ تىنتىپ،
كىملىكنى چىلاپ رومكىغا
لالما كۆڭۈل بېغى كەزگۈچى.
سەن ئەمەس
خۇشامەتتىن گۈلدەستە تىزىپ
پەسلىك بىلەن چۈشۈپ دۈئېلغا
ياخشىلارغا قىلتاق قۇرغۇچى.
سەن ئەمەس
ئۆيىنى، يارنى ئەستىن چىقىرىپ،
تىمىسقىلاپ رەڭلىك سورۇندا،
نازىنىنلار چۈشى كۆرگۈچى.
سەن -
تاھىر ئاققان دەريادا ئېقىپ،
مەنبەسىنى تېپىپ ۋاپانىڭ،
يۈرىكىمدە كۆكلەپ تۇرغۇچى.

## كۆمۈر

نېمىتى سەن ئانا زېمىنىنىڭ،
يەر يېغىدىن دۇرغا ئايلانغان.
جان گۈللىرى چېچەكلەر بىردىن،
تەپتىڭ بىلەن ئىللىسا ئىنسان.

پارقىرىغان قارا ياقۇتسەن،
زۇلمەت قىشتا جانغا جان قوشقان.
سەن زېمىنىنىڭ ئەزىز بالىسى،
تالاي تىلسىم - ھېكمەتكە تولغان.

سەنسىز قىشنىڭ ھەيۋىسى چەكسىز،
مۇزلار ھەممە مۇزلايدۇ ھايات.
ئايرىلالماس سەندىن ھېچكىشى،
سانائەتكە سەنمۇ بىر قانات.
كۆمۈر،
جىمجىت يېتىپ يەر قاتلىمىدا
ۋەسلىڭگە زار قەدىمىي ئەلنىڭ
قاغجىرىغان تەنھالىقىغا،
پاك مېھرىڭنى بەرگۈڭ كېلەمدۇ؟
كۆمۈر، ئىھ كۆمۈر
كۆيلەر شائىر سېنى بىر ئۆمۈر.

## پەرىشانلىق

بەرىكەتسىز ۋاقىت قەدىمى،
قوغلىماقتا يىللارنى ئايدەك.
مەنىسىزلىك پاتقاقلىرىدا،
ئالتۇن ئۆمۈر ئۆتمەكتە لايدەك.

ئېچىلماقتا ھايا پەردىسى،
لاۋزا پەسكەش ئېلانلار ئارا.
سەلتەنەتلەر توزۇيدۇ ئۈنسىز،
رومكا تۇتقان ئايال قولىدا.

ئانىلارنىڭ قۇمسىمان روھى،
باللارنى قويماقتا بىنەم.
ئادىمىيلىك چەتكە قېقىلغان،
شۆھرەتلەردە بولسۇن نېمە تەم؟

نەلەردىكىن باھادىر سۇپەت
ئاتىلارنىڭ شىرسىمان روھى.
مەنپەئەتكە ئايلانسا مېھىر،
ئېچىلمايدۇ دىللار ئىشكى.

ئايال دەيدۇ تەشۋىشتە دۇنيا،
ئانا دەيدۇ زېمىن ئۆرتىنىپ.
ئەرلەر دەيدۇ تەكلىماكانمۇ،
ئاتا دەيدۇ تارىم مۇڭلىنىپ،
چۇقان سالار كائىناتمۇ ھەم،
بۇزۇلۇشنىڭ ھۆججەيرىسى كىم؟

# ئۈچ شېئىر

داۋۇت تۇرسۇن

## مەن ئۆزۈمنى سورايمەن قايدىن

دېرىزىدىن قارايمەن پەسكە،
قوڭۇر تەنلىك زېمىنىنىڭ ئۈستى،
ئوخشاپ قالغان ساپسېرىق رەڭگە.

بىنالارنىڭ رەڭگى ئۆزگەرگەن،
ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغان بەڭگە.
ئۆزىچىلا چۈشىدۇ جەڭگە.
يۈرىكىمنى قىناپ ھەسرىتى،
ئىختىيارسىز قارايمەن كۆككە.
كۆزلىرىمنىڭ كۆرگىنى راستمۇ؟
يۈرىكىمنىڭ كۆرگىنى راستمۇ؟
كۆك نېمىشقا كۆپكۆك شۇ قەدەر!
نېچۈن سۈزۈك، نېمىشقا سىرلىق؟
تەلپۈنگۈدەك يۈرەك مەستانە.
خىيالىمنىڭ پايانى چوڭقۇر،
تاپالمايمەن جاۋابىنى سوراپ.
يا قويدۇممۇ ئۆزۈمنى ئاستا،
زامانلارنىڭ تەكتىگە ئوراپ.

يانچۇقۇمغا قوللىرىم چۈشتى،
ئۇندا قالغان مىڭ پاتمان ئازاب.
ئەگەر كىچە بولمىغان بولسا،
يۈرمەسكەنمەن ئۆزۈمنى ئالداپ.
شۇ ئالداشقا ئالدىنىپ كەلدىم،
ياكى ئالداپ كەلدىم بىراۋنى.
بىراق قۇياش نېمىشقا مىسكىن؟
ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ ياكى،
كۆرۈپ مېنىڭ غېرىب ھالىمنى.
ئاي نېمىشقا يىغلاڭغۇ يەنە؟
باقمىدىمۇ يەرشارى ياكى،
قىلماي ئەمەل بەرگەن قەسەمگە.
كۆكتىن تارتتىم كۆزۈمنى ئاستا،
دېرىزەمنىڭ كۆزىگە باقتىم.
ئۇندا قاپتۇ مىڭ يىللىق سۆيگۈم
سۆيگۈ دېدىم ئۆزۈمگە ئاقتىم.
نېمە قىلاي دېرىزەمگە؟
نېمە قىلاي ئۆزۈمگە يەنە.
قوللىرىمدا سۈرتەيمۇ ئۇنى.
ياكى داۋام ئۆزۈمنى يەنە.
شۇنداق مىسكىم كۆرەيمۇ مىسكىن.
ياكى ساڭا، ماڭا قىلغاندەك،
دوق قىلايمۇ، قىلايمۇ تەنە؟

دېرىزىدىن قارىدىم پەسكە،
كۆزلىرىمگە تولدى بىر نەرسە.
كەلدى تىلىم توساتتىن، دېدى:
كىچىكلىكتە بالىلار بىلگەن،
ئەڭ سۆيۈملۈك - سۆيۈملۈك نەرسە.
يەرگە يىلتىز تارتىدۇ دەرەخ،
يوپۇرمىقى ئۆسىدۇ كۆككە.
تۇپراق ئۇنىڭ كىملىكى بولسا
ئۇ قايتىدۇ تۇپراققا يەنە.
بوشلۇق بولۇپ ئۇنىڭ كىملىكى،
ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلار تەنتەنە.
قۇياش قوغلاپ يۈرۈر كېچىنى،
تېز سۈرئەتتە قېلىشماي ئايدىن.
شەپە بېرىپ مەندىن سوراشقا ،
مەن ئۆزۈمنى سورايمەن قايدىن.
كۆمۈلگەندە جەستى ئۇنىڭ،
يېزىپ قويار شائىر شۇنداق دەپ،
مەن ئۆيۈمنى تاپقايمەن ئايدىن.

## چۈنكى سەن مۇئەللىم يەردىكى قۇياش

سېنىڭسىز تۇغۇلماس شائىر ئوغلانمۇ،
سېنىڭسىز تونۇلماس ئالىم، رەسساممۇ.
سېنىڭسىز تۇغۇلماس ھەمدە تونۇلماس،
ئەپلاتون، خاس ھاجىپ، ناپولېئونمۇ.

چۈنكى سەن مۇئەللىم يەردىكى قۇياش،
تاشمۇ ھەم سەن بىلەن بولىدۇ قاشتاش.
ئىزدىنىپ جاپاغا بولغاچقا قاياش،
سەن ئۈچۈن ئۈزۈلمەس ئالقىش ۋە ماختاش.

## يانۋاردىكى قار

نەقەدەر يېقىملىق يانۋاردىكى قار،
بىلەمسەن، مەن سېنى سېغىندىم شۇنچە.
ئۇنتۇلۇپ قاپتىمۇ قۇملۇق ئاستىدا،
قارنى دەپ باھاردا ئۆستۈرگەن غۇنچە.

ئۈمىدلىك، تىلەكلىك، ئارزۇيۇك قىنى،
قەلبىڭدە بىر ئاقلىق تۇرار مەردانە.
يانۋاردا قار كەبى نە گۈزەللىك بار؟
ئاقلىقتىن يەر - زېمىن كۆلەر ھەرباره.

يېيىلىپ ياتسەن شۇنچىلىك مەستخۇش،
كۆكۈلگە، يوللارغا يانۋاردىكى قار.
شائىرلىق قىسمىتى تەقدىرىڭ بەلكىم،
ئۈمىدلىك، خىيالىڭ ئۆزلۈكۈڭگە يار.

# ئۈچ شېئىر

**غوجىئابدۇللا ئابدىلىم** (يۈلغۈن)

## ئاتىدىم سەن ئۈچۈن جېنىمنى پەقەت

ئانامدەك مېھرىبان ئەي ئۇلۇغ ۋەتەن،
قوينۇڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم.
سەن ئۈچۈن ھەر ۋاقت جەڭگە تەييارمەن،
ئەمدى مەن شۇنچە كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدۇم.

سەن ماڭا كۆپ ئەجىر سىڭدۈردۈڭ ۋەتەن،
بۇنىڭغا تارىختا پاكىتلار بەك كۆپ.
سەن ئەگەر بولمىغان بولساڭ گەر چوقۇم،
شەكسىز مەن دۈشمەنگە بولاتتىم ئوت-چۆپ.

مېھرىڭدىن يامغۇردەك ياغىدۇ شەپقەت،
قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتتۇڭ چەكسىز.
ئاتىدىم سەن ئۈچۈن جېنىمنى پەقەت،
جاھاندىن كېتمەن ياشىماي سەنسىز.

## كۆرۈپ قالدىم قىپقىزىل بىر گۈل

كېزىپ يۈرۈپ يېزام بېغىنى،
كۆرۈپ قالدىم قىپقىزىل بىر گۈل.
چاقناپ يېدى كۆزنىڭ يېغىنى،
شۇڭا مەپتۇن بولدى بۇ كۆڭۈل.

ئۆزمەك ئۈچۈن سوزدۇم قولۇمنى،
(قىزىلگۈلنى تەنھامكىن دەپ.)
ئەپسۇس، مىنى يولاتمىدى ھېچ،
تىكەنلىرى گۈل ئۈچۈن غەم يەپ.

بىلدىم، شۇڭا يولاتماستىن پاك،
چاقنىغانكەن شۇنچە جۇلالاپ.
سۇ قۇيدۇم مەن تېگىگە ئۇنىڭ،
شوخ ياشنىسۇن دەپ ھەم ئاۋايلاپ.

## ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتسەم ھەركۈنى

ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتسەم ھەركۈنى،
سەن ماڭا تەلمۈرۈپ قارايسەن ئۇزاق.
بىر گېپىڭ بارمۇ - يا؟ ماڭا دەيدىغان،
ئېيتقىنا تارتىنماي، ئېيتقىنا قىزچاق.

بىلمەن، يۈرىكىڭ تەلپۈنۈپ ماڭا،
ھىجراندا ياش تۆكۈپ، چېكىسەن ھەسرەت.
خىيالىڭ بېغىدىن چىقمىدىم لېكىن،
ئېھتىمال چۈشۈڭگە كىردىم نەچچە رەت.

تارتىنىپ ئۆزۈڭنى قىيناپ يۈرگىچە،
تارتىنماي بىر ئۆمۈر سۆيۈۋال مېنى.
ۋە لېكىن سۆيۈشۈڭ ساختا بولمىسا،
بىر ئۆمۈر بەختلىك قىلىمەن سېنى.




## تارالغان مېھر

بىراۋلار كۆزىگە كۈلۈپ قارساڭ،
كۆڭۈلدىن ـ كۆڭۈلگە ئاقىدۇ سۆيگۈ.
سۆيگۈدىن ئىللىغاچ ياشىرىپ قەلب،
يوقايدۇ ئادەمدىن غەم بىلەن قايغۇ.

بولمايمەن ھاجەتمەن دېيەلەيدۇ كىم؟
ھەم يەنە دەردمەنلەر دەردىگە دەرمان.
باشقىلار غېمىنى يېگەن كىشىنىڭ،
چوقۇمكى يوللىرى بولىدۇ راۋان.

ئويلاپمۇ قويمىغان بەلكىم بىر چاغدا،
تەسەللى بىرىشنى غەمكىن بىراۋغا.
ۋە لېكىن يېشىڭنى سۈرتكەندە بىرى،
بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭسەن قايتا.

تارايدۇ ئىللىقلىق، تارايدۇ مېھر،
ئەڭ خۇشبۇي ھىدلاردا شۇ كۆڭۈللەرگە.
سۆيۈنۈپ ئادەملەر، ياشىرىپ يۈرەك،
كەڭ ئاچار باغرىنى ھەممە ـ ھەممىگە.

## تۇرمۇش

چۈشتەكلا ئۆتىدۇ بەزىدە تۇرمۇش،
بەزىدە ئۇ يەنە تاتلىق بىر سۆيۈش.
ئەڭ ياخشى جاۋابنى بېرىدۇ ۋاقىت،
يوقايدۇ سەندىكى بىمەنە كۈتۈش.

بەزىدە يىغلايسەن خورسىنىپ تۇرۇپ،
شۇ قەدەر ئەخمەق ھەم كالۋالىقىڭغا.
بەزىدە كۈلسەن بوۋاق بالىدەك،
شۇ قەدەر ئاق كۆڭۈل، ساددىلىقىڭغا.

بىلمەيمەن دېگەننى بىلىپ قالسەن،
قىلمايمەن دېگەننى قىلسەن قايتا.
ئۆزگىرىپ قالسەن ئۆزۈڭمۇ تۇيماي،
ھەممىنى ھەيراندا قالدۇرۇپ ھەتتا.

تۇرمۇش ئۆگىتەر ھەممە ـ ھەممىگە،
جاپا ھەم راھەتتە قانداق ياشاشنى.
مۇھىمى ئۆگىتەر تەبىئىيلا بىزگە،
ھاياتتا ھەقىقىي ئادەم بولۇشنى.

## ھايات ئۈچۈن

قەدىرلىسەڭ ھەر دەقىقىنى،
ھايات ئۈچۈن ئالغاندا نەپەس.
كېچەلسەڭ ھەممە نەرسىدىن،
ئۆي بولمىسا سەن ئۈچۈن قەپەس.

بىرەلىسەڭ ئائىلەڭ ئۈچۈن،
خاتىرجەملىك ھەم روھىي مەدەت.
قىيامەتتىن قورقمايدۇ بەلكىم،
سەن بولساڭلا يېنىدا پەقەت.

پەرزەنتىڭگە مېھرىڭنى بەرسەڭ،
ئۈمىدىڭنى ئاقلايدۇ چوقۇم.
ھەمراھىڭنى قىلساڭ ھەم خۇشال،
ئاراڭلاردا قالماس غەم ـ غۇسۇم.

ئۇنتۇپ ئارتۇق ھەۋەسلىرىڭنى،
خۇشال قىلساڭ ئۇلارنى دائىم.
قانائەت ھەم شۈكۈرلۈك بىلەن،
تۇرمۇش ئۈچۈن يېمەيدۇ ۋايىم.



رېھىم نىياز

# كۈنسېرى گۈزەللىشىۋاتقان كېرىيە خەلق باغچىسى

دۆلەت يولى 315 ـ لىنيەسىنىڭ 2315 ـ تىن 2316 ـ كىلومېتىرلىق بۆلۈكىنىڭ جەنۇپ تەرەپ يول بويىدا بۈك ـ باراقسان ئورمانلار بىلەن قاپلانغان، يولىرى رەتلىك، باغچىنىڭ مەركىزىي مەيدانى ۋە ئۆتۈشمە يولىغا سىلىق، پارقىراق مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان، باھاردىن تا كۈزگىچە خىلمۇ خىل خۇش پۇراق گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، ئەتراپنى خۇش پۇراقلىرى بىلەن كېپىنەكلەرنىلا ئەمەس بەلكى ئادەملەرنىمۇ ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان بىر ساپ ھاۋالىق يېشىل باغچا بار. مانا بۇ كېرىيە ناھىيەسىنىڭ خەلق باغچىسى.

باغچىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 85 مىڭ ئالتە يۈز كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 430 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 200 مېتىر كېلىدۇ. باغچىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە باغچىغا يانداشقان ئىككى تاناپ سېمونت بىلەن سىگمەسلەشتۈرۈلگەن غول ئۆستەڭ بولۇپ، بۇنىڭدا يازلىقى ئاساسەن سۇ ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدۇ. باغچىنىڭ جەنۇب تەرىپى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن سېلىنغان «جېڭخەي باللار باغچىسى» بىلەن پاسىلداش، شەرق تەرىپىدە كەڭ، ئازادە ياسالغان «ئەلرازى» يولى بولۇپ، يول بويىدا شەھەرلىك ج. خ ساقچىخانا بىناسى، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىناسى، ناھىيەلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ كۆركەم، ئازادە، ئېگىز ئىمارەتلىرى بار. باغچىنىڭ غەرب تەرىپىدە بولسا ئۆستەڭ بىلەن پاراللېل ياسالغان كەڭ، ئازادە «ساغلاملىق يولى» بولۇپ، يول بويىدا ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى ۋە خەنزۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار بولۇپ، يول بويلىرى تولىمۇ پاكىز ۋە ئازادە. يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىكىلگەن سېدە دەرەخلىرى ياز بويى يولغا سايە تاشلاپ، سالقىن ھاۋاسى بىلەن يولۇچىلارغا راھەت بېغىشلايدۇ، باغچىنىڭ شىمالىي چېتى 315 ـ دۆلەت يولى بولۇپ، بۇ يولدا كېچە ـ كۈندۈز ئاپتوموبىللارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

باغچا ئىچىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە قاراقۇرۇم تېغىغا سىمۋول قىلىنغان بىر كىچىك تېپتىكى سۈنئىي تاغ بولۇپ، تاغنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 3500 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ خاس بوز توپىدىن دۆۋىلەپ چىڭدىلىپ ياسالغان. تاغنىڭ ئەتراپىدا كېرىيە دەرياسىغا سىمۋول قىلىنغان ئېقىن بولۇپ، داۋاملىق تۈردە سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئېقىنغا سۇ چىققالغان مەزگىللەردە ئېقىن بويىغا كېلىپ قارىسىڭىز بۇ سۈنئىي تاغ خۇددى بىر دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئارالدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. تاغ ئۈستىگە چىقىپ قارىسىڭىز باغچىنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسى كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولۇپ، سىزگە ئاجايىپ ھۇزۇرلۇق تۇيغۇ بېرىدۇ.

باغچا ئىچىدە بىر جۈپ قوشماق راۋاق بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى سۈنئىي تاغنىڭ ئۈستىدىكى ئالتە بۇرجەكلىك بېتون قۇرۇلمىلىق راۋاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى تەرىپىگە خەنزۇ رەسساملارنىڭ تۈرلۈك مەنزىرە رەسىملىرى كۆچۈرۈپ سىزىلغان بولۇپ، ئۇ خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىرى تۆۋەنكى ئېقىن بويىغا سېلىنغان گۈمبەز شەكىللىك يۇملاق راۋاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى تەرىپىگە سىزىلغان كېرىيەنىڭ ئالتە چوڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ماي بوياق سىزما رەسىملەر كېرىيەنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىككى راۋاقنىڭ شەكلى، ياسىلىشى ۋە ئۇنىڭغا سىزىلغان سۈرەتلەر بىر ـ بىردىن پەرقلىنىدىغان روشەن ئالاھىدىلىكى بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ كىچىكلىتىلگەن ئىسخېمىسىغا سىمۋول قىلىنغان.

باغچىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئوتتۇرا يول ئىككى تەرىپى قاتار كەتكەن سىدە دەرەخى بىلەن ئورالغان يېشىل كارىدور بولۇپ، يول يۈزىگە ھەر خىل رەڭدىكى پارچە ـ پۇرات مەرمەر تاشلار ياتقۇزۇلغان بولۇپ، يىراقتىن قارىغان كىشىگە خۇددى گۈللۈك پايانداز سېلىنغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. مۇشۇ يول بىلەن جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىسىڭىز، ئالدى بىلەن كۆزۈڭىزگە چېلىقىدىغىنى 8.1 مېتىر ئېگىزلىكتىكى خاتىرە مۇنارى بولۇپ، بۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى مۇستەقىل ئاتلىق دىۋىزىيەسىنىڭ «ئالدىن يۈرەر» روتىسىنىڭ شىزاڭغا يۈرۈش قىلغانلىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تىكلەنگەن ئابىدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى مۇستەقىل ئاتلىق دىۋىزىيەسىنىڭ «ئالدىن يۈرەر» روتىسى بۇيرۇققا بىنائەن 1951 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كېرىيەدىن يولغا چىققان). خاتىرە مۇنارىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئەگمە شەكىللىك لىۋشۈيچياۋ (راۋان ئېقىن كۆۋرۈكى) بولۇپ، بۇ كۆۋرۈك ئەينى چاغدىكى شىزاڭغا يۈرۈش قىلغان قىسىملارنىڭ كېرىيە دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا سالغان يول كۆۋرۈكىگە سىمۋول قىلىنغان. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىسىڭىز باغچىنىڭ مەركىزىدىكى پەشتاق سۇپىغا قويۇلغان يوغان تەبىئىي قورام تاش كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ. بۇ تاشنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، دىيامېتىرى 1.8 مېتىر، ئېغىرلىقى 38 توننا بولۇپ، بۇ، كېرىيەنىڭ مۇقىملىقىغا سىمۋول قىلىنغان. بۇ تاشنىڭ شەرق تەرەپتىكى يۈزىگە «于阗» دېگەن خەنزۇچە خەت ئويۇلغان، جەنۇب تەرەپتىكى يۈزىگە ماۋ جۇشىنىڭ «ئاتتى تاڭ خوراز چىللاش بىلەن تەڭ، بارچە مىللەت چالدى ساز يۇتىيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە» دېگەن شېئىرى ئۇيغۇرچە يېزىقتا ئويۇلغان. تاشنىڭ غەرب تەرەپتىكى يۈزىگە يۇقىرىقى شېئىرنىڭ خەنزۇچىسى ئويۇلغان. تاشنىڭ شىمال تەرەپ يۈزىگە بولسا، «كېرىيە» دېگەن ئۇيغۇرچە خەت ئويۇلغان بولۇپ، بۇ كىشىگە ئامانلىق تۇيغۇسى، بەختەرلىك تۇيغۇسى ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بېرىدۇ. كېرىيەگە كەلگەن مېھمانلار ۋە ساياھەتچىلەر بۇ يەردە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرىدۇ.

باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن توغرا كېسىپ ئۆتكەن ئۆتۈشمە يولنىڭ شەرق تەرەپتىكى كىرىش ئېغىزىدىكى ئېقىنغا بىر جۈپ بېتون قۇرۇلمىلىق «قەلبداشلار كۆۋرۈكى» سېلىنغان بولۇپ، بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، كۆۋرۈكنىڭ يان رېشاتكىلىرى ئاق مەرمەر تاشتىن ياسالغان. كۆۋرۈك يۈزىگە رەڭلىك تاش تاختا ياتقۇزۇلغان. كۆۋرۈكنىڭ يان بۆلەكلىرىگە ئەينەك يېپىق چىراغلار ئورنىتىلغان بولۇپ، باغچىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىگە ئۆزگىچە ھۆسن قوشىدۇ. بۇ قوشماق كۆۋرۈك ئىتتىپاقلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، باغچىغا كىرىپ ـ چىققۇچىلارنىڭ ئېقىندىن بەختەر، راۋان ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

باغچىنىڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى يول بويلىرىغا خىلمۇ ـ خىل شەكىلدىكى رەڭلىك چىراغلار ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ چىراغلار كېرىيەنىڭ ئاۋات ۋە باياشاتلىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، كەچ كىرگەندىن تارتىپ تاكى تاڭ ئاتقۇچە باغچا ئىچىگە ئاجايىپ زىننەتلىك تۈس بېرىپ، كەچلىك ساياھەتچىلەرگە ئۆزگىچە زوق ئاتا قىلىدۇ.

باغچىنىڭ سەھەرلىك جىمجىت مۇھىتى ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەتىگەنلىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش سورۇنى بولۇپ، سىز ھەر كۈنى سەھەردە بۇ يەرگە كېلىپ قارىسىڭىز، رەتلىك ھەم پاكىز مەكتەپ فورمىسى كىيگەن قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ باغچا ئىچىدىكى يول بويلىرىغا قويۇلغان تاش ئورۇندۇقلاردا دانە ـ دانە ئولتۇرۇپ كىتاپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى، تېكىست يادلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈسىز. بۇ باغچا ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە يېقىن بولغىنى ئۈچۈن، مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپلا باغچىنىڭ ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ، باغچىنىڭ سەھەرلىك مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلانغاچ باغچىدىكى جىمجىت مۇھىت ۋە قولايلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ دەرس تەكرارلايدۇ.

باغچا ئىچىگە يەنە بىرقانچە ئورۇنغا تارقاقلاشتۇرۇپ تەنتەربىيە سايمانلىرى ۋە چېنىقىش سايمانلىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، ھەر كۈنى سەھەردىن تاكى كەچكىچە ياشانغانلار، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر بۇ يەرگە كېلىپ تۈرلۈك چېنىقىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىگە شادلىق ۋە ساغلاملىق ئىزدەيدۇ.

بۇ باغچا 1985 ـ يىلى ئەينى چاغدىكى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى مەرھۇم مەتتوختى جامال بىلەن ئەينى چاغدىكى ھاكىم ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ پىلانلىشى ۋە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشى بىلەن شۇ چاغدىكى ناھىيەلىك پارتكوم ئىشخانىسى خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ كا-

دىرى مەرھۇم ئەمەت راشىدىنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇللىقىدا ياسالغان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ناھىيە مالىيەسىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە تۈرلۈك ماددىي شارائىتلارنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن پۈتۈنلەي ئادەم كۈچى بىلەن ئاددىيلا ياسالغان بولۇپ، تۆت ئەتراپىغا لاي تام سېلىنىپ، باغچىنىڭ غەرب تەرىپىگە ئوتتۇرىدىن بىرلا دەرۋازا قويۇلغان بولۇپ، يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇلغان ئىدى. ھازىرقى كىچىك، سۇنئىي توپا تاغمۇ ئەينى چاغدا قېزىلغان ئېقىن توپىسىنى زەمبىل، ئەپكەشلەر بىلەن يۆتكەپ كېلىپ دۆۋىلەپ ئادەم كۈچى بىلەن خاڭ سېلىپ چىڭداپ قاتۇرۇپ ياسالغان. باغچىنى ياساش ئەمگىكىگە ھەرقايسى يېزا - بازارلاردىن نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئەمگەك كۈچى يۆتكەپ كېلىپ ئىشلەتكەندىن باشقا ناھىيەگە بىۋاستە قاراشلىق ئىدارە - ئورگان كادىرلىرىغىمۇ ئەمگەك ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىپ بېرىلىپ بىرلىكتە ئىشلەپ پۈتكۈزگەن. باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىرلا كېسىشمە يول ئېلىپ، يول بويلىرىغا سېدە، سۆگەت قاتارلىق بىرقانچە خىللا دەرەخلەرنى تىكىپ كۆكەرتكەن بولۇپ، قالغان يەرلەر ئاساسەن دېھقانچىلىق ئېتىزى شەكلىدە بولۇپ، ئۇ يەرلەرگە ئاز ساندىكى گۈل - گىياھ تېرىلغاندىن باشقا بىر قىسىم دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىمۇ تېرىلغان ئىدى. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باغچىنى باشقۇرۇش تاشلىنىپ قېلىپ باغچىلىق رولىنىمۇ يوقاتقان ئىدى. ناھىيەمىز 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر ساھە خىزمەتلەردە ئۆزگىرىش ۋە يۈكسىلىش بولۇپ، شەھەر قۇرۇلۇش قەدىمى تېز ئىلگىرى سۈرۈلدى. خەلقىمىزنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجى كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا 2005 - يىلى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خې جۈن، ھاكىم مەتسەئىدى خۇدابەردى قاتارلىق رەھبەرلەر ناھىيەمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ناھىيەمىز خەلقىنىڭ خىزمەت ۋە ئەمگەكتىن بوشانغان ۋاقىتلىرىدىكى دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، ھاۋاسى ساپ، مۇھىتى گۈزەل، شارائىتى قولايلىق سورۇن بىلەن تەمىن ئېتىش، شۇنداقلا ناھىيەمىزنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى بىر سورۇن ھازىرلاش مەقسىتىدە تاشلىنىپ قالغان بۇ باغچىنى قايتىدىن يېڭىلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىلان ئەينى چاغدا ناھىيەلىك تۆت يۈرۈش رەھبەرىيەت ئەزالىرىنىڭ بىردەك ماقۇللىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىپ، شىنجاڭغا ياردەم بەرگۈچى ئورۇنلارنىڭ ياردىمىدە ئالتە مىليون يۈەندەك مەبلەغ ھەل قىلىنىپ، باغچىنى قايتا قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىندى ھەمدە بۇ ئىشقا ئەينى چاغدىكى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش لى جيەنجۈن مەسئۇل قىلىندى. يولداش لى جيەنجۈن ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىپ، ھەر تەرەپتىكى كۈچلەرنى ئاكتىپ ماسلاشتۇرۇپ، ئەتراپلىق ئويلاش، ئىنچىكە پىلانلاش، تۈجۈپىلەپ ئىشلەش نەتىجىسىدە ئىلگىرى بارلىرىنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەش ئاساسىدا قايتا ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ، باغچىنىڭ ھازىرقى يېڭى قىياپىتىنى شەكىللەندۈردى. باغچىنىڭ چۆرىسىدىكى كونا لاي تامنى پۈتۈنلەي چېقىپ تۈزلىۋېتىپ، ھېچقاندا جايدا توسالغۇسى بولمىغان، ھەقسىز ئېچىۋېتىلگەن ئوچۇق باغچىنى ياساپ چىقتى. شۇنىڭدىن بۇيانقى بىرنەچچە يىل مابەينىدە ناھىيەمىزنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى باغچىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ۋە كۆكەرتىش ئىشلىرىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ، يىلمۇ يىل ياخشىلاپ، ھازىرقىدەك مەنزىرىسى گۈزەل، مۇھىتى پاكىز، شارائىتى ياخشى بولغان بىر ئاممىۋى سورۇننى بەرپا قىلدى. ھازىر بۇ باغچىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ تۈرى 40 خىلدىن ئاشىدۇ. ئومۇمىي سانى 38 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق. ئېتىز - قىرلارغا تېرىلىدىغان گۈللەرنىڭ تۈرىمۇ نەچچە ئون خىلغا يېتىپ، باھاردىن تاكى كۈزگىچە ھەر خىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ ئەتراپقا مەززىلىك خۇش پۇراق چېچىپ سەيلە - ساياھەتچىلەرگە ئۆزگىچە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. باغچا ئىچىدىكى دەل - دەرەخلەردە ھەر خىل قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئۈزۈلمەيدۇ. باغچا ئىچىدىكى سۇ ئورنى كۆلىمى 11 مىڭ 535 كۋادرات مېتىر بولۇپ، باغچىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى باش ئېچىقتىن كىرىپ، شىمال تەرەپتىكى ئېغىزدىن چىقىرىۋېتىلىدىغان بولغاچقا، سۇ دائىم سۈزۈك ھەم پاكىز بولۇپ، يازنىڭ پىژغىرىن ئىسسىقلىرىدا باغچا ئىچىگە كىرگەن ئادەمگە سالقىن ھۇزۇر ئاتا قىلىدۇ!



## ياقۇپ مۇھەممەت

# كېرىيىدىكى ئۆتەڭ، دەڭ ـ سارايلار ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئىلگىرى كېرىيەدە قاراقىر ئۆتەڭ، ناھىيە بازىرىدا 20 دىن ئارتۇق دەڭ ـ ساراي، ئويتوغراقتا تۆت دەڭ ـ ساراي، يېسىۇلغۇندا بىر دەڭ ـ ساراي، قاقشاللىقتا بىر ئۆتەڭ، قاقشاللىق بىلەن نىيە ناھىيەسى ئارىلىقىدا بىر ئۆتەڭ بولۇپ، جەمئىي ئالتە جايدا ئۆتەڭ ۋە دەڭ ـ ساراي بار ئىدى. ھەر بىر ئۆتەڭگە ئىككىدىن بەشكە قەدەر ئائىلە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىردىن كۆل قېزىلىپ، 50 تۇياقتىن 100 تۇياققا قەدەر ئات ـ ئۇلاغ سىغىدىغان ئېغىل ۋە ئوت ـ چۆپخانا سېلىنغان ئىدى.

1868 ـ يىللىرى ياقۇپبەگ قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە ئەنگلىيە ۋە رۇسىيەدىن كەلگەن بىر قىسىم سودىگەرلەر ئاقسايچىن ئەتراپىدا بارلىق مال ـ مۈلكى بىلەن ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن. ئەنگلىيە ۋە رۇسىيەدىن مەخسۇس ئادەم كېلىپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچ قانداق ئىز ـ دېرىكى بولمىغان. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ياقۇپبەگ بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالىغان. بۇ كېلىشىمنامىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا ھەر قانداق بىر رۇسىيە پۇقراسىنىڭ مەيلى قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلىشىدىن قەتئىينەزەر قەشقەرىيەگە كېلىپ ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدە سودا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، زىيارەت قىلىشىغا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى، قەشقەرىيە پۇقرالىرىنىڭمۇ رۇسىيە تەۋەسىدە پۇقرىنىغا ئوخشاش ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. كېلىشىمدە يەنە ياقۇپبەگنىڭ رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇشۇ مەزگىلدە ياقۇپبەگ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنىڭ يەرلىك ماللىرىنى ھىندىستانغا ئاپىرىپ سېتىش، كېلىش ئۈچۈن 100 تۆگىدىن تەركىب تاپقان چوڭ بىر كارۋان ئەترىتى تەشكىللەپ يولغا سالغان. بۇ كارۋان ئەترىتى تىبەت ئەتراپىدا ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان. ياقۇپبەگ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال تىبەتكە ئادەم ئەۋەتىپ، يوقاپ كەتكەن كارۋان ئەترىتىنى سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تاپالمىغان. ئۇ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىگە تەۋە ھەر قايسى جايلاردىكى كارۋان يوللىرىغا ئۆتەڭ ۋە دەڭ ـ ساراي سېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ، بەزى ئايلانما يوللارنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇدۇللاش، ئۇنىڭ بويىغا ئۆتەڭ، دەڭ ـ ساراي سېلىش، كۆل، قۇدۇق قېزىش، ئوت ـ چۆپخانا سېلىش، شۇ ئارقىلىق سودىگەرلەر ۋە يولۇچىلارنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن. شۇنىڭغا ئاساسەن ھەر قايسى جايلاردىكى مۇھىم يول بۆلەكلىرىگە ئۆتەڭ ۋە دەڭ ـ سارايلار سېلىنغان ۋە ئائىلە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئەتراپىغا كۆل ياكى قۇدۇقلار قېزىلغان، ئېغىل ـ قوتانلار ۋە ئوت ـ چۆپخانىلار سېلىنىپ، ئادەم، ئات ـ ئۇلاغ ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ بىخەتەرلىكى قوغدالغان.

يەكەنلىك نىياز ھېكىمبەگ خوتەنگە ھاكىمبەگ بولغان مەزگىلدە قاراقىردا ئۆتەڭ بەرپا قىلىپ، ياقۇپ پاتچى قاتارلىق ئۈچ ئائىلىنى ئورۇنلاشتۇرغان، ئېغىل سالدۇرغان ۋە كۆل قازدۇرغان. شەھەر ئىچىدىكى سىدىق ئاخۇنباي، توختى ياكاق قاتارلىق بايلارنى ھەردەكەتلەندۈرۈپ 20 دىن ئارتۇق دەڭ ـ ساراي سالدۇرغان. ئويتوغراقتىكى لەنگەر ئۆستەڭ كەنتىگە تۆت يۈرۈش دەڭ ـ ساراي سالدۇرۇپ، مەتنىياز سوپى، رۇزى ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئويتوغراقنىڭ شەرقىگە 19 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇق ئارىسىدىكى يېسىۇلغۇنغا بارىدىغان ئەگىمە يولنى ئۇدۇللاپ ئالدۇرۇپ، 10 كىلومېتىردەك مۇساپىنى قىسقارتقان.

( داۋامى 73 ـ بەتتە)



ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن

# بۇلۇڭدىكى ئالاجۇي قورغىنى ۋە قىرغىز قىسىمىنىڭ ئالاجۇيدىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا

ئالاجۇي قورغىنى — تارىم ۋادىسى بىلەن تىبەت ئېگىزلىكىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى قاراقۇرۇمدىكى تاغلىق رايون يېپەك يولىنىڭ بىرى بولغان ھاتەم پاشا يولى (كېرىيە - تىبەت يولى)دىكى تارىخىي قورغان بولۇپ، قاراقۇرۇم ئېتىكىدىكى پولۇ بوستانلىقىنىڭ 6 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى تاغ ئاراچىلىرىغا جايلاشقان.

1938 - يىلىدىن باشلاپ چېگرا ساقلىغۇچى قىرغىز قىسىملار تۆت يىل تۇرغان ئالاجۇي گازارمىسى ۋە ئۇ يەردە تۇرغان قىرغىز قىسىملارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1937 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق 6 - دىۋىزىيەنىڭ باشلىقى مامۇت سىجاڭ شېڭ شىسەي دوبەن، خوجىنىياز ھاجىم مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىكى ئۈرۈمچى يەرلىك ھاكىمىيىتىدىن يۈز ئۆرۈپ چەتكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن 6 - دىۋىزىيە قىسىملىرى مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئورۇنباسارى ئابدۇنىيازنىڭ باشچىلىقىدا خوتەندە تۇرۇۋاتقان ماخۇسەن قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالدى. بىرلەشمە قىسىم قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتۈن سەپ بىلەن ئۈرۈمچىگە ئاتلىنىپ غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاقسۇغا قەدەر قىستاپ باردى، بۇ چاغدا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي ياردەم سورىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى «ماركسىزمچى» بولغان شېڭ شىسەينى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى غەلىيانچى قىسىملارنى باستۇرۇشقا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىدىن ياردەمچى قىسىم ئاجراتتى. شۇ ۋاقىتتا قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق بىر قىسىم رېسپۇبلىكىلاردىنمۇ شىنجاڭغا (شېڭ شىسەيگە) ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەسكەر قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇلار قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن ئىدى. ئۇلارنى تاللاشتا ئوغلاق تارتىش ۋە بەيگە مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈپ، مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىققان ئەڭ قابىل ياشلار تاللانغان. سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ماخۇسەن ۋە ئابدۇنىياز باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە قوشۇنى ھاۋا ھۇجۇمى ئارقىلىق تېزلا تارمار قىلىنغان. سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ خوتەن، كېرىيە ۋادىسىغا كىرىشى بىلەن گەرچە زالىم ماخۇسەن ھاكىمىيىتى ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ ئەمما بۇ ياردەمچى قوشۇننىڭ قىسقا مۇددەتلىك ھەرىكەتلىرى خوتەن، كېرىيە خەلقىنىڭ يۈرىكىدە يەنە بىر قىسىم يېڭى - يېڭى جاراھەتلەرنىمۇ قالدۇرۇپ كەتكەن، ئەسلىدە شىنجاڭغا ياردەمگە چىققان سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى ستالىننىڭ «باي - زومىگەرلەرنى يوقىتىش» سىياسىتىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كىرگەن بولغاچقا، بارغانلا يەردە باي - زومىگەرلەرنى باستۇرۇپ ماڭغان. چوڭلارنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار كېرىيەگە كېلىپ، كېرىيەدىكى چوڭ بايلار ۋە دىنىي ئۆلىمالارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئۇلارنى كېچىسى تۇتۇپ كېلىپ، ماشىنىغا سېلىپ، چەت، يىراق جايلاردىكى قۇملۇقلارغا ئېلىپ بېرىپ، ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، قاتار - قاتار تىزىپ ياتقۇزۇپ، ماشىنا بىلەن بېسىپ ئۆلتۈرۈپ، شۇ جايغىلا كۆمۈۋېتىپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ بولغان. «ئايدىڭكۆلدىكى پاجىئە»، «كوڭكا مازار پاجىئەسى» ... قاتارلىق پېشقەدەملەر تەنلىرى شۈركۈنۈپ تۇرۇپ ئېيتىپ بېرىدىغان ئەنە شۇ رېئال قاباھەت-

لەرنىڭ تىپىك مىساللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە
بىز بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆز تېمىمىزدىن چەتـ
نەپ ئولتۇرمايمىز، پەقەت شۇ دەۋردە خوتەن، كېرىيە
خەلقلىرى ئارىسىدا «يەرنىڭ ئەكسى تېرىق، ئادەمنىڭ
ئەكسى سېرىق» دېگەن ماقال تارقىلىپ رۇسلارغا
بولغان ئاجىزانە قارشىلىقلارنىڭ خەلق ماقاللىرى ئارقىـ
لىق ئىپادىلەنگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىز.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيەسىـ
نىڭ ياردىمى بىلەن پۈتكۈل شىنجاڭنى ئۆز ئالقىنىغا
ئالغاندىن كېيىن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى چېكىنىپ چىـ
قىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما قىرغىزىستاندىن تاللانغان
مەۋلانوف باشچىلىقىدىكى بۇ قىرغىز قىسمىنىڭ بىر بۆـ
لۈكىنى شېڭ شىسەيگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن
بۇ قىرغىز قىسىم ئۈستىدىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىـ
نىڭ فورمىسىنىڭ ئورنىغا شېڭ دوبەن ھۆكۈمىتىنىڭ
ھەربىي فورمىسىنى يەڭگۈشلىگەن. شېڭ شىسەي بۇ قىـ
سىمنى چېگرا مۇداپىئە مەخسۇس قىسمى دەپ ئايرىپ
قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى تاغ ئېغىزلىرىغا يەنى تاشقورـ
غان، گۇمىنىڭ سانجۇ، خوتەننىڭ قاراڭغۇتاغ ۋە كېرىـ
يەنىڭ پۇلۇ قاتارلىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان.

ئۇلارنىڭ پۇلۇغا كېلىپ ئورۇنلىشىشى پۇلۇ ۋە ئۇـ
نىڭغا قوشنا بولغان ئىماملىرىم (بۈگۈنكى بوستان يېزىـ
سى)، ئەرەنلىك، ئۆچكەبۇلۇڭ، ئۈگىيەك، لۈش قاتارـ
لىقلاردىكى خەلقلەرگە نۇرغۇنلىغان ئاۋارىچىلىكلەر تېپىپ
بەرگەن ۋە پۇلۇ تارىخىنىڭ ئۆزى قىسقا ئەمما كۆڭۈلـ
سىز بىر بېتىنى ئاچقان ئىدى. بۇ قىسىم ئەڭ ئالدى بىـ
لەن پۇلۇ تىبەت يولى ئۈستىدىكى كوراپ دەرياسىنىڭ
بويىدىكى ئۆتكەلگە گازارما ياساش ئۈچۈن خەلقنى
نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارغا سالغان. ئۇلار سالغان
گازارما پۇلۇ بوستانلىقىدىن 6 كىلومېتىر ئىچكىرىسىدىكى
ئالاجۆي دېگەن يەردىكى قەدىمي كارۋان يولى بويىغا،
كوراپ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا سېلىنغان بولۇپ
گازارما خارابىسى ھېلىمۇ بۇ قەدىمىي ئۆتەڭنىڭ تارىخىـ
غا شاھىت بولۇپ كوراپ دەرياسى بويىدا «ئالاجۆي
قورغىنى» نامى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. گازارما
كۆلىمى تەخمىنەن بەش يۈز كىۋادرات مېتىر بولۇپ،
ئۇنىڭ گەۋدىسى ئىككى مېتىردىن قېلىن تاملار بىلەن
قوپۇرۇلغان. تاملارنىڭ ئۈستىدە يەنە يېرىم مېتىر ئېـ
گىزلىكتىكى غوجا تام ۋە غوجا تام ئىچكى دىۋارىدا ئاـ
دەم بىمالال ماڭالايدىغان كۆزەت يولى بار. مۇداپىئە

ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇپ ئەينى ۋاقىتتا گازارما ئىچىـ
دىن چوڭقۇرلۇقتىكى كوراپ دەرياسى قىرغىقىنىڭ قاپ
بېلىگە ۋە ئالدى تەرەپتىكى تاغنىڭ باغرىغا چىققىلى بوـ
لىدىغان ئۆتۈشمە لەخمىلەرمۇ كولانغان. ھازىر بۇ لەخـ
مىنىڭ ئىزىلا قالغان. گازارما ئىچىگە ئاشخانا، ياتاق،
مۇنچا، ئات ئېغىلى قاتارلىقلار يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن. ھاـ
زىر گەرچە گازارمىدىكى كۆپ قىسىم خانىلەرنىڭ ئۈستى
تۆپىسى ئاساسەن ئېچىۋېتىلگەن، پەقەت ھازىر بۇ جاينى
ساقلاش ئۈچۈن مەخسۇس قويۇپ قويۇلغان بىر ئائىلىـ
لىك ئولتۇرىدىغان ئۈچ ئېغىز ياتاقلا ئەينى دەۋرنىڭ
قىياپىتى بويىچە ساقلىنىپ قالغان.

قىرغىز قىسىم ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل
ئارمىيە قىسىملىرىدىن تەشكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن بايلارـ
غا بەكمۇ ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغان، ئىچى پۇشۇپ قالـ
غاندا پۇلۇ ۋە ئىماملىرىمنىڭ بايلىرىنى يىغىپ كېلىپ
«توپاق كۆندۈرۈش» ئويۇنى ئوينايمىز دەپ بايلارغا
مىنىپ ئويناپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇـ
ۋەتكەن. بايلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە بۇلاپ ـ
تالىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا قىرغىز قىسىملار بۇلىۋالـ
غان ماللار ئۈچىمىڭ تۇياقتىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ ماللار
ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تامىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. قىرـ
غىزلار يەنە پۇلۇ ۋە ئىماملىرىمغا بېرىپ ئۇ يەردە خالىـ
غانچە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان. كۆزىگە چىرايلىق
كۆرۈنگەن قىز ـ چوكانلارغا يامان نىيەتتە بولغان.
ئۇلار ئىماملىرىمدىن ئالاجۆيگە مەجبۇرىي ئەكېلىۋالغان
ئىككى قىزنى ئاتا ـ ئانىسى قىرغىز قىسىملار بۇ يەردىن
كەتكەندىن كېيىن قەشقەرگە بېرىپ تاشلىۋەتكەن يېرىـ
دىن تېپىپ كەلگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان. ھازىر ئاتچاندا
ياشاۋاتقان سېلىمە قىرغىز دېگەن ئايالمۇ ئەينى ۋاقىتتا
قىرغىزلار پۇلۇدىن ئالاجۆيگە بۇلاپ ئەچىقىۋالغان ئايال
بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىنىڭ كەينىگە قىرغىز دېـ
گەن لەقەم سىڭىپ قالغان ئىكەن. قىرغىزلار پۇلۇ ۋە
ئىماملىرىمدىكى باپكار، موزدۇز، تىككۈچى ... قاتارلىق
ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىپ ئۆزلىرىگە جۇۋا تىكىش، رەخت
بوياش، ئۆتۈك تىكىش قاتارلىق ئىشلارغىمۇ سالغان.

تاغلىق پادىچىلار ماللىرىنى ئالىجۆينىڭ نېرىسىدىـ
كى تاغ يايلاقلارغا ئاپىرالمىغان. قىرغىز قىسىملار شۇ
ۋاقىتتا يەرلىك خەلقنىڭ تىبەتلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە
بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەتتا ئالاجۆيـ
نىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى يايلاقلارغىمۇ پادىچىلارنىمۇ

ئۆتكىلى قويمىغان. ئۇلار كىشىلەرنىڭ كېرىيە دەرياسىنى تەشكىل قىلغۇچى غول ئېقىن بولغان ئۇلۇغ دەريانى ئايلىنىپ شىزاڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن لۈش ئۈگىيەكتىكى يېڭىئالىغ، قاراداۋغانلىق قاتارلىق جايلارنىمۇ تىزگىنلىگەن ۋە بۇ جايلانى سۇپۇرۇپ قويۇپ «ئادەم ئاياغ ئىزى چۈشمۇ - يوق» دەپ نازارەتچىلىك قىلغان.

ئۇلار يەنە مانىپۇر ئۆتكۆزۈش، ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرستىش، ئوغلاق ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان، ئاتلىرى بەك كۆنۈك بولۇپ، چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ بىر بۇيرۇق بەرسە ياتىدىغان، يەنە بىر بۇيرۇق بىلەن ئورنىدىن تۇرىدىغان تەربىيەلەنگەن ئىكەن، ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرستىشتە ئۇلار چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇش، يانچە ئولتۇرۇش ۋە باشقا تۈرلۈك قىيىن ۋە مۇرەككەپ ھەركەتلەرنى ئىشلىگەن. ئوغلاق ئويىنغاندا موزاي بىلەن ئوينىغان. ئۇلار كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا مەمەت پەيجاڭ، بۇغا پەيجاڭ ... قاتارلىق بەش پەيجاڭ يەڭگۈشلەنگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەسكەرلەرمۇ بولغان ئىكەن. شىڭ شىسەي گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىپ شىنجاڭ گومىنداڭغا قارىغاندىن كېيىن بۇ قىسىم چېگرا رايونلىرىدىن ئايرىلىپ قەشقەر ئارقىلىق ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىپ كەتكەن.

ئىككى جەرەن ئاتۇرمىز،
بىرنى بىرگە چاتۇرمىز.
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
بەش - ئالتە كۈن ياتۇرمىز.

دېگەن قوشاق ئەنە شۇ قىرغىز قوشۇنلار تۇرغان ۋاقىتتا كەڭ تارقالغان ئىكەن. پۇلۇلۇق مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى ئىبدى باراتنىڭ ناخشىلىرىدا:

ھارۇنغا چىقاي ئېگىز،
بۇلۇتقا ياپاي كىگىز
ئالاجۈينى ئاۋات قىلغان،
ھارۇنباي دېگەن قىرغىز.

دېگەن مىسرالار بار بولۇپ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ھارۇنباي شۇ ۋاقىتكى قىرغىز قىسمىنىڭ ئامبارچىسى ئىكەن.

قىرغىز قىسىم كەتكەندىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ ئالاجۈي قورغىنىدا مەخسۇس كۆزەتچى خادىم تۇرغۇزغان، ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورنى بۇ جاينى ئۆتكۈزۈۋېلىپ يەنە ساقچى تۇرغۇزغان، كېرىيە ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ پىشقەدەم ساقچىلىرىدىن بولغان رۇزى پو، ياقۇپ مۇھەممەت قاتارلىقلار مۇشۇ جايدا بىر مەزگىل تۇرۇپ گازارمىدا كۆزەتچىلىك ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلغان.

بۇ ھالەت تاكى 80 - يىللارغىچە داۋاملاشقاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ «شىزاڭمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى تۇرسا، مەخسۇس ساقچى تۇرغۇزۇشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى» دېگەن پىكىرلىرى بويىچە بۇ جاي كەنت كومىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، پۇلۇ كەنت كومىتېتىمۇ بۇ يەرنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك ئورنىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىزچىل ھالدا مەخسۇس ئائىلە ئولتۇرغۇزۇپ بۇ تارىخى قورغاندىن خەۋەر تېپىۋاتماقتا!

(بېشى 70 - بەتتە)

يېسۇلغۇننىڭ جەنۇبىغا تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان قاقشاللىق ئۆتەڭنى بەرپا قىلىپ، ئىبراھىم ئاخۇن، يۈسۈپ ئاخۇن، بارات ئاخۇن، تۇرسۇن ئاخۇن قاتارلىق بەش ئائىلىنى ئورۇنلاشتۇرغان. بىر كۆل قازدۇرۇغان ھەم ئېغىل سالدۇرغان. ئۆتەڭنىڭ تۆت ئەتراپى يۇلغۇنلۇق بولغاچقا، بۇ ئۆتەڭ «قاقشاللىق ئۆتەڭ» دەپ ئاتالغان. يېسۇلغۇندىكى ئەسلى بار بولغان ئۆتەڭگە چوڭقۇرلىقى قىرىق بىر غۇلاچ كېلىدىغان قۇدۇق قازدۇرغان. قاقشاللىق ئۆتەڭ بىلەن نىيە ناھىيەسى ئوتتۇرىسىدا «ئەۋرەز ئۆتەڭ» بەرپا قىلغان، تۇردى مەھەممەت ئاخۇن قاتارلىق ئىككى ئائىلىنى بۇ ئۆتەڭگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئېغىل سالدۇرغان ھەم كۆل قازدۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ 1960 - يىللارغا قەدەر بۇ ئۆتەڭ ۋە دەڭ - سارايلار ساقلىنىپ كەلگەن. كېيىن قاتناش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن بۇ ئۆتەڭ ۋە دەڭ - سارايلار ئاستا - ئاستا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان. لېكىن ئۇنىڭ نامى كىشىلەر قەلبىدە ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

پايدىلانغان ماتېرىياللار

(1) موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمىنىيە».
(2) ليۇ زىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى».
ئا. ن. كروپاتكىن «قەشقەرىيە».



ھېلىن كېللىر (ئامېرىكا)

# ئۇقۇتقۇچۇم

(ھېكايە)

ئەننى سۇلىۋان ئۆيىمىزگە كېلىشتىن بۇرۇن بەزىلەر ئانامغا: «قىزىڭىز ئەمدى جاھاندىن مۇشۇ پېتى ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلغانىكەن. مەن كىشىلەرنىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەبنى بىلەتتىم. چۈنكى بۇ ئائىلىدە پانىيغا كۆز ئېچىپ ئەمدىلا 19 ئاي بولغاندا ئاڭلاش ھەم كۆرۈش ئىقتىدارىنى تەڭلا يوقاتقان يەتتە ياشلىق بىر مەسۇمە بار ئىدى. مېنىڭ قۇلىقىم ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاچقا، شۇ يېشىمغا يەتكىچە گەپ قىلىشنى بىلمەيتتىم. شۇڭا تىمتاسلىق ھەم قاراڭغۇلۇق بىلەن تولغان بۇ دۇنيادا خۇددى دەلدۈشلەردەك تەمتىرەپ ياشاشقا مەجبۇر ئىدىم. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەننى سۇلىۋان ئۆيىمىزگە كېلىشتىن بۇرۇنقى ئىشلار. ئۇ ناھايىتى چېچەن، سەۋرچان ۋە تەسەۋۋۇرغا باي ئايال بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ تۇغما تالانت ئىگىسى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ مېنىڭدەك بىر گاس - گاچا قىزنى تەربىيەلەپ، ئاخىرى جەمئىيەت ئۈچۈن يارامىلىق بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ چىققان ئىدى.

ئەنىدەك ياشلىق دەۋرىگە ئەمدىلا قەدەم باسقان مۇئەللىمەگە نىسبەتەن، ماڭا ئوخشاش قارا مېيىپنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇشنىڭ ئۆزى ئادەمدىن ناھايىتى زور ئىجتىھات ۋە غەيرەت تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى! ئۇنىڭ ئەپچىل بارماقلىرىنى كىچىككىنە قوللىرىم ئۈستىدە توختىماي ئوينىتىش ئارقىلىق سۆزلەرنى ماڭا يۈز قېتىملاپ چۈشەندۈرگىنى ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە. لېكىن ئەينى چاغدا بۇ خىل بارماق ھەرىكەتلىرى مەن ئۈچۈن تېخى ھېچقانداق مەنە ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. مەن بۇلارنى پەقەت بىر خىل ئويۇن بولسا كېرەك دەپلا ئويلايتتىم. بىراق كېيىنچە ئۇ بۇ خىل قول ھەرىكەتلىرىنىڭ مەنىسىنى ماڭا چۈشەندۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى: ئۇ ئائىلىمىزگە كېلىپ بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندە، يەنى — 1887 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ماڭا تۇنجى قېتىم «سۇ» دېگەن سۆزنى بىلدۈردى.

بۇ ئىش قۇدۇق بېشىدا بولغان ئىدى. شۇ چاغدا ئەننى قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتاتتى، مەن بولسام ئۇنىڭ يېنىدا چېلەكنى تۇتۇپ تۇراتتىم. تۇساتتىن، چېلەكتىن تېشىپ چىققان مۇزدەك تامچىلار قوللىرىمغا چاچراپ چۈشتى. بۇ چاغدا ئەننى دەرھال بوش قولۇمنىڭ دۈمەبىسىگە «سۇ» دېگەن ئىككى ھەرپنى قايتا - قايتا جىجىلاشقا باشلىدى. مەن تۇساتتىن بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋالدىم.

مانا بۇ مېنىڭ بۇ دۇنياغا تەۋەللۇت بولغىنىمدىن بېرى ھېس قىلغان تۇنجى ھەم ھەقىقىي خۇشاللىقىم ئىدى. مەن قوللىرىمنى ئىتتىك سوزۇپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدىم. ئۇ بۇ ھەرىكىتىمدىن مېنىڭ ئۆزۈم يولۇقتۇرغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى، يەنى يېڭى - يېڭى سۆزلەرنى ئۆگىنىشكە تەشنا ئىكەنلىكىمنى چۈشەنگەن ئىدى. سۆزلەر مەنىلەرگە نېمىدېگەن باي - ھە! مانا شۇ ئىشتىن كېيىن سۆزلەر ئۇنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىدىغان بارماقلىرى ئارقىلىق مېنىڭ قوللىرىمغا ئارقا - ئارقىدىن «ئۇچۇپ» كېلىشكە باشلىدى. تۇنجى بولۇپ ئۆگەنگەن بۇ سۆزلەر مېنىڭ كىشىلىك ھاياتقا بولغان قارىشىمنى ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتمەكتە ئىدى.

ئاشۇلاردىن بىرى دەل ئەنىنىڭ ماڭا ئويناشنى ئۆگىتىپ قويغىنى بولدى. مەن ئەقلىمگە كەلگىنىمدىن بۇيان بىرەر قېتىم قېنىپ كۈلۈپ باققىنىمنى ئەسلىيەل-

مەيتتىم. بىر كۈنى ئۇ ئاۋازنى قويۇۋېتىپ كۈلگەن پېتى ھۇجرامغا كىرىپ كەلدى ـ دە، قوللىرىمنى يۈزىگە يېقىپ تۇرۇپ، ئۇستىگە: «ك ـ ۈ ـ ل ـ ك ـ ە» دېگەن ھەرپلەرنى تەكرار ـ تەكرار چۇشۇردى ۋە قولنى قولتۇقۇمغا تىقىپ غىدىقلاپ مېنى قاقاھلىتىپ كۈلدۈرۈۋەتتى. ئاندىن قولۇمنى تۇتقان پېتى ئۆزى بىلەن تەڭ يۈگۈرتۈپ، ئۇزۇنغا سەكرەشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتتى ھەمدە يەنە قوللىرىم ئۇستىگە، «ئۇ ـ ز ـ ۇ ـ ن ـ غ ـ ا ـ س ـ ە ـ ك ـ ر ـ ە ـ ش» قاتارلىق ئون ئىككى ھەرپنى قايتا ـ قايتا چۇشۇردى. ئاردىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشىنىۋالدىم ھەمدە يەنە باشقا تەندۇرۇس بالىلاردەك بىمالال سەكرەپ ئوينىيالايدىغانمۇ بولدۇم.

ئەننى بىر قەپەستە بىرقانچە جۈپ كەپتەر باققان ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بۇ كەپتەرلەرنى ئېيچىقىپ قويۇپ بېرىۋىدى، ئۇلارنىڭ قانات قېقىشلىرىدىن چىققان سالقىن شامال يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن قۇشلارنىڭ قانداق ئۇچىدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋالدىم. كەپتەرلەر قايتىپ كېلىپ بېشىمغا، مۈرىلىرىمگە قونۇشتى. كېيىن مەن يەنە ئۇلارغا دان بېرىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ياشاش ئادىتىنىمۇ چۈشىنىۋالدىم. مانا بۇلار — گەرچە كۆزلىرىم ھېچنېمىنى كۆرمىسىمۇ — ئۇچار قۇشلارنىڭ خۇددى ئەتراپىمدىكى گۈل ـ گىياھ ۋە قورام تاشلارغا ئوخشاش، مەن ياشاۋاتقان مۇشۇ دۇنيانىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىشىم ئىدى.

ئەننى مېنىڭ ئەتراپىمدىكى مۇھىتنىڭ جىمجىت بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. شۇڭا قول ۋە بارماقلىرىم ئارقىلىق ئۆپچۆرەمدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئاۋازلارنى ۋە شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرنى ماڭا ھەرۋاقىت «ئاڭلىتىپ» تۇراتتى. ئېتىز ـ داللاردا ئوتلاۋاتقان ئات ـ كالا، قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مۆرەش، مەرەشلىرى، خوراز ـ مېكىيانلارنىڭ چىللاپ ـ قاقاقلاشلىرىمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. قىسقىسى، ئۇ مېنى قولۇم بىلەن تۇتقىلى، سەزگۈلىرىم ئارقىلىق ھېس قىلغىلى بولىدىغانلىكى ھادىسە ۋە شەيئىلەر، ئالايلۇق: ئاپتاپ، كېپىنەكلەرنىڭ سۈركىلىشلىرى، ئەتراپتىكى خىلمۇ خىل ھاشارات ـ جانىدارلارنىڭ چىرىلداش، ۋىڭىلداشلىرى، ئىشىكلەرنىڭ غىچىرلاشلىرى، ئادەملەرنىڭ پاراڭلىرى قاتارلىق ھەممە ـ ھەممە بىلەن تولۇق ئۇچراشتۇرۇشقا تىرىشاتتى.

ئۇ ئەمدى مېنى ئاڭلىيالايدىغان ھەم كۆرەلەيدىغان بالىلاردەك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ياخشى بىلەن يامان ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىۋالدىم ۋە بۇنى ئىپادىلەپ بەرگۈدەك سۆز ـ جۈملىلەرنىمۇ ئىگىلەپ بولدۇم. مەيلى قانداقلا چاغ بولمىسۇن، بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ سالساملا، ئۇ مېنى كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. گەرچە مەجرۇھ بولساممۇ خۇددى تەندۇرۇس بالىلاردەك بۇنداق ئەدەپلىنىپ تۇرۇشۇم قەلبىمنى چەكسىز شادلاندۇرۇۋېتەتتى.

شۇ يىللارنى ئەسلىگىنىمدە، ئەننىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ ماڭا تولىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكىنىنى چىن قەلبىمدىن ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن. ئېھتىمال ئۇ مېنى باشتىلا تولۇق چۈشەنسە كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىز ئىدى.

ئەننى 1866 ـ يىلى 4 ـ ئاپرېل بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەپتۇ. سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى ئانىسى قازا قىلىپ كېتىپتۇ. ئاردىن ئىككى يىل ئۆتمەي، دادىسىمۇ يوقاپ كېتىپ ئىز ـ دېرىكى بولماپتۇ. قوشنا ـ قولۇملىرى ئىنىسى بىلەن ئىككىسىنى بىر دارىلئېتامغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. كېيىن ئىنىسىمۇ شۇ يەردە باقىيغا رىھلەت قىپتۇ.

ئەننى ئەما بوپقېلىش ئالدىدا تۇرغان قىز بولغاچقا ھېچكىمنىڭ بېقىۋالغۇسى كەلمەپتۇ. ئاردىن تۆت يىل ئۆتكەندە ئۇ ئاخىرى بىر ساياھەت ئۆمىكىگە ئەگىشىپ دارىلئېتامدىن قېچىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بوپتۇ ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ساياھەت ئۆمىكىدىكىلەر ساۋابلىق ئۈچۈن ئۇنى بىر ئەمالار مەكتىپىگە ئەكىرىپ قويۇپتۇ. ئەننى ئەمالار يېزىقىنى شۇ مەكتەپتە ئۆگىنىپتۇ. بۇ مەخسۇس ئەمالار ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان بىر خىل ئويما خەت شەكلى بولۇپ، بارماق بىلەن سىلاش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇلىدىكەن. ئۇ شۇ يەردە يەنە ئەمالار ئېلىپبەسىنىمۇ ئۆگىنىۋاپتۇ. بۇ خىل ئېلىپبەدىمۇ قول ۋە بارماقلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان بۆلەكلىرى ھەرقايسى ھەرپلەرنىڭ رولىنى ئۆتەيدىكەن.

كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيە ئۇنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە

كەلتۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇ مەكتېپىدىكى ئوقۇشنى يەنە ئالتە يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بۇ جەرياندا مەخسۇس گاس ـ گاچىلار ۋە ئەمالارنى ئوقۇتۇشنى ئۆگىنىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇنىڭ مەكتېپىگە دادامنىڭ بىر پارچە خېتى يېتىپ بېرىپتۇ. خەتتە، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ماڭا بىر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى يېزىلغانكەن. ئەنىنى بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بۇنى ئۆزى ئېھتىياجلىق بىردىنبىر پۇرسەت دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىكى ئادرېس بويىچە دەرھال ئائىلىمىزگە قاراپ يول ئاپتۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ بىز بىلەن قانداق بولۇپ بىللە تۇرۇپ قالغىنىنىڭ جەريانى ئىكەن.

بەلكىم ئەنىنى ئەمالار باشقا نورمال كىشىلەرگە ئوخشاش، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمىغىچە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدىغانلىقىنى تۇنجى بولۇپ بايقىغان ئىنسانلاردىن بولسا كېرەك. ئۇ ماڭا ئەزەلدىن ھېسداشلىق قىلمايتتى. مەن تاكى بىر ئىشنى نورمال بالىلارغا ئوخشاش ئەڭ تەلەپكە لايىق ئورۇنداپ بولمىغىچە ھەرگىز ماختىمايتتى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش نىيىتىگە كەلگىنىمنى ئېيتقىنىمدا ئۇ ماڭا ناھايىتى كۆپ مەدەت بەرگەن ئىدى.

ئالىي مەكتەپتىكى ھەر سائەتلىك دەرسىمدە ئۇ يېنىمدا ئولتۇرۇپ، ئۆتۈلگەن مەزمۇنلارنى ماڭا قايتىلاپ «سۆزلەپ» بەرگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردىكى ئالىي مەكتەپلەردە تېخى دەرسلىك كىتابلارنىڭ ئەمالار يېزىقىدىكى نۇسخىسى يوق ئىدى. شۇڭا ئەنىنى قوللىرىم ئۈستىدە بارماقلىرىنى توختىماي ئوينىتىش ئارقىلىق سۆزلىنىۋاتقان مەزمۇنلارنى ماڭا بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ ماڭغان ئىدى.

لېكىن مەن ئۇنىڭ بۇ ئەستايىدىل مۇئامىلىسىدىن دائىم ئەجەبلىنەتتىم. بىر قېتىم ئۇ تېخى ماڭا: «سەندە قىلچە ئىلگىرىلەش ئىپادىسىنى سەزمىدىم»، دېگەن ئىدى. دوختۇر ئۇنىڭ ھەر كۈنى ماڭا بەش سائەتتىن ئارتۇق دەرس تەكرارلاپ بېرىۋاتقىنىنى ئۇققاندا چۆچۈپ كېتىپتۇ. بەزىدە مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ، ئۇنتۇپ قالغان مەزمۇنلارنىمۇ ئېسىمدە بار دەپ قوياتتىم. چۈنكى مۇشۇنداق قىلسام ئۇمۇ ماڭا دەرس تەكرارلايمەن دەپ جاپا تارتمايتتى. مەن «سۆزلەش»نى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇنىڭدىن يەنە غايەت زور تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ھەم كۈچلۈك سەۋرچانلىقنىمۇ ئۆگىنىۋالغان ئىدىم. ئۇ ھەمىشە ئالقانلىرىمنى يۈزىگە يېقىپ تۇرۇپ گەپ قىلاتتى ۋە بۇ ئارقىلىق لەۋلىرىنىڭ قانداق مىدىرلاۋاتقىنىنى ماڭا بىلدۈرەتتى. ئىككىمىز بىللە شۇ تەرىقىدە سۆز ـ جۈملىلەرنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايتتۇق. گەرچە مېنىڭ ئاۋازىم ناھايىتى قوپال ھەم يېقىمسىز بولسىمۇ، ئۆزۈم ئۆگەنگەن ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ ئۆيدىكىلەرگە ۋە مېنى چۈشىنىدىغان دوستلىرىمغا غەرىزىمنى ئۇقتۇرالىغىنىمدىن بەكلا خۇش ئىدىم. بولۇپمۇ ئەنىنىنىڭ ماڭا بۇ دۇنيادا ھەممىدىن قىممەتلىك سوۋغات — «سۆزلەش»نى ئاتا قىلغىنىغا يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن رەھمەت ئېيتىشقا ھەقلىقمەن. چۈنكى دەل ئاشۇ سوۋغات مېنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن بىر ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىشىمغا تۈرتكە بولدى. قىسقىسى، ئوقۇتقۇچۇم ئەنىنىنىڭ ماڭا بەرگەن ئىلھاملىرى ۋە مەدەتلىرى ئۆزى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ماڭا ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئۇ ماڭا ئىشىنەتتى، شۇڭا مەنمۇ ئۆز تىرىشچانلىقىمنى ئەڭ زور دەرىجىدە، ئاداققىچە جارى قىلدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدىم.

«خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويساڭمۇ كېرىكى يوق، — دەيتتى ئۇ دائىم ماڭا تەربىيە بېرىپ، — قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى قايتا باشلاۋەر. ھەر قېتىم مەغلۇپ بولساڭمۇ ھەممىنى يېڭىباشتىن باشلا. چۈنكى بىلىم مانا مۇشۇنداق تەكرارلىنىپ تۇرۇش ئاساسىدا جۇغلىنىدۇ ۋە بارا ـ بارا پۇختىلىنىپ بارىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئىشقا كىرىشكەندە تاكى ئۇنىڭ بىرەر نەتىجىسىنى كۆرمىگىچە قەتئىي بەل قويۇۋەتمە...»

شۇنداق، ئۇ ئاۋۋال ئۆزى قايتا ـ قايتا سىناپ باقاتتى. دەسلەپ مەغلۇپمۇ بولاتتى، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا جىمى توسالغۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلەتتى.

ئېھ، ئۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئىنسان، نېمىدېگەن سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچى ـ ھە!

«ئالىي مەكتەپلەر ئىجتىمائىي پەن ئىنگلىزچە ئوقۇشلۇقى(2)» ناملىق كىتابتىن ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام تەرجىمىسى.

# ئىككى ھېكايە

## ئۇچرىشىش ۋاقتى

### فېڭ خۇاڭ

جاڭ سەن بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن ئۈمىد ئۈزدى. ئۇ ئۇچرىشىشقا يا بالدۇر، يا ۋاقتىدا، ياكى كېچىكىپ بېرىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىقىدا ئۇچراشماقچى بولغان قىزلار ئۇنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا يولغا سېلىۋەتكەن. شۇڭا، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش تىلغا ئېلىنىۋىدى، بېشى چۆشۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى خېلى ياخشى بولۇپ، لايىقىدا بىرەرنى تېپىپ توي قىلىۋېلىشقا ئالدىرىۋاتقان بولسىمۇ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كۆڭۈلدىكىدەك بىرەرنى تاپالمىغانلىقىدىن تولىمۇ تىت - تىت بولۇۋاتاتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەدىسى ئۇنىڭ غېمىنى يەپ بىرىنى تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولدى.

ئۇ تۇنجى قېتىم كۆرۈشمەكچى بولغان قىزنىڭ ئىسمى شياۋجۈەن بولۇپ، ئۇلار سائەت توققۇزدا باغچىنىڭ ئالدىدا ئۇچراشماقچى بولدى. جاڭ سەنگە نىسبەتەن بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئۇ لايىق تېپىشقا بەك ئالدىرىۋاتقاچقا، باغچىنىڭ ئالدىغا يېرىم سائەت بۇرۇن باردى. باشقىلارنى كۈتۈش زېرىكىشلىك بولسىمۇ، ئۇ بولغۇسى لايىقىنى كۈتۈۋاتقاچقا، ئازراقمۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلمىدى. ئۇ باغچىنىڭ ئالدىدا ئۇياق - بۇياققا ماڭغاچ، قايسىدۇر بىر ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتىۋاتاتتى.

سائەت دەل توققۇز بولغاندا شياۋجۈەن باغچىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— ئۇزۇن ساقلىتىپ قويدۇم - ھە، — دېدى ئۇ جاڭ سەننى كۆرۈپ.

— نەدىكىنى، ئۇنداق ئەمەس.

— قاچان كەلگەن ئىدىڭىز؟

— يېرىم سائەت بولدى.

— ئەجەب بالدۇر كەپسىزغۇ؟

— ئىشىممۇ يوق ئىدى، شۇڭا بالدۇرراق كەلگەنىدىم.

— توققۇزدا كۆرۈشىدىغان بولغاندىكىن بالدۇر كېلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلىۋېتىپسىز ئەمەسمۇ! — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — راستىنلا دېتىڭىز يوق ئىكەن، ۋاقىت دېگەنچۇ ئالتۇندىنمۇ قىممەت، بۇنى بىلەمسىز! شۇنچە ياشقا كىرگۈچىمۇ لايىق تاپالمىغىنىڭىز بىكار ئەمەسكەن - ھە!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا كېتىپ قالدى. جاڭ سەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە گاڭگىراپلا قالدى. «غەلىتە قىز ئىكەنغۇ بۇ» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

كېيىن جاڭ سەن شياۋخۇڭ ئىسىملىك بىر قىز بىلەن سائەت توققۇزدا باغچىنىڭ ئالدىدا ئۇچراشماقچى بولدى. تۇنجى قېتىملىق ئىشى سۇغا چىلاشقانلىقتىن، ئۇ بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى تېخىمۇ چىڭ تۇتمىسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇچرىشىدىغان جايغا بالدۇر بېرىشقا پېتىنالماي، دەل ۋاقتىدا بارماقچى بولدى.

— ۋاقتىدا كەپسىز - ھە!

— شۇنداق، ھازىرلا كەلگەنىدىم.

— بالدۇرراق كەلسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى شياۋخۇڭ نارازى بولغان ھالدا.

— توققۇزدا ئۇچرىشىدىغان بولغاندىكىن بالدۇر كېلىپ نېمە قىلاتتىم؟

— بالدۇر كەلگىنىڭىز كۆرۈشۈشكە ئالدىرىۋاتقانلىقىڭىزنى، ماڭا كۆڭلىڭىز بارلىقىنى بىلدۈرمەمدۇ؟ مۇشۇنىمۇ بىلمەمسىز؟ قارىغاندا شۇنچە ياشقا كىرگىچە بويتاق يۈرگىنىڭىز بىكار ئەمەس ئىكەن!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى. جاڭ سەن گاڭگىراپلا قالدى. «غەلىتە قىز ئىكەنغۇ بۇ» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە غودۇڭشۇپ.

كېيىن جاڭ سەن يەنە شياۋمېي ئىسىملىك بىر قىز بىلەن سائەت توققۇزدا باغچىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشىدىغان بولدى. ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق ئىشى ئەپلەشمىگەچكە، ئۇ كۆرۈشۈشتىن يۈرەكئالدى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بالدۇر بارسىمۇ، ۋاقتىدا بارسىمۇ بولمىسا، كېچىكىپ بارسام بولغۇدەك، دېگەنلەرنى ئويلىدى - دە، ئۇچراشماقچى بولغان جايغا يېرىم سائەت كېچىكىپ باردى. ئۇ كەلگەندە شياۋمېي ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى.

— ئاخىرى كەلدىڭىز ـ ھە، سىزنى كەلمەمدىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم!

— شۇنچە مۇھىم ئۇچرىشىشقا كەلمىسەم بولامدۇ؟

— مۇھىملىقىنى بىلىدىكەنسىز ـ ھە! بىلگەندىكىن نىمىشقا ۋاقتىدا كەلمەيسىز؟ كۆرۈشۈش ئېسىڭىزدە بارمۇ سىزنىڭ! شۇنچە ياشقا كىرگىچە بويتاق يۈرگىنىڭىز بىكار ئەمەس ئىكەن!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا پىشنى قېقىپ كېتىپ قالدى. جاڭ سەن تۇرغان ئورنىدا داڭ قېتىپلا قالدى. غەلىتە قىز ئىكەنغۇ بۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ.

تۆتىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىش ئۇنىڭغا ھەققەتەن ئېغىر كەلدى. قاچان بارسام بەرىبىر بولغاندىكىن، بارمىسامىلا بولمىدىمۇ! سوراپ قالسا ئىشىم چىقىپ قالدى دېمەيمۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ ئۇچرىشىشقا بارمىغاچقا، ھېلىقى قىز ئۇنى ئىشىك ئالدىغا ئىزدەپ كەلدى. ئۇ جاڭ سەننى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدى. چۈنكى ئۇ: «ئۇچرىشىشقا ۋاقت چىقىرالمىغان ئەرلەر باشقا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىشقا ۋاقت چىقىرالمايدۇ، بۇنداق ئەرلەردىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قارايتتى.

جاڭ سەن مىيىقىدا كۈلگىنىچە بېشىنى چايقىدى.

(«ھەزىل ۋە كىنايە» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن.)

# ئېرىنى ئىزدەش چارىسى

## يۈ شۇۋخۇڭ

پىراكتىكانت ساقچى ياڭ شۇ توردا بېرىلىپ ئويۇن ئويناۋاتقاندا ئۇنىڭغا بىرى گەپ قىلىۋاتقاندەك بىلىندى.

— يولداش، دېلو مەلۇم قىلماقچى ئىدىم.

ياڭ شۇ مائۇس تۇتقان قولىنى شۇئان بوشىتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋېدى، ئۇتتۇرا ياشلىق بىر ئايالنىڭ ئۈستەل ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئايالنى ئولتۇرۇشقا ئىما قىلىپ، دېلو خاتىرىسىنى قولىغا ئالدى.

— قېنى ئېيتىڭە.

— ئېرىم يوقاپ كەتكىلى يىرىم يىل بولغان ئىدى، سىلەرنى تېپىپ بېرەمدىكىن دەپ كەلگەن ئىدىم ، — دېدى ئايال چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

ياڭ شۇ قولىدىكى قەلەمنى قويۇپ، بېشىنى چايقىدى ـ دە:

— يوقاپ كەتكىلى يىرىم يىل بولدى دېدىڭىزما؟ نېمىشقا ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆيدىكىلەر بار ئامال بىلەن ئىزدىگەن بولساقمۇ، دېرىكىنى ئالالمىدۇق.

— ئۇنداقتا يولدىشىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى سۆزلەڭ ئەمسە، — دېدى ياڭ شۇ قەلىمنى قولىغا قايتىدىن ئېلىپ.

— يولدىشىمنىڭ ئىسمى ۋاڭ تاۋ، 45 ياش، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى. ئۇ يېرىم يىل ئىلگىرى بىر كۈنى ئىشقا كەتكەنچە ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى ...

— ئېلېكتىر ئېنېرگىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ تاۋما؟ يوقاپ كەتكىلى يېرىم يىل بولدى دېدىڭىزما؟ — دېدى ئۇ قەلىمنى توختىتىپ كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە.

ئايال ئۈندىمەستىن بېشىنى لىڭشىتتى.

چوڭ دېلو يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ياڭ شۇ دەرھال ساقچىخانا باشلىقىغا تېلېفون ئۇردى.

— باشلىق، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ تاۋ يوقاپ كېتىپتۇ!

دەل شۇ ۋاقىتتا ئامانلىق دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقان ساقچىخانا باشلىقى ئۇنىڭغا چىچىلىپلا كەتتى.

— ئوچۇقراق سورا. كاللاڭنى ئىشلەتسەڭ بولمامدۇ! ئۇنىڭ بىلەن تېخى تۈنۈگۈن كەچتىلا بىرگە ھاراق ئىچكەن تۇرسام!

ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپلا ئاچچىقىنى ھېلىقى ئايالدىن ئالماقچى بولدى.

— چىقىپ كېتىڭ، بۇ دېگەن قالايمىقان چاقچاق قىلىدىغان جاي ئەمەس، بەلكى ساقچىخانا!

ئايالنىڭ يۈزى شۇئان «لاپپىدە» ئوت ئالغاندەك بولدى ـ دە ياڭ شۇغا ھۆركىرىدى:

— ساقچىخانا بولسا نېمە بوپتۇ؟ پۇقرانىڭ ئىشى بىلەن كارىڭلار يوقما؟ دېلو مەلۇم قىلسام بولمامدىكەن؟

— ئۇ يوقاپ كەتمىگەن تۇرسا، يالغان دېلو مەلۇم قىلىۋاتىسىزغۇ ئەمسە!

— قانداقسىگە يالغان دېلو بولغۇدەك؟ — دېدى ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەلگە «پاققىدە» بىرنى ئۇرۇپ ۋارقىرىغىنىچە، — يالغان ئېيتىپتىمەنما؟ ۋاڭ تاۋ مېنىڭ ئېرىم تۇرسا، يوقاپ كەتكىنىنى مەن بىلمەي سىز بىلەمتىڭىز؟ يېرىم يىلدىن بويان ئۆيگە بىرەر قې-

تىممۇ يۇلاپ قويمىغان تۇرسا، يوقاپ كەتمەي يەنە نېمە بولاتتى! مەن يىنىڭلارغا ئۇنى ئۆيۈمگە ئەكېلىپ بېرەمدىكىن دەپ كەلدىم...!

ئاڭلىغانسېرى گاڭگىراپ قالغان ياڭ شۇ چېچىلىۋاتقان بۇ ئايالغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان قايناق سۇ سۇنۇپ:

— يەڭگە، ئالدىرىماي ئاستا - ئاستا سۆزلەڭ. قېنى قايناق سۇ ئىچىڭ ھە، — دىدى ئۇنى بەزلەپ.

ئايال ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، قايناق سۇدىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋېلىپ، بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

ياڭ شۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ بىرەر ئامال قىلالماي، ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— يەڭگە، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ. زادى قانداق ئىشلىقنى ئالدىرىماي ئېنىقراق سۆزلىسىڭىزچۇ، بىز سىزگە چوقۇم ياردەم قىلىمىز.

ياڭ شۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئايالنىڭ كۆزى «پاللىدە» يورۇغاندەك بولدى - دە، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىمداپ:

— ساقچى يولداش، ماڭا ئىگە بولۇڭ. ۋاڭ تاۋ دېگەن بۇ بۇزۇقنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بېرىڭ! ئۇ ئىدارە باشلىقى بولغان يېرىم يىلدىن بويان ئۆيگە بىرەر قېتىممۇ يۇلاپ قويمىدى دەڭە!

ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن ياڭ شۇنىڭ بېشى تازا قېتىپ، ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى.

ھېلىغۇ بىر سولتەك ساقچى ئىكەن، چوڭ - چوڭ باشلىقلارمۇ خەقنىڭ ئائىلە ئىشىغا ئارىلىشالىسۇنمۇ!

ياڭ شۇ ئامالسىزلىقتىن ساقچى باشلىقىغا يەنە تېلېفون ئۇردى.

— باشلىق، ئۇ راستتىنلا ۋاڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئايالى ئىكەن، ئۇ ئىشخانىدا تۇرۇۋېلىپ، يولدىشىنى تېپىپ بېرىڭلار دەۋاتىدۇ، قانداق قىلىمىز؟

بۇ ۋاقىتتا ساقچىخانا باشلىقىنىڭ قولى بوشىغان بولۇپ، كەيپى خېلى ياخشى ئىدى.

— ياڭ شۇ ئىنىم، ئۇنىڭ يولدىشى يوقاپ كەتكىنى يوق. ئۇ ئورۇنسىز جېدەل قىلماي، يولدىشىنى ئىدارىسىغا بېرىپ ئىزدەپ باقسۇن. يا بولمىسا ئۇنىڭغا بىرەر ئەقىل كۆرسىتىپ كەتكۈزۈۋېتىڭ، — دېدى ساقچىخانا باشلىقى سىلىق تەلەپپۇزدا.

— يەڭگە، بۇ ئائىلەڭلارنىڭ ئىشى ئىكەن، بىزنىڭ ئارىلىششىمىز بىئەپ بولغۇدەك، ھەم ھوقۇقىمىزمۇ يوق. سىز ئۇنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ ئىزدەپ باقسىڭىز بولغۇدەك، — دېدى ياڭ شۇ ئۇنىڭغا.

— بارمىدى دەمسىز؟ نەچچە مىڭ قېتىم باردىم دەڭە! ۋاڭ تاۋ دېگەن بۇ بۇزۇق ئۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپلا يۈرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ مىشىلداپ، — ئۇنىڭچۇ، بىر قانچە قانجۇق ئۆزىگە قارىتىۋاپتۇ. ئۇ مىنى قېرى كۆرۈپ ياراتمىغان گەپ...!

ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتكەن ياڭ شۇ ئەجەب نەس باستىغۇ مېنى، يالغۇز دېجورنىلىقتا تۇرۇپ نەدىكى بىر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالدىم ئەمدى، قانداق قىلسام بولار؟ دەپ ئويلىدى.

ئايالنى كەتكۈزۈۋېتىشكە ئالدىرىۋاتقان ياڭ شۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئامال تاپتى.

— يەڭگە، مۇنداق قىلسىڭىز قانداق، دېگىنىمدەك قىلسىڭىز بىر - ئىككى كۈنگە قالماي ئېرىڭىز ئۆيگە قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

— ھە؟ ئىنىم، قېنى تېزراق دېسىڭىزچۇ! — دېدى ئايال ئۇنىڭ قولىنى ئامبۇردەك چىڭ سىقىۋېلىپ.

— يەڭگە، سىز دەرھال گېزىتنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە يولدىشىڭىزنىڭ سۈرىتىنى قوشۇپ بىر پارچە «ئادەم ئىزدەش ئېلانى» بېرىڭ، يولدىشىمنىڭ ئىسمى ۋاڭ تاۋ، يوقاپ كەتكىلى يېرىم يىل بولدى، ئەھۋالنى بىلگۈچىلەر يىپ ئۇچى ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىسە سۆيۈنچە بېرىمەن، دەڭ.

— ئوبدان گەپ بولدىغۇ بۇ، ھازىرلا باراي ئەمسە! — دىدى ئۇ ياڭ شۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ سىرتقا ئىرغاڭلاپ يۈگۈرگىنىچە.

ئەتىسى ياڭ شۇ شەھەردە چىقىدىغان كەچلىك گېزىتتە مۇنداق بىر ئېلاننى كۆردى: يولدۇشۇم ۋاڭ تاۋ (رەسىمدىكىسى) يېرىم يىل ئىلگىرى ئىشقا كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى، مەيلى ئۇ نورمال، ياكى ساراڭ ۋە ياكى دەلدۈش بولسۇن دېرىكىنى بىلگۈچىلەر گۈلباغ رايونى A بىنا بىرىنچى ئىشىك 302 - ئۆيگە ئاپىرىپ بەرسە 5 مىڭ يۈەن سۆيۈنچە بېرىمەن.

ئۈچىنچى كۈنى ئايال ساقچىخانىغا بىر لەۋھە كۆتۈرۈپ كىلىپ، ياڭ شۇغا سۇندى - دە:

— ئىنىم، رەھمەت سىزگە! ئامالىڭىز راستتىنلا كارغا كەلدى جۇمۇ، ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلدى ئەمەسمۇ! — دىدى.

«ھەزىل ۋە كىنايە» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىللىق 4 - سانىدىن **ئابلەت ئابدۇللا** تەرجىمىسى

تۇرسۇن مەخمۇت



# قاغا چاڭگىسى

(ھېكايە)

كەلكۈن مەزگىلىـ
دە قىيان كېلىدىغان بىر
ساي بار، كەلكۈن ئۆتۈپ
كەتكەندىن كېيىن يىل
بويى غېرىبانە سوزۇلۇپ
ياتىدىغان بۇ سايدا
ئاران پەرق قىلغىلى بو-
لىدىغان بىر كونا يول
بار، بۇ يول سايدىن
ئۆتۈپ قۇملۇققا تۇتىشىپ
كېتىدۇ. قۇم باغرىغا كىرىپ كېتىدىغان بۇ يولنىڭ نەگـ-
چە بارىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، يول دېگەن
شۇنداق نەرسىغۇ، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ، بىر - بىرىگە
ئۇلىنىپ جاھاننىڭ قايسىبىر بۇلۇڭلىرىغا داۋام قىلىپ كې-
تىۋېرىدۇ، ھەرقانچە كارامىتى بار كارۋانمۇ بىر ئۆمرىـ-
دە دۇنيادىكى جىمى يوللاردا مېڭىپ بولالمايدۇ. كۆر-
گەنلەر بىلىدۇ، قۇملۇق باغرىغا كىرىپ كېتىدىغان بۇ
يولنىڭ بويىدا بىر تۈپ قاغا جىگدىسى بار، قاغا جىگ-
دىسىنىڭ ئېگىز يېرىدە بىر قاغا چاڭگىسى سالۋاراپ تۇ-
رىدۇ، بۇ چاڭگا شامالدا چۇۋۇلۇپ كېتىدىغاندەك، بۇ-
زۇلۇپ كېتىدىغاندەك ئاۋارە كۆرۈنسىمۇ بىراق ئۇزۇن
يىللاردىن بۇيان مۇشۇ پېتى تۇرۇپ كەلدى، جىق ئا-
دەملەر ئاشۇ يالغۇز ئاياغ يول بويىدا قاغا جىگدىسى
بارلىقىنى، جىگدىدە قاغا چاڭگىسى بارلىقىنى بىلمەيدۇ.
جاھاننىڭ چوقۇم قىلمىسا بولمايدىغان، ئەمما تېيىنغا
پايدىسى يوق ئىشلىرى غولداپ باش قوچۇلۇپ كېتىۋات-
قان زاماندا بۇنىڭدەك نېمىلەرگە قاراپ قويىدىغانلار
ئاز. بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى بىر قىز كىچىك بو-
يىسىنى كۆتۈرۈپ مۇشۇ يول بىلەن ئۆيىگە قايتىپ ماڭ-
غاندا خىيالچان كۆزلىرىنى قاغا چاڭگىسىدىن ئالماي
ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ قالغان ئىدى، ئۇ يەنە شۇ بوپىسى-
نى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقاندىمۇ يەنە مۇشۇ چاڭگىغا
نەزەر سالغان ئىدى. شۇ چاغدا يامغۇر شەپىسى بېرىپ
سالقىن، نەمخۇش شامال غۇرۇلداپ سوقۇۋاتقان ئىدى.
قومۇش، يانتاقلار شا-
مالدا يەڭگىل تەۋرى-
نەتتى. ھېچكىم دىققەت
قىلمايدىغان قاغا چاڭ-
گىسىغا بىرسىنىڭ ئۇزاق
قاراپ كەتكىنىنى بىلـ-
دىغانلار يوق.

— نېمىلا بولمى-
سۇن ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى
بولۇشى كېرەك ئىدى.

— سەھەرلىق دېگەننىڭ بىرىپىرىدىن چىقىپ تۇرد-
دۇغۇ زادى، بۇ دېگەن شەھەر، بۇ يەردىكى ئادەملەر-
نىڭ ھەممىسى ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ
ئۆيى يوق.

— خەقلەرنىڭ بارىكەنغۇ.

— ئۇنىمۇ ئۆزىنىڭ دېگىلى بولمايدۇ، ۋاقتى كەل-
گەندە ئىگە بولالمايدۇ.

— مومام ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق دېگەن.

— موماڭ ئەجەپ گېپى تولا خوتۇنكەن سېنىڭ.
ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق، ئەمەس، ئېرى يوقنىڭ جېنى
يوق، دېگەن گەپ بۇ ئەسلىدە.

— ئۇنداق ئەمەس.

كۆن پاتاردىكى شەپەق يوقىلىپ قاراڭغۇلۇق جا-
ھانغا يېيىلىۋاتقان بىر كۆڭۈلسىز كەچلىكى ئادەمنىڭ تو-
لىلىقىدىن، ئۆينىڭ تولىلىقىدىن، تالاشىنىڭ تولىلىقىدىن
شاۋقۇنلىرى جانغا قامچا بولۇپ تېگىدىغان شەھەرنىڭ
تار بۇلۇڭىدىكى بىر تار ئۆيدە بىر ئايال بىلەن بىر ئەر
بەكلا پەرىشان بولۇشۇپ كەتكەن ئىدى.

بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن ئاپپاق ساقاللىق، كۆز-
لىرى بۇركۈتنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر ئادەم قاغا ھەم
شۇنىڭغا ئوخشاش قۇشلارنىڭ ئۇۋىلىرى توغرۇلۇق
ئويلاۋېتىپ ياشاشنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى، ھاياتنىكى
ئازابلارنى يېڭىشكە ئۈمىد باغلاشنىڭ خاسىيىتى، ياشاش
ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن تىرىشىشنىڭ سەۋەبلىرى

هەققىدە بەك جىق ئويلانغان ئىدى. ئۇ ئاخىرى ئادەملەرنىڭ چېگىلمىغان ئالاقىلىرىدىن پۈتكەن دۇنيا ئىشلىرىنىڭ سىرلىرىنى يەشكىلى بولمايدىغان مۇئەممالىقىنى، ھاياتتا ئادەملەر يولۇقىدىغان قىسمەتلەرنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىقىنى، بىر ئىشنى ئوڭشاپ تۇرسا يەنە بىر ئىش بۇزۇلۇپ، تېزىنى باسسا مېزى چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ بىئارام بولغان ھەم مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ھەر بىر تەتۈر ئىشنى ئوڭشاشنىڭ ئەبەدىيلىك نىشان ئىكەنلىكىنى ئادەملەرگە چۈشەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا تىنىمسىز قىمىرلىشىپ يۈرگەن چۈمۈلىلەر، چورا تالىشىپ بوغۇشۇۋاتقان توشقانلار بار ئىدى، يەنە كۆك قەرىدە قاناتلىرىنى يېيىپ ئەگىۋاتقان بۈركۈت، لاچىندىن جېنىنى ئېپقېچىپ بولالماي كۆكتە سەرسان بولۇپ ئۇچۇشۇۋاتقان كەپتەرلەر بار ئىدى.

ئۇ داتلىشىپ كەتكەن قېيىش قۇلۇپنى تەستە ئېچىپ ئۆيگە كىردى. بېشىغا ئاق ياغلىق چىگىۋالغان ئايال ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. بايا دەرۋازىنى ئېچىپ ئۆيگە كىرگۈچە ئۇ ئۆزىنى بەكلا ئەخمەق ھەم بىچارە ھېس قىلىپ قالدى. دەرۋازىنى پەم بىلەن ئاچقان بولسىمۇ يەنىلا غىچىلدىغان سەت ئاۋاز چىقىپ كەتتى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ ھاياتىدىكى كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان جىمى ئىشلارنى يادىغا سېلىپ ئۆتكەندەك بولدى. يېڭى توي قىلغان كۈنلەردىكى ئايالى، بۇرۇنقى ئايالى، ناتونۇش ئايال لىپىلداپ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئويۇنچى قىزلارنى توشقانغا، ئۆزىنى قارچىغىغا ئوخشىتىپ يۈرگەن كۈنلىرىنى سېغىنىش بىلەن ئەسلىدى. ئاۋازى بەكلا يېقىملىق بىر قىزنى، ئۇنىڭ باھار شامىلىدەك ئىللىق ئەركىلەشلىرىنى، ئۆيگە كىرگەندە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇستىباشلىرىدىكى توپا - چاڭلارنى قېقىشلىرىنى، بويىنىغا ئېسىلىپ ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىنى، ئەپسىز قوللىرى بىلەن ئەتكەن غىزالىرىنى ئەپۇغا موھتاج بولۇپ خىجىلچىلىق ئىچىدە ئالدىغا قويغانلىرىنى يادىغا ئالدى. يېڭى توي قىلغان كۈنلەردىكى ئايالىنىڭ تاتلىق خۇمارى ئۇنى ھېلھەم مەست قىلاتتى. ئۇ چىگىلىشمەك خىياللار ئارىسىدا قېلىپ تۇرغان ئورنىدا مىدىرلىماي جىممىدە تۇرۇپ قالدى. ھويلا جىمجىت، ھېچ شەپە يوق ئىدى. ئۇ غوجايىنىنىڭ ئىشكىگە قاراپ قويدى. غوجايىنىنىڭ گۇمان ھەم نەپرەت، يەنە بىركىمنى پەقەت كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ پارقىرىشى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ غوجايىننى ئىتقا ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايتتى ھەم يەنە ئىتقىمۇ ئۆچ ئىدى. غوجايىننى ئىتقا ئوخشىتىپ ئارقىدىن ئىتقىمۇ ئۆچ بولۇپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ پەقەت چۈشەنمەيتتى. غوجايىنىنىڭ ئىتى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ھويلىدا بولمىغىنى بىلەن باشقا يەردىكى ئۆيلىرىدە چوقۇم ئىتى بار. بالىسى يا خوتۇنى يوق بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا تۆت - بەش يەردە ئۆيى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ يوقلۇقىنى، غوجايىنىنىڭ بىرمۇنچە ئۆيى بارلىقىنى پەقەت كۆڭلىگە سىغدۇرالمايتتى. خۇددى ئۆزى ئۇۋالچىلىق تارتىۋاتقاندەك ئويلايتتى.

— غوجايىن نېمىشقا كىرىپتۇ.

— ئۆي ئىجارىسىنى سوراپ كىرىپتىكەن.

— راستمۇ.

— راستمۇ دەۋېسىزغۇ.

— بۇ ھارامدىن بولغان دائىم مەن يوق چاغدا ئىجارە سوراپ كىرەمدۇ، بىر كۈنى ئەمەس بىركۈنى ئىككىڭنى بوغۇزلاپ تاشلايمەن.

— خۇدانىڭ ھەققىدە ماڭا ئىشىنىڭ.

— ساڭا ئىشىنىش قولۇمدىن كەلمىدى، جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى.

— ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى بولسىغۇ مۇشۇ خاپىلىقمۇ يوق بىزگە.

— ئىككىڭ ئىتقا ئوخشايسەن.

مەخلۇقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يىرگىنچلىك ھايۋان مانا مۇشۇ، نان بەرگەن ئىگىسى كىمنى چىشلە دېسە شۇنى چىشلەيدۇ. ئۆزى چىشلەۋاتقان ئادەمنىڭ گۇناھى بارمۇ يوقمۇ، ئۇنى چىشلەپ ئازابلىسا توغرا بولامدۇ، بولمامدۇ، ئىت دېگەن بۇ ھايۋاننىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن كارى يوق. ئەڭ يامىنى ۋاقتى كەلگەندە نان بېرىدىغان ئىگىسىدىن يەنە بىرنى تېپىۋالسا بۇرۇنقى ئىگىسىنى چىشلەشتىن يانمايدۇ. ئىتنىڭ بۇنداق خۇيلىرى بولسا خەيرىيەت، ئىلغىماسلىقى ھەممىدىن نەپرەتلىك. غوجايىن بىلەن ناتونۇش ئايالغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇرۇنقى خوتۇنى خۇددى ئىتلارزەدەكلا. زەھەردەك ئۆتمۈش، تىكەنلىك ئەسلىمىلەر يۈرەك دېگەننى چار يىلاندەك چاقىدۇ.

— ئىجارە پۇلنى تۆلىمەمسەن.

— قۇرۇلۇشتا ئىشلىگەن ئىدىم، قولۇمغا پۇل كىرگەن ھامان تۆلەيمەن.

— نەدە ئىشلىشىڭ بىلەن كارىم يوق، پۇلنى

ۋاقتىدا بەرمىسەڭ قانداق ئېلىشنى ئويدان بىلىمەن.

— قانداق ئالىسەن.

— قانداق ئالسام ئالىمەن، بۇنى ئۆزۈم بىلىمەن.

— ھەممىنى خۇداغا قويدۇم، ناھايىتى شۇ پۇلۇڭ بارغۇ سېنىڭ.

— ئەجەب گەپ قىلىسەنغۇ قوڭالتاق، نېمە دېسەڭمۇ بىكار، پۇلى يوق ئادەم قانىتى يوق قۇشقاچقا ئوخشايدۇ، شۇنداق بىچارە.

غوجايىننىڭ كۆزلىرىدە، جاۋغايلىرىدا قىمىرلاپ يۈرگەن كۈلكىلەر شۇنداق سېسىق ئىدى.

ئەگەر ئەركەك بولسام بۇ ئىتككىسىنى ھامان بىر كۈنى بوغۇزلىۋەتمىسەم بولمايدۇ، يا بولمىسا بۇ ھايۋان بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەندە چانىۋەتسەممۇ بولىدۇ، يامانلىقنىڭ جازاسى بولمايدىغان ئىش يوق. بۇلارنىڭ ئىتتىن پەرقى يوق، بىرسى غالجىر ئىت، يەنە بىرسى لالما ئىت. ئىككى ئىت تېپىشىۋالدى.

ئۇ قەلبىدىكى ئەڭ چوڭقۇر ئۆچمەنلىكنىڭ ئىت بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى ئىلگىرى تونۇپ يەتمىگەن ئىدى. ئىگىسىدىن باشقا ھەممىلا ئادەمگە خىرىس قىلىدىغان ئىتقا، يەنە ئىگىسىنى چىشلەيدىغان ئىتقا، ھەممىلا يەردە قاتراپ يۈرىدىغان ئىتقا، خەقلەرنىڭ قوچقىغا چىقىۋېلىپ كىشىنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدىغان پىستە ئىتلارغا... ئىشقىلىپ جاھاندىكى جىمى ئىتلارغا يۈرىكىدە ناھايىتى كۈچلۈك ئۆچمەنلىكنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. يەر يۈزىدىكى ئىتلارنىڭ ھەممىسىگە زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى، چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلىمىغان بولسىمۇ، بىراق ئىتلارغا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئۆچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.

ناتونۇش ئايالنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئىشىكىگە يۆلىنىپ بولمىغان ئايالنىڭ كۈنى يامان بولىدۇ. ئوغرى مۈشۈكلەر چاكات سالغان داستىخانغا قول ئۇزاتماق بەسى مۈشكۈل.

— يۈرىكىڭىز تاشتىنمۇ قاتتىقكەن. مېنى مۇشۇنداقلا كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتەمسىز.

— ئامال يوق، مېنىڭچە غوجايىن بىلەن ئىككىڭلار مېنى بوزەك قىلدىڭلار.

— نەچچە قېتىم قەسەم قىلىپ بەردىمغۇ.

— خوتۇن كىشىنىڭ قەسىمىگە كىم ئىشىنىدۇ. ئىككىڭنى يەر يۇتار ئىلاھىم.

— ماڭا بەك ئۇۋال بولۇپ كەتتى. ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى يوقلىقىدىن بولدى.

— ئەمدى نېمە دېسەڭمۇ بىكار.

— مەن ئەمدى بىلدىم، ئۆزىنىڭ ئۆيى يوق ئادەمنىڭ كۆڭلى پۈتۈن بولمايدىكەن. ھېچ ئىشى ئىلگىرى باسمايدىكەن، قەلەندەردەك.

— يەنە شۇ كونا گەپ. ساڭا دەپ قويايكى، ئۆي دېگەن كۆڭۈلدە بولىدۇ.

— بۇنى كۆكنارنىڭ خىيالى دەيمىز.

ئۇ دەسلەپتە بۇ ئايالنى بۇرۇنقى ئايالىم دەپ ئاتىدىغان ئىدى، بارا - بارا بۇنداق دېيىشكىمۇ كۆڭلى ئۇنىماي ناتونۇش ئايال دەپ ئاتاشقا ئۆزىنى كۆندۈردى. ناتونۇش ئايال بۇلۇڭدىكى كونا ئورۇندۇقتا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە لەۋلىرى چىرايلىق ئىدى. ئۇ ئايالنىڭ بۇرۇنقى ئايالى دائىم ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقتا خۇددى بۇرۇنقى ئايالىغا ئوخشاشلا قىياپەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئۇ ناتونۇش ئايالنىڭ غېرىبانە ھالىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئايالى بىر زامانلاردا ئۇنىڭغا بەكمۇ پەس ئاۋازدا:

— ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى بولغان بولسا. مۇشۇ مېنىڭ ئۆيۈمكەن دەپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى ئىدىم. — دېگەندە ئۇ ھەيران قالغان ئىدى.

— بېشىمنى ئاغرىتما، ئىجارە ئولتۇرساقمۇ تالادا قالمىدۇققۇ، مۇنداق دەۋەرسەڭ مېنىڭ ئەرلىك غۇرۇرۇم خورلىنىدۇ.

ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان بازارغا كىيىم تاللىغىلى، كۆكتات سېتىۋالغىلى ماڭغانلىرىدا، دوستلىرى چاقىرغان ئولتۇرۇشلارغا، توي - تۆكۈنلەرگە، ھاۋا يەپ كېلىش ئۈچۈن كوچىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا ماڭغانلىرىدا ئايالى خەقلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ھەۋەس قىلىپ بەكلا بىچارە بولۇپ كېتەتتى. بەزىدە كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قىزىرىپمۇ قالاتتى. خوتۇنىنىڭ مۇشۇ قىلىقلىرى ئۇنى بەكلا بىئارام قىلاتتى.

— بىزنىڭ ئۆيىمىز خەقلەرنىڭكىدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ خوتۇنىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ساقاللىرى قاردەك ئاپپاق، كۆزلىرى بۈركۈتنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر [illegible] ناھايىتى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا كۈن قىزىل بولغان [illegible]دە سۈيى قۇرۇپ كەتكەن ئېقىن بويىدا ئولتۇرۇپ، بۇ دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك بار نەرسە ئىنساننىڭ

ئارزۇسى، مۇشۇ نەرسىلا بۇ دۇنيادىكى ھاياتنى بۈگۈنگە ئۇلاپ كەلدى ھەم كەلگۈسىگە ئۇلايدۇ، ئارزۇ ئۇلگەن كۈنى بىر ئادەم، ئادەملەر، ھەتتا يەر يۈزىدىكى جىمى ھاياتلىق قۇرۇغان دېڭىزدەك يوقىلىدۇ، دېگەنلەرنى خىيال قىلغان ئىدى.

— قايسى ئۆينى دەيسەن.

— ئىشقىلىپ ھامان بىر كۈنى ئۆزىمىزنىڭ بولىدىغان ئۆي.

— نەپسىڭ بەكلا يامان خوتۇنكەنسەن.

— بۇنى نەپسى دېمەيدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئارزۇسى دەيدۇ.

— نېمە بولسىمۇ ھەممىسى قۇرۇپ كەتسۇن.

ئۇ شۇ چاغدا خوتۇنىغا بەكمۇ سەت ئالايغان ئىدى. خوتۇنى ئۇنىڭ ئالىيىشلىرىغا چىدىيالماي يىغلاپ كەتكەن ئىدى.

— تولا بېشىمنى ئاغرىتما، مۇشۇنداق دەۋەرسەڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرەر قوۋۇرغاڭنى سۇندۇرۇۋېتىشىم مۇمكىن، مەن شۈكۈر - قانائەتنى بىلمەيدىغان ئايالغا بەك ئۆچ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوتۇنى: سەنمۇ ئەركىشىمۇ، خوتۇن ئالدىم، دەپ ئوڭشاپ بىرەر ئۆيگىمۇ ئىگە قىلالمىدىڭ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بولۇمسىزلىقىڭنىڭ كاساپىتى، دەپ ياقىسىغا ئېسىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

— مەنمۇ ئۆزۈمدىن قورقىمەن، مۇشۇ ئۆي خاپىلىقىدا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ئويلاپ قالىمەن، ئۆلسەممۇ ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە ئۆلسەم، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىمىز ئۆرۈلۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ تېمى بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى ئىدىم.

— خۇدا جاجاڭنى بەرسۇن سېنىڭ، سەرەڭگىنى ئېلىۋەت.

ئۇ خوتۇنىغا بۇيرۇق قىلدى، خوتۇنى گەپ - سۆز قىلماي سەرەڭگىنى ئۇزاتتى، سەرەڭگىدىن سارغۇچ يالقۇن كۆتۈرۈلدى. ئوت قالتىس خاسىيەت، ھېكمەتنىڭ بەلگىسى، ئوتنىڭ پەيدا بولغىنىدىن، يەنە ئۆچكىنىدىن ھەيران قالمىسا بولمايدۇ. مۇشۇ كىچىككىنە ئىشتىمۇ ئەقىل ئەقىلگە ئۇلاشمىسا سىر - ئەسرارنى بىلگىلى بولمايدىغان قۇدرەت كۆرۈنۈپ تۇردۇ. قېرىغاندا كۆزى ئاجىزلاپ كەتكەن تاغىسى چاچ - ساقاللىرى قاردەك ئاق، كۆزلىرى بۈركۈتنىڭكىدەك بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنداق بىر گەپلەرنى دېگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن ئىدى. ھەر قېتىم سەرەڭگە ياققاندا تاغىسىنىڭ مۇشۇ گەپلىرى يادىدىن كېچەتتى. موخوركا ئىسىنىڭ ھىدى كىچىككىنە ئۆيدە لەيلەپ يۈرەتتى.

ھەممە ياق جىمجىت ئىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ يۈرىكىنىڭ گۇپۇلدەپ سوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ يۈرەك تەقەززالىق بىلەن، قورقۇش بىلەن، تەمتىرەش بىلەن يەنە ئۈمىد بىلەن سوقاتتى. بىر قارىغاندا بۇ يۈرەكنىڭ بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن يۈرەكلەردىن ھېچ پەرقى يوقتەك، يەنە دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر يۈرەككە ئوخشىمايدىغاندەكمۇ قىلاتتى.

— نەگە باردىڭ.

— بېكەتكە باردىم.

— يەنە نېمىشقا كەلدىڭ.

— سىزگە چىدىمىدىم.

ئۇ خوتۇنىنىڭ گەپلىرىنىڭ ئۆزىگە پەقەت تەسىر قىلمىغانلىقىغا ھەيران قالدى.

ناتونۇش ئايال جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇ سوغۇق سۇنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىپ ئۆزىنى سافاغا تاشلىدى. ھېچنېمىنى ئويلىغۇسى كەلمەيتتى، خوتۇنى ئەتىگەن چىقىپ كەتكەنچە ئەمدى كەلدى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى خوتۇنىنى يا غوجايىن بىلەن يا بولمىسا بېشى قېيىپ قالغان بىرەر ئادەم بىلەن قېچىپ كەتتى، دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆڭلى كەچ قىلدى. ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ، دېگەنگە ئۆزىنى پەقەت ئىشەندۈرەلمىدى. خوتۇنىنىڭ قۇربان ھېيتتىن باشقا چاغدا كىيىپ قويمايدىغان شىرەم تۇغقىنىنىڭ ئۆيگە بېرىۋىدى، ئۇ ئۆيلەر چېقىلىپ ئورنىغا قۇرۇلۇش سېلىنىۋېتىپتۇ.

مەن بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىم.

ئۇ كەينىگە يېنىپ كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە ھەيران قالدى.

— ئەمدى كەلگىنىڭنىڭ پايدىسى يوق، كىرىپ چىقىپ يۈرسەڭ مەيلى، ئەمما ئەمدى سەن ئىبرىم بار دەپ ئويلىما.

— خۇدانىڭ ھەققىدە ماڭا ئىشىنىڭ، مەن ئەسلى سىزنى كەينىمدىن مېنى ئىزدەپ باردۇ، ئىككىمىز ياخشىلىشىپ قالىمىز، ئاندىن ھەممە ئىش بۇرۇنقىدەك بولىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— خاتا چۈش كۆرۈپسەن.

غۇيۇلدىغان شامالدا قاغا چاڭگىسى لىڭشىپ تۇرىدۇ. جىگدە شاخلىرىنىڭ لىڭشىشلىرى بىلەن تەڭ لىڭشىپ

تۇردۇ، جاھاندا ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئاجىز ئۆۋا قاغا چاڭگىسى بولۇشى مۇمكىن.

كىچىك بوپىسنى كۆتۈرۈپ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرسىدىكى مەھەللىسگە ماڭغان بىرەيلەن قاغا جىگدىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قاغا چاڭگىسىغا قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەن دەمدە جىق بىرنېمىلەرنى ئويلاپ كەتتى. ياراتقۇچى بەرگەن جىمى ئەقلىنى ئادەملەرنىڭ ياشاش سەۋەبلىرىگە ئاتىۋەتكەن بىر ئادەم ناھايىتى قايغۇلۇق ھالدا: ئادەملەر بىر - بىرىگە ئامراق بولۇپ ئۆزلىرى ئۈچۈن ياراتقان ئۆيلەر قاغا چاڭگىسىغا ئوخشاپ قالدۇ، چاڭگا چۇۋۇلۇپ كەتسە ۋەيران بولىدىغىنى چاڭگىلا ئەمەس ئىككى ياكى ئۈنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئالەم، كۆڭۈل ئالىمى دېگەنلەرنى ئويلىغان ھەم بۇكۆتىنىڭكىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرى خىرەلىشىپ، تۆكۈلگەن ياشلىرى قارىدەك ئاق ساقاللىرىنى كىرلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. بوپا كۆتۈرۈۋالغان قىزنىڭ خىياللىرى غېرىب تۇيغۇلارغا غەرق بولغان يۈرىكىنى ھەردەك چاقتى.

— خوتۇن كىشى دېگەننىڭ نەپسى بالادىنمۇ يامان بولىدىكەن، قاچان قارىسا ئۆينىڭلا غەلۋىسىنى قىلىپ يۈرەمسەن، نېمىدىگەن تۈگىمىگەن گەپ بۇ.

— ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى بولغان بولسا مەنمۇ تۇغاتتىم، بالىمىز بولسا ئۆيىمىز ئۆيگە ئوخشايتتى، ئاندىن بىزمۇ ئادەمگە ئوخشاش كۈن ئالاتتۇق.

— ساڭا نېمە دېدىم، ئۆيى يوق ئادەمدىن كەم تالادا قاپتۇ.

— بىركىمگۇ تالادا قالماپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالىدىكەن. قاچان بىرى كىرىپ ئۆيدىن چىق دەمدىكىن دەپ قورقۇپ.

— سېنىڭ بۇ ساراڭلىقىڭغا داۋا يوقكەن.

— بۇنى ساراڭلىق دېمەيمىز، چاشقاننىڭمۇ ئۇۋىسى بار، قاغىنىڭمۇ چاڭگىسى بار.

— ما گەپنى، قالتىس سۆزمەن بولۇپ كېتىپسىنا سەن، سەھرايى قىيامەتتە پايتىماڭنى تەتۈر ئوراپ يۈرەتتىڭ، كۆزۈڭ ئېچىلىپ كېتىپتۇ ھە سېنىڭ. گېپىڭچە مەن ئۆيۈم بولمىغاچقا سامان قورساق غوجايىن، يەنە ھۆڭگۈل چىش، سېسىق پۇرايدىغان زاسۇيپەزچىلىكمۇ ئادەم ئەمەسكەنمەن شۇنداقمۇ.

— جېدەل تېرىيمەن، دېسىڭىز مېنىڭ خۇشۇم يوق، ئىشقىلىپ مەن بولىدىغان گەپنى قىلدىم، سىز بىلەن ئېيتىشۇەرگۈم يوق. نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ. ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى بولسا، ئارقىدىن بىر ئوغلىمىز بولسا، ئوغلىمىزنىڭ ئىسمى شاھنەزەر بولسا.

— تېخى بالىغا ئاتمۇ قويۇپ بولدۇڭ.

— مەسلەن شۇنداق بولسا بۇنىڭ نەرى يامان.

ناتونۇش ئايالنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. ناھايىتى بۇرۇنقى زاماندا ياشىغان ئاق ساقاللىق، كۆزلىرى بۇركۈتنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر ئادەم كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئۇھ تارتىپ نادامەت چەككەندە، يۈرىكىنىڭ تايىنى قالمىغان ئادەملەرنىڭ كۆنى قاتتىق بولدۇ، ئادەملەر بىر - بىرىدىن زېرىكىپ، ئادەمنىڭ ئادەم بىلەن خۇشى قالمىغان كۈنى كۆرۈشتىن ساقلىغايسەن، دەپ بوزلىغان، كۆزلىرى خىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى. شۇ كۈندىكى قۇياشمۇ، شۇ كۈندىكى ئايمۇ، شۇ كۈندىكى يۇلتۇزمۇ بۇ ئادەمنىڭ كۆز چاناقلىرىنىڭ ياشقا تولغانلىقىنى بىلەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ ناتونۇش ئايالنىڭ يۈرىكىدە ئۆربىدىگەن تەگسىز ئېزىلىشنىڭ ھەسرەتلىرىگە جور چۆل شاملى غۇيۇلدايتتى.

— سەن ئۆي سارىڭى، بىلمەن، ئاخىرى ئۆيى بار بىرەر سامان قورساقنى تاپسەن، بۇنى مېنى بىلمەيدۇ دېمە.

ناتونۇش ئايالنىڭ كۆزلىرى بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك ۋەھىمىلىك چاقناپ كەتتى.

— نېمە ماڭا ئىتتەك ئالىيسەن، مېنى بىلمەيدۇ دېمە، غوجايىن بىلەن...

ناتونۇش ئايال چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ نېمە بولغىنىنى بىلىپ بولغىچە يۈزىگە تەگكەن تەستەكتىن ئېسىنى يوقىتىپ قويدى، چاچلىرى يۇلۇندى، قورساق، بىقىنلىرىغا تېپىك يېدى، ئايالنىڭ تەرلەپ كەتكەن پېشانىسىگە، مەڭزلىرىگە قاپقارا چاچلىرى چاپلىشىپ قالغان، چىشلىرى كىرىشىپ قالغان ئىدى. بۇ خوتۇننىڭ قولىنىڭ مۇنداق قاتتىق، مۇنداق كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئۇ بۇرۇن ھېس قىلمىغان ئىدى.

ئۇ ئەتىسى ئويغانغاندا ناتونۇش ئايال كۆرۈنمەيتتى. مورلىنىپ، قاناپ كەتكەن يۈزلىرى ئاچچىق ئېچىشىپ، بەندە ئەزايى چىقىۋەتكەندەك ئاغرىيتتى.

2011 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يېزىلدى

2011 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بىرىنچى قېتىم تۈزىتىلدى

ئەنۋەر مەتسەيدى



# پاك زات ھەققىدە يېڭى لەتىپە

(ھېكايە)

ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى توختى بولۇپ، «پاكزات» — ئۇنىڭ تورداكى ئىسمى.

ئۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇماي، ئوقۇتقۇچىلىرىنى قاقشىتىپ يۈرۈپ، بۇرۇنلا ئوقۇش پۈتتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، يۇرتىنى تاشلاپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئىشلىرى ھېچ ئىلگىرى باسمىدى، ئەنە شۇ كۈنلەردە ئۇ باشقىلارغا ئەگىشىپ، تورخانىغا كىرىپ قالدى - دە، ئۇنىڭ سېھرىي كوچىگە ئەسىر بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تورخانىغا كۈنۈپلا قالدى. بىكار بولسىلا تورخانىغا كىرىدىغان، تونۇشمايدىغان ئادەملەر بىلەن سائەت - سائەتلەپ پاراڭلىشىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرىۋالدى.

ئۆيلىمىگەن يەردىن توردا بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خېلى كۆپ پاراڭلاشتى. پاراڭ ئارىلىقىدا قىز ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئۇمۇ ئىككىلەنمەيلا، ئۇ قىزغا خەت ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز پاكزاتمۇ؟ — سورىدى قىز توردا خەت يېزىپ.

— پاكزات بولماي نېمە بولاتتى، ئەمىسە؟ — ئۇمۇ تېزلا جاۋاب قايتۇردى.

— سىزنى بىر كۆرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ، راستىنى دېسەم مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزغا قىزىقىپ قالدىم.

— سىزگە ئىسىم بەك مۇھىم ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى قىزدىن.

— ئۇنداققۇ ئەمەس.

— بۇ ئىسىم پاك بىلەن زاتنىڭ بىرلەشمىسى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا قىزىقىپ قېلىشىم. يەنە كېلىپ بۇ ئىسمغا شۇ ئادەم ماس كېلەمدۇ - يوق؟ بۇنى بىر كۆرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— چاتاق يوق! — دېدى پاكزات.

— مەن ئەتە چۈشكە سىزنى ئاشىق - مەشۇقلار قەھۋەخانىسىغا چايغا تەكلىپ قىلىمەن. مېنىڭ كىملىكىمنى شۇ يەردە بىلىڭ.

— ماقۇل.

پاكزات ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ خېلى بىر چاغقىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بىر قىزنى قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى.

پاكزات سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، چاچ - ساقاللىرىنى ياستىپ، ئۆزىگە ئەڭ بەك يارىشىدىغان پورەك كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى كىيىپ، پورەك گالستۇكنى تاقاپ، ئاجايىپ سالاپەتلىكلىشىپ كەتتى. ئۇ تۇرۇپلا، «نەدە ئىشلەيسىز؟ نىمە خىزمەت قىلىسىز؟ دەپ سورىسا نېمە دەرمەن؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، سەل دېلىغۇل بولغان بولسىمۇ، تىزلا قايسىبىر كىنودا كۆرگەن كۆرۈنۈشلەرنى يادىغا ئېلىپ، دەرھال «پاكزات» دېگەن ئىسىم بىلەن «گۈزەل ھايات مۇساپىسى» شىركىتىنىڭ دىرېكتورى نامىدا ئىسىم كارتۇچكىسى باستۇردى. تېلېفون نومۇرىنىمۇ كارتۇچكىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يېرىم كۈن گويا يېرىم يىلدەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ كۈتكەن مىنۇتلار ئاخىرى يېتىپ كەلدى - دە، تاكسىدىن بىرنى توسۇپ، ئاشىق - مەشۇقلار قەھۋەخانىسىغا كېلىپ بىر ئورۇننى ئىگىلەپ ئولتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي سومكىسى يوتىسىدا ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، يىڭى يوق سېرىق كوپتا، بېلىنى ئازراق يېپىپ تۇرىدىغان قارا يوپكا كىيىۋالغان، چۇۋۇق چاچ، كۆزىنىڭ ياختىسى ھەر چوڭ يىگىرمە ياشلاردا بار بىر قىز كىرىپ كەلدى - دە، ئۇدۇل پاكزاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— پاكزات ئەپەندىمۇ سىز؟ — دەپ سورىدى ئەدەپ بىلەن.

— ھەئە، مەن. — دېدى پاكزات ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ. ئۇلار بىر ئاز ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن پاكزات مۇلازىملارغا تورت، قەھۋە بۇيرۇتتى، — چايمۇ ئەكېلىڭ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئارقىدىن.

— چاينىڭ قانداقىنى ئىچىسلە؟ — دەپ سورىدى كۈتكۈچى.

— ئەڭ ياخشىسىدىن بولسۇن!

پاكزات قىزغا قاراپ بىر هازا تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۆمرىدە بىر قىزنى چايغا تەكلىپ قىلىپ ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل ئولتۇرۇش ئۇنىڭغا مانا بۈگۈن نېسىپ بولغان ئىدى.

— ئىسمىڭىزنى سورىسام خاپا بولماسسىز، — دېدى پاكزات قىزغا قاراپ.

— ياق، خاپا بولمايمەن، مېنىڭ ئىسمىم گۈلزات.

— بۇ سىزنىڭ توردىكى ئىسمىڭىز تۇرسا، مېنى ئەخمەق قىلماڭە! ئۆزىڭىزنىڭ راست ئىسمىڭىزنى دەڭ.

— راست، — دېدى، قىز پاكزاتقا شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ قاراپ. يان سومكىسىدىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى چىقىرىپ پاكزاتقا ئۇزاتتى.

پاكزات قىزنىڭ كىملىكىگە قاراپ يالغان ئېيتمىغانلىقىغا هەيران قالدى. قىزنىڭ ئىسمى هەقىقەتەن گۈلزات ئىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. بۇيرۇتقان يېمەكلىكلەرنى يېيىشىپ، خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشقان بولسىمۇ، پاراڭلىرى قۇناق ئۇنىنىڭ خېمىرىدەك هېچ قولاشمىدى.

— چۈشتىن كېيىن نېمە ئىش قىلىسىز؟ — سورىدى پاكزات قىزدىن.

— دەم ئالىمەن.

— پاھ! ئەجەب ياخشى مەنمۇ دەم ئالىمەن. ئىككىمىز باغچىلارنى سەيلى قىلمايلىمۇ؟

— بولىدۇ ، — دېدى قىز كەسكىن هالدا.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ باغچا ئايلاندى. باغچا ئىچىدىكى كۆكۈل ئاچىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرىنىمۇ ئالا قويماي، هەممىنى ئويناپ چىقتى. قۇياش غەربنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ بولغاندا، ئۇلار باغچىدىن چىقىپ يولدا يانمۇ - يان ماڭدى.

— پاكزات، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، تاماق يەيلىچۇ؟ — دېدى گۈلزات ئەركىلەپ تۇرۇپ.

— ماقۇل، ياخشى ئاشخانىغا باشلاش سىزدىن، مېهمان قىلىش مەندىن بولسۇن، — دېدى پاكزات تىزلا.

ئۇلار قول تۇتۇشۇپ بىر تاكسىنى توستى - دە، ئۇدۇل بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇ ئادەتتىكى ئاشخانا بولماستىن، بىر ئۆستەلنى مەخسۇس زاكاز قىلىپ تاماق يەيدىغان ئاشخانا بولۇپ، ئىككىيلەن بىر ئۆستەللىك تاماق بۇيرۇتۇشتى. قىزىل هاراقمۇ ئىچىشتى. قىز بارغانسېرى شوخلىشىپ، كۆزلىرى خۇمارلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى. پاكزات تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ قىزنى بۈگۈن يېنىدا ئېلىپ قېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئىدى. ئۇ قىزنى ئۆزىنىڭ ياتقان يېرىگە ئاپىرىشتىن نومۇس قىلىپ، ئۇچ يۇلتۇزلۇق مېهمانخانىلاردىن بىرىگە ئېلىپ كەلدى.

پاكزات ئەتىسى ئەتىگەن قىز ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە، سىرتقا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىشىغا:

— پاكزات! — دېدى، قىز ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ، — خوشمۇ دېمەي ماڭامسىز؟

— يېگۈدەك بىر نەرسە ئەكىرەي دېگەنتىم.

— بولدى قىلىڭە! — دېدى قىز ئەركىلەپ، — تاماق يېيىشكە تېخى بالدۇرغۇ! يېنىمغا كېلىڭە، ئۆتكەن هەپتە تۈركىيەنىڭ بىر كىيىمنى كۆرۈپ قويغان قاراڭ، باهاسى 1200 يۈەن ئىكەن، ئېلىپ بېرەمسىز - ياّ؟

— شۇ گەپمىدى، دېدى پاكزات، — مېنىڭ بۈگۈن ئىشىم بەك ئالدىراش. ئۆزىڭىز ئېلىۋېلىڭ، — دېدى - دە، يانچۇقىدىن مىڭ سومنى سۇغۇرۇپ ئېلىپلا قىزغا ئۇزاتتى.

قىز پۇلنى ئېلىپ ئەركىلەپ تۇرۇپ، پاكزاتنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، يوتقانغا يەنە چۆكتى. ئۇلار مانا مۇشۇنداق خوشلاشتى.

پاكزات يەنە شۇ ئۆزىنىڭ ئۇششاق ئېلىم - سېتىم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈردى. نەچچە قېتىم تورغا چىققان بولسىمۇ، گۈلزات بىلەن كۆرۈشەلمىدى. هەئە، ئۇ گۈلزاتنى سېغىنىپلا تۇراتتى. ئۇنى كۆرگۈسى، پاراڭلاشقۇسى، ياندىشىپ ماڭغۇسى، يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى بىللە قىلغۇسى بار ئىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئىشلەيدىغان ئورنىغا بېرىپ كۆرۈشمەكچى بولدى - دە، ئۇ يەرگە بېرىپ گۈلزات ئىسىملىك قىزنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى هېس قىلدى. ئۆزىنىڭ ئۇچ مىڭ يۈەن ئەتراپىدا قۇيۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ، قىلغان ئىشىغا قاتتىق ئۆكۈندى.

پاكزات ياتاققا بېرىپ شۇ ياتقانچە ئۇچ كۈننى ياتاقتىن تالاغا چىقماي ئۆتكۈزۋەتتى. ئۇ ياتاق سىرتىغا چىقىپ تاماق يېيىشنى خىيال قىلىپ باقتى. ئەمما، بۇ يۇرتتا ئۇسسۇل ئويناپ بەرگەنگە بېرىدىغان تاماق يوقلۇقىنى ئويلاپ، يەنە يېتىپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاچلىقتىن ئۇيقۇسىمۇ كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ گۈلزات بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ئورۇنسىز بۇيرۇتۇپ ئىسراپ قىلغان تاماقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتتى. «هەي...!» دەيتتى ئۇ، لېۋىنى يالاپ، ئېغىزىنى چاكىلدىتىپ. «شۇ پاسكىنا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىنىڭ سورىقى بۇ! ئويلىغانغا تاماق كەلمەيدۇ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ بىرەر ئىش قىلىشىم كېرەك، پۇل يوق قانداق قىلارمەن؟» ئۇ ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇپ ئويلىنىشقا



كىرىشتى. يېتىپ ئويلىنىغاندىن ئولتۇرۇپ ئويلىسا ياخشىراقمىكىن. ئۇ ئامال تاپتى، تاپقان ئامال كارغا كېلەمدۇ - يوق؟ سىناپ باققۇسى كېلىپ، مېھمانخانا ئىگىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۈچ يۈز يۈەن قەرز ئالدى. مېھمانخانا ئىگىسى ساخاۋەتلىك ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭغا قەرز بېرىشكە قوشۇلدى. پاكزات خۇشاللىقىدا پۇلنى يانچۇقىغا سالدى - دە، سىرتقا چىقىپ قورساقنى ئوبدان بىر تويغۇزغاندىن كېيىن، يەنە تورخانىغا قاراپ ماڭدى. تەلىيىگە تورخانىدا ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەقسەتسىزلا بىر نومۇرنى قوشۇۋالدى.

— سىز كىم؟ — سورىدى پاكزات قارشى تەرەپتىن.

— مەن ئادەم، — جاۋاپ بەردى قارشى تەرەپ.

— ئەرمۇ - ئايالمۇ؟

— قىز.

— چىرايلىقمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— يۈز كۆرۈشسەك بولامدۇ؟

— بولماسمىكى.

— نېمىشقا؟

— ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. يەنە كېلىپ مەن سىزنى چۈشەنمىسەم.

— چۈشىنىش كۆرۈشۈشتىن، سىردىشىشتىن بولىدۇ. كۆرۈشمەي تۇرۇپ چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس - تە!

ئۇلار توردا خەت يېزىشىپ پاراڭلىشىپ يۈرۈپ خېلى چىقىشىپ قالدى. پاكزات ئۆزىنى «گۈزەل ھايات مۇساپىسى» شىركىتىنىڭ دىرېكتورى دەپ تونۇشتۇردى. توردىكى خەت ئالاقە بارغانچە كۆپىيىپ، قىزنىڭ پاكزاتنى بىر كۆرۈش ئىستىكى قوزغالدى. شۇ ئارىلىقتا ئەتە قىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

— سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە قاتناشسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

— ئورنى قەيەردە؟ چوقۇم بارىمەن.

— سەپەرداشلار رېستورانىدا.

— ئەمىسە ئەتە كۆرۈشەيلى.

پاكزات دېيىشكەن قەرەلدە، رېستورانغا كەلدى - دە، زالغا كىرىپ قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي قالدى. شۇ ئارىلىقتا زامانغا لايىق ياسانغان بىر قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سىز پاكزاتمۇ؟

— ھەئە، سىز...

— مەن ئاينۇر، قېنى يۈرۈڭ! باشقىلار سىزگىلا ساقلاپ قالدى.

ئاينۇر ئۇنى بىر ئايرىمخانىغا باشلاپ كىردى. بۇ سورۇنغا ئاينۇرنىڭ دوستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يىگىتلىرىمۇ بىللە كەلگەن ئىدى. پاكزات دەسلەپ سەل قورۇنۇپ قالغاندەك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئىچىش - يېيىش باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مۇزىكا باشلىنىشى بىلەن تەڭ پاكزات يا ئۇيغۇرچىغا ئوخشىمايدىغان، يا باشقا مىللەتنىڭ ئۇسسۇلىغا ئوخشىمايدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن سەھنىنى چىڭ ئېلىپ، ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇنىڭ سا تازدەك ھەرىكەتلىرى ئاينۇرنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. «تووا خۇدايىم» دەيتتى ئۇ ئېغىزىنى تۇتۇپ، باشقىلار پاكزاتنى مەسخىرە قىلىش نەزىرى بىلەن قارايتتى. ئۇسسۇل مۇزىكىسى توگەپ تانسا مۇزىكىسى باشلىنىشى بىلەن پاكزات خۇددى بىر يىللىق ھارىقىنى بۈگۈن بىراقلا ئىچىۋالماقچى بولغاندەك، ھاراقنى ئىستاكانغا لىقلاپ قۇيۇپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ تاكى سورۇن تۈگىگىچە ئىچتى. يېيىش بىلەنلا بولۇپ بىرەر قېتىممۇ تانسىغا تۇرۇپ قويمىدى. بۇ جەرياندا ئاينۇر باشقىلارنىڭ تارتىشى بىلەن بىر نەچچە قېتىم تانسا ئوينىدى. مەستلىكتىن خۇددىنى بىلمىگەن پاكزات ئاينۇرنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ:

— مەن قاراپ ئولتۇرسام ماۋۇ بىر نېمىلەر سېنى شۇنچە كۆپ تانسىغا تارتقان يەردە، مەن يوق يەردە ئۇلار بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلىشسەن؟ — دېدى - دە، بىر مۇشت بىلەن ئاينۇرنىڭ ئېغىز - بۇرنىنى قانغا بويىۋەتتى. باشقىلار تۇتۇۋالمىسا ئاينۇرنى يەنە ئۇردىغاندەك تۇراتتى. ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرگەن بۇ يىگىتنى باشقىلار رېستوراندىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى. ئەمما، ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەر بىلەن ئۇلارنىمۇ تىللاپ، مۇشت كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، تاياقمۇ يەۋالدى. ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئاينۇرنىڭ دوستلىرى بىر تاكسىنى توستى.

— قەيەرگە ئاپىرىپ قويىمەن؟ — سورىدى شوپۇر.

— نەگە بولسا مەيلى، ئىشقىلىپ بۇ يەردىن ئەكەتسىڭىزلا بولىدۇ. مانا ماۋۇ كىرا پۇلى.

ئۇ ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئويغاندى - دە، ئۆزىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى ئەخلەت مەيدانىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۈنۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشلارنى غۇۋا ئىسىگە ئېلىپ، بۇ ئىشلارنىڭ، بۇ رەسۋاچىلىقلارنىڭ مەنبەسى تور ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن تورغا قەتئىي يېقىن يولىماسلىقنى ئويلىدى.

مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# پېشقەدەم ساۋاقداشلار ئەنجۇمەنىدە دېيىلگەن گەپلەر

(نەسر)

ھۆرمەتلىك مېھمانلار، قەدىردان ساۋاقداشلار!

بۇندىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن، يەنى 50 يىل مۇقەددەم بۇ ئەزىزانە يۇرتتا تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان مەرىپەت بوستانىدا خىزىر سۈپەت ئۇستازلاردىن تەربىيەت ئېلىپ ئىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يىغىلغان ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ساپ دىل، نىھال كۆچەتتەك سەبىي باللار مانا ئەمدى مويسىپىت ئاتا - ئانا سۈپەتتە يەنە بىر قېتىم جەم بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق.

ئىنشائاللا ھەممىمىز ئوبدان تۇرۇپتىمىز، سالامەتكەنمىز.

تەڭرى تائالانىڭ بىزلەرگە مۇشۇ ياشلىرىمىزدا تەن سەھەتلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش ۋە دىدارلىق پۇرسىتى ئاتا قىلغانلىقىغا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى.

ھېلىغىچە بىمەھەل باقىي ئالەمگە رەھلەت قىلغان مەرھۇم ساۋاقداشلار، ئۇستازلارنىڭ جايى جەننەتتە بولغاي!

ئۆتكەن 50 يىلدا بۇ يەردە ئولتۇرغان قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلار جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندۇق. بىر مەھەل رىيازەت، جاپاسى كۆپ، پاراغىتى يوق دېيەرلىك مۇھىتتا ياشىدۇق. ھايات سەھلىدىكى تۈگىمەس تىرىكچىلىك مۇشەققىتى، كۆتمىگەن مۇشكۈلاتلار، جاننى قاقشاتقان سىياسىي ھەرىكەتلەرگە دۇچ كەلدۇق. ئاچ قورساق ھالدا مۇنارغا مۇشت تەڭلەيدىغان، چىت - ماتانى كۆرۈۋالايغا تاپقىلى بولمايدىغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگەن ھەرىكەتلەردە كۆپ قېتىم يىقىلىپ - قوپۇپ، جاننى بەدەل قىلىپ ھەق - ئادالەتنى قوغدىدۇق. ئەل - يۇرت غېمىدە چەككەن رىيازەتلىرىمىز، قىلغان ئەزگۈ ئىشلىرىمىز بەدىلىگە خەلقىمىز، ئاتا - ئانا، دوست - يارانلىرىمىز تەرىپىدىن ئالقىش - رەھمەتلەرگە مۇيەسسەر بولدۇق.

بىر مەزگىللەردە تۇرمۇشتىكى ماددىي تەلەپلىرىمىز، روھىي ئىستەكلىرىمىز قانائەت تېپىپ ھاياتىمىز تېرەن مەنىگە، شاد - خۇراملىققا ئىگە بولغان چاغلاردىمۇ مەغرۇرلانماي، تەمەننا قىلماي، ئېسەنگىرىمەي، مىللىتىمىز، خەلقىمىز ئۈچۈن قان - تەر ئاققۇزۇپ ئىشلىدۇق. خەقنىڭ مۈلكىگە كۆز قىزارتماي، ھالال - يەپ، دۇرۇس ئىشلەپ، مۇشۇ كۈنلەرگە كەلدۇق. ئەل - ۋەتەن ئالدىدا نومۇسقا، ئۇياتقا قالغۇدەك بىرەر گۇناھ سادىر قىلمىدۇق.

تەندە كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان، روھىيىتىمىزدە ئۈمىدۋارلىق، شىجائەت بالقىپ تۇرغان ئاشۇ ياشلىق چاغلار نېمىدېگەن گۈزەل - ھە!

تېخى پۇل، ئەمەل - مەنسەپنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرىمىغان، ئىشرەت تاماسى بىلەن بۇلغانمىغان شۇ چاغلاردا توغرا، خالىس نىيەتنىڭ كۈچى بىلەن ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە، ئىشەنچسىزلىكنى ئۈمىدۋارلىققا ئۆزگەرتەلىگەنمىز. بۈگۈنكىگە ئەل - يۇرت، تارىخ گۇۋاھ. ياراتقان ئەجىر - تۆھپىلىرىمىز ئىسپات.

ساۋاقداشلار! شائىر ئۆمەر ھەييام مۇنۇ رۇبائىيسىدا:

«ئەپسۇسكى يىگىتلىك مەۋسۇمى ئۆتتى،<br>
كۆكلەم ئۆتۈپ كەتتى، قىش، چىللە يەتتى.<br>
ياشلىق دەپ ئاتالغان ئۇ سۆيۈملۈك قۇش،<br>
بىلمىدىم قاچاندۇر كەلدى - يۇ، كەتتى.»

دېگىنىدەك، ھازىر يېشىمىز 60 لاردىن ھالقىپ ئەمگەك، خىزمەت، ئىجادىيەت ئۈچۈن ئىمكان، پۇرسەتلىرىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتۈپ كەتتى. تەنگە ھاردۇق يەتتى. ئەمما بۇ ئەمدى ھېچقانداق ئىش قىل-

ماي يەپ - ئىچىپ، يېتىپ ئۇخلاپ ئۆمرۈڭنى ئا-خىرلاشتۇر دېگەنلىك ئەمەس. تارىختا كۆپلىگەن ئالىم - پازىللار، يازغۇچى - شائىرلار، مۇتەپەككۇرلار يېشى 70 - 80 گە بارغاندا ئالەمشۇمۇل ئىختىرا - كەشپى-ياتلارنى ياراتقان. ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەل-تۈرگەن. توم - توم كىتابلارنى، تارىخىي رومان قا-تارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

شۇڭا قولىمىزدىن چوڭ - چوڭ ئىشلار كەلمىسە-مۇ، مادارىمىزنىڭ يېتىشىچە ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىشىمىز، ھېچبولمىغاندا ئەمدىكى ياشلارغا مۇنداق مەسلىھەتنى بېرىشىمىز، يەنى، بەختلىك، يارام-لىق ئادەم بولاي دېسىڭىز ژىيول ۋېرنىنىڭ «ئەمگەك قىلىش — ھاياتنىڭ قانۇنى ئىكەنلىكىنى بالىلىق چېغى-دىلا چۈشەنگەن ئادەم پەقەت پېشانە تەرىنى تۆكۈپ نان تېپىپ يېيىش مۇمكىنلىكىنى ياشلىقىدا چۈشەنگەن ئادەم قەھرىمانلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ.»

دېمەك بىز پۇرسىتىمىز يار بەرگەن دائىرىدە ئۆز ئىقتىدارىمىزنى، تەجرىبىمىزنى جارى قىلىپ، ھازىرقى ئەۋلادلارنى ھالال، ھايالىق، ئىمان بىلەن ياشاشقا، ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىنى سۆيىدىغان، ئۇ-مىدۋار، بىلىملىك كىشىلەردىن بولۇپ چىقىش ئۈچۈن يەنىلا جان كۆيەرلىك قىلىشىمىز، ھازىرقىدەك ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، قايسى مىللەتكە مەنسۇپلىقىنى ئۇنتۇغان، بىئەدەپ ياشلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئانا ۋەتەنىنىڭ، مىللەتنىڭ بىزلەرگە يۈكلىگەن شەرەپلىك تاپشۇرۇقى ۋە ئۇنتۇپ بولماس مەسئۇل-يەت!

# رۇبائىيلار

ئابدۇلئېزىز ئابدۇقادىر

1

يىللار بىلەن تۇغۇلدۇق، يىللار بىلەن ياشايمىز،
ئۇنىڭ بىلەن جەننەتكە داغدام يوللار ياسايمىز.
ئۇندىن ئېلىپ ھەممىنى قايتۇرمساق ھەق جاۋاب،
يېڭى يىلنىڭ چېھرىگە قايسى كۆزدە قارايمىز.

2

قېرىلىق مەنزىل ئەمەس - بەلگىدۇر خالاس،
غۇنچىگە رەڭ بەرگۈچى بەرگىدۇر خالاس.
ئۆتسە ئۆمۈر مەنىسىدە ئەلگە خىزمەتنىڭ ،
باشقىلىرى سامان - كېپەك نەرخىدۇر خالاس.

3

قىلدەك ئىشنى پىل كۆرسىتىپ بولما تەكەببۇر،
تاما قىلما ئەتراپىڭدىن ساختا تەشەككۇر.
ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك دېگەن ھېكمەتنى ئويلا،
ئاز قىلساڭمۇ ساز قىل ئىشنى بولما ھەسەتخور.

4

ئالدىرىغان قالار يولدا بولما قىزىق قان،
بېرىلگىنى شان - شۆھرەتكە ئەمەس چىن ئىنسان.
خەلق بېرەر ساڭا لىللا باھا - شەرەپنى،
ئەل كۆڭلىدىن چۈشۈپ قالار نامغا ئېزىققان.

5

گۈل ھۆسنىنى گۈلنى سۆيگەن قەلب بىلىدۇ،
قەدىرلىسەڭ خەس - سامانمۇ سۇپەت بېرىدۇ.
گۈلدەستىلەر بار ئۆزۈڭدە سۆيۈشنى بىلسەڭ،
بىلەلمىسەڭ ھايات قۇرۇق سىۋەت بېرىدۇ.

6

تارىخنىڭ، تۆھپەڭنى قىلغىنىڭدا پەش،
ئېسىڭدىن كەچمەمدۇ بولغانلىرىڭ «غەش؟»
روياپ ئەتمەي يېڭى مىۋە، يېمە دەسمايە،
مېھنەتنى مىننەتلەر كۆرستىدۇ «لەش.»



# ياشلىقتىكى خىياللار

دۆلەتخان ئابدۇۋەلى

**(1)**

تۈنۈگۈنلا مەن تېخى غەمسىز بىر قىز ئىدىم. بۇرۇنقى كۈنلىرىمنى خىيال ئېكرانىمدىن ئۆتكۈزگەن پەيتلەردە، تۆت - بەش ياش چاغلىرىمدا لايدىن قونچاق ياساپ تەڭتۇشلىرىم بىلەن ئېرىق - ئېتىز بويلىرىدا غەمسىز ئويناپ يۈرگەن ئىكەنمەن. ئۆسمۈرلۈك ھاياتىمنى مەرىپەت بېغىدا ئۆتكۈزۈپتىمەن. ئون يەتتە ياش ۋاقىتلىرىمدا ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلەيمەن دەپ پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن باشقىلارغا ئەگىشىپ باغلاپتىمەن...

ئون سەككىز ياش ۋاقىتلىرىمدا ئوقۇيمەن، دەپ پېداگوگىكا مەكتىپىكە ئوقۇشقا كىرىپتىمەن... مېنى ۋاقىت نەچچە يىلغا بارمايلا چوڭ قىلىپ قويدى...

مانا بۈگۈن مەن20 ياشقا كىردىم ... قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى سادالىرىم، ئەزگۈ تىلەكلىرىم ... بۇ تەنھالىقتا ئۆتكەن ھاياتىمنىڭ ئىشەنچلىك گۇۋاھچىسى.

ئىنساننىڭ ياشلىق باھارى پەقەت ۋە پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ئەي ياشلىق، سەن شۇ قەدەر گۈزەل ۋە قىممەتلىك، شۇنداقتىمۇ يەنە ساڭا مېنىڭ بەڭباشلىقىمۇ سىڭىپ كەتكەن. مەن پەقەت ئاشۇ بەڭباشلىقىمنى چۆرۈپ تاشلىيالىسامىلا ئۆزۈمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، جەمئىيەتتىكى ئورنۇمنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيمەن.

خىياللىرىم، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، قانداق ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم.بىراق مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، تۇرمۇش نۇرغۇنلىغان ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردىن تەركىب تاپقان ھەقىقىي بىر چىنلىقكەن. ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىز نەرسىلەرنى خاتىرىلەشمۇ، گۈزەل مەنزىرىلەرنى سىزىشمۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە باغلىق بىر ئىشكەن.

**(2)**

ئاھ، خىياللىرىم... ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟! مېنىڭ ئويلىغانلىرىم پەقەت سەن بىلەنلا ئاشكارا. چۈنكى، بۇ يولغا مەندىن باشقا ھېچ كىم ئۆز مەيلىچە قەدەم باسقان ئەمەس. راست، مەن بۇ يولنى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا يالغۇز بېسىش قارارىغا كەلدىم دېسەممۇ بولىدۇ. سەن ماڭا گۇۋاھچى بولۇشقا يارامسەن؟ سېنى مەندىن باشقا ئادەم زاتى كۆرەلمەيدۇ. چۈنكى، خىيال سۈرۈش ياخشى ئىش، ئازابلىنىش ياخشى ئىش ئەمەس.

خىياللىرىم، مەن ئويلاپ - ئويلاپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئەسلىدە سەن ماڭا گۇۋاھچىلىققا يارايدىكەنسەن. ھەر ئىككىلىمىزگە ئايانكى مەن سەممىي، ساددا، كىرسىز، پاك، ئېقىن سۇدەك راۋان، تەكرارلىنىش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان ھاياتىمنى، ئەخلاقىمنى ئۇلۇغلىدىم. ۋۇجۇدۇمدىكى سۆيگۈ گۈللىرى تېخى پۈرەكلەپ ئېچىلمىدى.

ئېنىقكى، مەن ماڭغان بۇ خىيال يوللىرىنىڭ بېشى بالىلىق تۇيغۇلىرىمدىن باشلانغان، قەيەردىن - قەيەرگىچە ماڭغىنىم تولغىرا، دەسلەپتە مەن ماڭغاندا بۇ يول بەكلا تار ئىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بو يول كېڭەيدى. ھارغىنلىق، ئۈمىدسىزلىك رىزقىمغا چاڭ سالدى. قىسقىسى ئەتراپىمدىكى مۇھىت، شەيئىلەر ماڭا تەسىر كۆرسەتتى. ئىدىيە بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئارىلىقى

(ئاخىرى 92 - بەتتە)

خەيرىگۈل قادىر

# مىللىي مەرىكىلىرىمىزنىڭ مەدەنىيلىكىنى يوقاتمايلى



ئۇيغۇر مىللىي مەرىكىلىرى ئۇزاق تارىختىن بۇ-
يان ئۆز مىللىي ئەنئەنىمىزگە ماس ھالدا ئۇيغۇر خەل-
قىنىڭ مېھماندوستلۇق، ئاق كۆڭۈللۈك، ئىناقلىق قا-
تارلىق گۈزەل خۇلقلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم-
لەپ،شەرق مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجى سۈپىتىدە ئىنسان-
يەت مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ كەلگەن.

مەسىلەن، نۇرغۇنلىغان تارىخىي ھېكايە - چۆ-
چەكلەردە مەلىكە - شاھزادىلەر توي قىلغاندا، قىرىق
كېچە - كۈندۈز توي قىلىدىغانلىقى، كىشىلەر توي ئۈ-
چۈن تەييارلانغان نازۇ نېمەتلەرگە خالىغانچە ئېغىز
تەگسە بولىدىغانلىقى، توي بولۇۋاتقان مەزگىلدە ھەتتا
زىنداندىكى مەھبۇسلارمۇ، قۇللارمۇ ئازاد قىلىنىدىغان-
لىقى سۆزلەنگەن.

ئۇنىڭسىزمۇ، ئۇيغۇرلار يېڭى ئۆي سالغاندا يېقىن
- يورۇق، دوست - بۇرادەرلىرى بۇ يېڭى ئۆيىنى پە-
تىلەپ، ھال سوراپ كېلىدىغان، ئۆينىڭ قۇرۇلمىسى،
پۇختىلىقى توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلەرنى
بېرىدىغان، قىيىنچىلىقلىرى بولسا بىرلىكتە ھەل قىلى-
دىغان، ئۆي ئىگىسى ئايالنىڭ قۇرۇلۇشچى، ياغاچچى
ئۇستىلارنى تاماقلاندۇرۇش جەھەتتە تارتىۋاتقان جا-
پالىرىغا ھېسداشلىق قىلىپ، ھەرخىل تاماقلارنى تەي-
يارلاپ يوقلاپ كېلىدىغان ياخشى ئادەتلەر داۋاملىشىپ
كەلگەن.

بىراق ھازىر تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى،
كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادقا بولغان كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگى-
رىشىگە ئەگىشىپ، توي - مەرىكىلەرگە بارغۇچىلار-
بىرخىل مەجبۇرىيەت ياكى ئالۋاڭنى ئادا قىلىش يۈزى-
سىدىنلا بارىدىغان، مەرىكىگە بېرىشتىن ئاۋۋال مەرى-
كە ئىگىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ھوقۇق - ئىمتى-
يازلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ بارىدىغان، مەرىكىگە ئاپار-
غان پۇلنىڭ ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر مەزگىل ئىچى-
دە ئۆز قولىغا قايتىپ كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقى-
نى قايتا - قايتا ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولۇۋالدى.

يېڭى سېلىنغان ئۆيلەرنى پەتىلەپ بارغاندا ئۆي
ئىگىسىگە نىسبەتەن سەممىي كۆڭلىنى يەتكۈزۈش، ھال
سوراش، ياخشى تىلەكلەرنى تىلەش ئۈچۈن ئەمەس،
بەلكى «يېڭى ئۆيىمىزنى مۇبارەكلەپ كەلمىدى» دەپ
يامانلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، «باشلىقىم ئىدى» دەپ
خۇشامەت قىلىش، يېڭى سېلىنغان ئۆينىڭ ھەشەمەتلىك
بېزەلگەن - بېزەلمىگەنلىكى، ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەن
ياكى كەتمىگەنلىكى، ياۋروپا ئۇسلۇبىدىمۇ ياكى كورې-
يە ئۇسلۇبىدىمۇ دېگەندەك ئادەمنى سەسكەندۈرىدى-
غان بولمىغۇر مەقسەتلەردە بارىدىغان، مەرىكە ئىگىلى-
رى بولسا بۇ مەرىكىنى يېقىن - يورۇق، دوست -
بۇرادەرلەرنى چىللاپ تازا بىر قويۇۋالىدىغان ياخشى
سودا پۇرسىتى دەپ بىلىدىغان، دۇنياغا كېلىپ بىرە
قېتىم سالاملىشىپ قويغانلارنىمۇ چاقىرىپ تۇرمۇش
رىتىمىنىڭ تېزلىكىدە ئۇلارغا بېسىم پەيدا قىلىدىغان،
لېكىن ئۇلار چاقىرغاندا، «تونۇمايمىز» دەپ بارماي-
دىغان نوچىلار كۆپەيمەكتە. مەرىكە بولۇۋاتقان سو-
رۇندا سورۇن ئەھلى (ساھىبخانا بولغۇچىلار) گۇ-
رۇھۋازلىق قىلىپ، ئۆز يېقىنلىرىنى ئايرىم مېھمان قى-
لىپ بىر - بىرىگە ياخشىچاق بولىدىغان، ئانچە تو-
نۇشلۇقى بولمىغان مېھمانلار بىلەن كارى بولمايدى-
غان، بىر داستىخاندا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى-
گە ئالاھىدە لېگەن - تاۋاقلاردا تاماق ئېلىپ كەلسە،

بەزىلىرىگە ئادەتتىكى لىگەنلەردە تاماق ئېلىپ كېلىپ، بۇ خىل پەرقلىق مۇئامىلە تۈپەيلى مەرىكە ئىگىسىگە ۋە ئۆزلىرىگە بىر مۇنچە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىدىغان، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر جەم بولۇپ، ھال - مۇڭ بولۇشىدىغان بۇ ياخشى سورۇننى بىر - بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان، كىيىم - كېچەكلىرىنى باھالايدىغان چاكىنا سورۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ.

يەنە تېخى بەزى كىشىلىرىمىز قىممەت باھادا بىنا ئۆي سېتىۋالغاندىن كېيىن بارلىق پايدىنى قۇرۇلۇش ھۆددىگەرىگە (ئۆي - مۈلۈك شىركىتىگە) ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، تارتقان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە «يېڭى ئۆي مەرىكىسى» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرىنى رېستورانلارغا چاقىرىدىغان، لېكىن مېھمانلار ئۆزلىرى مۇبارەكلەۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ زادى قاياقتا قارايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان، شەكلى ئۆزگەرگەن مەرىكىلىرىمىز ئاۋۇپ، تۇل - خوتۇن، يېتىم - يېسىرلارنى، كېسەل كارىۋىتىدا تولغۇنۇپ ياتقانلارنى يوقلاپ تەسەللى بېرىش ئېسىمىزگىمۇ كەلمەيۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق «كىشىلەر ئارىسىدا مېھىر - مۇھەببەت سۇسلىشىپ كېتىپ بارىدۇ» دېيىشكە نېمە ھەققىمىز بار؟

ئىشنى ئاۋۋال ئۆزىمىزدىن باشلىماي، ئاق - قارىنى سۈرۈشتە قىلمايلا قۇرۇق سۆلەتۋازلىق قىلىپ، مودا قوغلاشساق، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتسەك، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مېھىر - مۇھەببەتتىن، تارىختىن بۇيان خەلقىمىزنى تەسىرلەندۈرگەن ھەققىي مەنىدىكى كەڭ قورساقلىقتىن، مىللىي گۈزەللىكتىن، مىللىي ئەنئەنىدىن سۆز ئاچقىلى بولامتىمۇ؟

شەرق مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجى بولغان «ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى» بىزنىڭ قولىمىزدا ۋەيران بولسا بولمايدۇ. ئەكسىچە، بىز ئۇنى پەن - مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان يېڭى دەۋرگە ماس ھالدا تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ خۇش پۇراق ھىدىدىن بارچە خەلقنى ھۇزۇرلاندۇرۇشىمىز، مەرىكەلەردە ئەنئەنىنۋىلىككە، مېھماندوستلۇققا، مېھىر - مۇھەببەتكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، تۇل - خوتۇن، يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارغا خەيرخاھلىق قىلىشنى، ئۆز ئارا كۆيۈنۈش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك.

(بېشى 90 - بەتتە)

بىر خىل رىتىمغا، بىر ئىزغا چۈشۈپ قالدى. كېيىن شۇنى بىلدىمكى، كۆڭۈل ئارامىنى ئىزلىگەن جايلار كەڭرى ئازادە بولىدىكەن. مەن نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنىپ يەتتىم. كەڭرى - ئازادە جايلارنى ئىزدىمىدىم ئەمەس، ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئىزدىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدىم. نۇرغۇن يوللارنى ماڭدىم. ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتۈم. شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئادەملەرنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنى بىر - بىرى ئۆزگەرتەلمىگەنگە ئوخشاش مېنىڭمۇ ياشاش ئۇسۇلۇمنى باشقىلار ئۆزگەرتەلمىگۈدەك.مەن ھېچكىمنى چۈشەنمىمەن ھەم چۈشىنىشىم بەكلا كېچىكىپ باشلاندى. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار ماڭا پەسەنت قىلماسلىقى مۇمكىن؟ ئاھ خىياللىرىم! مەن پەقەت ئادەتتىكى بىر قىزچاق، سەن، پەقەت سەنلا ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلدىڭ مەن ھازىرغا قەدەر سەندەك بىر ساپ دىلكەش بىرىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. سەن مېنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىمنى، نېمە ئويلايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرىسەن. كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئەھۋاللارغا قارا: ئۇلار ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە. مەن ئۇلارنىڭ قانداق سىرلىرى بارلىقىنى بىلىپ بېقىشقا قادىر ئەمەس، مەن پەقەت ئۆزۈمگىلا مەسئۇل بولالايمەن.

(3)

ئاھ، خىياللىرىم! مەن ئەمدى مەۋجۇتلۇق ھەققىدە پەقەت مۇشۇنچىلىك سۆزلىيەلەيمەن. تەبىئىتىم ئاددىي بولغاچقا ئىپادىلەش ھەققىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنى زادىلا خالىمايمەن.چۈنكى، مېنىڭ خىياللىرىم پەقەت مەندەك بىر ئاددىي قىزچاقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھاياتىمنى بىھۇدە ۋاقىتنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇۋەتمىگىنىمگە، قىسقىسى، ئۆزۈمنى تونۇپ ياشىغىنىمدىن مەن تولىمۇ خۇشال ھەم ئۈمىدۋارمەن؟!...




# ئىنتىلىش ۋە ئەقىدە ھەققىدە تۇيغۇلىرىم

ئىنتىلىش سىزنىڭ
ئالغا قاراپ ئىلگىرىلە-
شىڭىزگە تۈرتكە بولىدى-
غان بىر خىل مەنىۋى
كۈچتۇر. يەر شارىدىن
ئىبارەت بۇ ھاياتلىق
ئوربىتىسىدا ياشاۋاتقان
ئىنساندىن ئىبارەت بۇ
مەۋجۇداتتا تۈرلۈك -
تۈمەن ئىنتىلىشلەر بول-
دۇ. ھەر بىر ئىنسان ئا-
شۇ ئىنتىلىشلار ئارقىلىق ئۆزۈلۈك يىغىۋاتقان چۈمۈلە-
لەرگە ئوخشاش جىددىي ھەم تەرتىپلىك ھالدا ھەرىكەت
قىلىدۇ. بەزىلەر ھە دېسىلا تۇرمۇشتىن نارازى بولۇپ،
مەيدىسىنى داق يەرگە چاپلاپ، ئۆزۈلۈپ كەتكىلى ئازلا
قالغاندەك تولغىنىپ، ئاھ - پەرياد چېكىپ ياشايدۇ. بۇ-
نىڭ تۈپ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسى-
يەسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدۇر. چۈنكى، تۇرمۇشنىڭ
ئۆزى بىر ئەينەك، ئەگەر سىز تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ
بۇ رەڭدار ئەينەككە كۈلۈپ قارىسىڭىز، ئەينەكتىن ئۆ-
زىڭىزنىڭ ئوماق، بىغۇبار چىرايىڭىزنى كۆرىسىز، ئەك-
سىچە ھۆمىيىپ قارىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ قورقۇنچلۇق
ئالۋاستى سۈپەت تەسۋىرىڭىزنى كۆرىسىز. ئەتراپىمىزغا
نەزەر سالساق، بىر قىسىم كىشىلەر ھە دېسىلا ئادەمدە
مۇئەييەن دەرىجىدە ئىنتىلىش بولسىلا ھەر قانداق ئىش-
نى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. مې-
نىڭچە، بۇ بىر تەرەپلىمە قاراش بولۇشى مۇمكىن. چۈن-
كى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىنتىلىشنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا
قويۇپ ئۆزۈكسىز ئىلگىرىلەيمەن دەيدىكەنسىز ئويلى-
مىغان نەتىجىگە ئېرىشىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بۇ ھالۋىنى
كۆپ يېسە زاڭ تېتىغانغا ئوخشاش بىر ئىش. مۇشۇ جە-
ھەتتىن ئالغاندا ئىنتىلىش مۇئەييەن ئەقىدە ئىچىدە بو-
لۇشى كېرەك. «ئەقىدە» دېگەن بۇ سۆز تىلغا ئېلىنسا
كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە
دەرھاللا دوستلۇق ئە-
قىدىسى، مۇھەببەتكە
بولغان ئەقىدە، قان -
قېرىنداشلىرىغا بولغان
ئەقىدىلەر ئەكس ئەتكەن
بولىدۇ. «ئەقىدە»
نۇرغۇن تەرەپلەرگە
چېتىلىدۇ. ئەقىدە
ئەخلاقىڭىزنىڭ چېگرا-
سىدىن چىقىپ كەتمە-
گەن، ۋىجدانىڭىز، غۇرۇرىڭىزغا يۈز كېلەلىگەن ئاساس-
تىكى گۆشتىن تۈرەلگەن يۈرىكىڭىزنىڭ نىداسى. ھەر
بىر ئادەمدە مۇئەييەن ئەقىدە بولىدۇ، لېكىن بەزىلەر
ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ھاۋايى - ھەۋەسكە بولغان ئىنتىلى-
شىنى دەپ قارا يۈزلەرچە ئۆز ئەقىدىسىنى كۆك قەرىگە
چۆرۈپ تاشلايدۇ، ياكى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋاتىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكىنىگە ئوخ-
شاش، ئەقىدىنىڭمۇ كۇرسى چۈشۈپ كېتىدۇ - دە، ئۇ
ۋۇجۇدىمىزدا بارغانسېرى سۇسلاپ كېتىدۇ. ئەقىدىنىڭ
سۇسلاپ كېتىشىدىكى تۈپكى سەۋەب ئىنتىلىشنىڭ توغرا
بولمىغانلىقىدىندۇر. ئەقىدىگە ۋاپا قىلالمىغان بىر كىشى
ۋىجدان ئازابى تارتىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپال-
ماي، يۈرىكى بىر خىل ئېچىنىشلىق رىتىمدا تىپىرلاپ،
ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولىدۇ. نەتىجىدە دۇنيانىڭ
گۈزەللىكىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنالماي تۇرۇپلا ۋاقىتسىز
خازان بولغان گۈلگە ئوخشاش بۇ دۇنيادىن ئارمان بى-
لەن خوشلىشىدۇ. ئىنتىلىش ۋە ئەقىدە كىشىلىك تۇر-
مۇشتا سىزنى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا باشلايدىغان قوش-
كېزەكلەردۇر. دەرۋەقە كىشىدە توختاۋسىز ئىنتىلىش
روھى بولغاندىلا، ئاندىن ھەركىم ئۆزىنى مۇكەممەللىك-
كە ئىگە قىلالايدۇ. لېكىن ئىنتىلىش مۇئەييەن چەك ئى-
چىدە بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۆزىنىڭ ئىنتىلىشىنى

دەپ ئۆزىنىڭ ساپ، بۈيۈك ئەقىدىسىنى قۇربان قىلىۋەتمەسلىك، ئىنتىلىشىنىلا مۇھىم، دەپ ئەقىدىگە سەل قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئەقىدە چىن يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان جۇشقۇن بىر كۆي، ئۇ كىشىگە چەكسىز گۈزەللىك ۋە بەخت ئاتا قىلالايدۇ. لېكىن «جاندىن كەچمىگىچە، جانانغا يەتكى بولمايدۇ» دەپ قاراپ ئۆز ئىنتىلىشىڭىز ئۈچۈن ئەقىدىڭىزنى بىر ياققا چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىڭىز كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ، ئۆزىڭىزچە ئالەمچە خۇشال بولۇپ كەتسىڭىز، بۇنداق خۇشاللىقىڭىز ئۇزۇنغا بارمايدۇ. چۈنكى، سىز ئاشۇ خۇشاللىقنى دەپ ۋاستە تاللىماي ئۆز ئەقىدىڭىزنى رەھىمسىزلەرچە قۇربان قىلىۋەتسىڭىز سىزدىكى ئەقىدە سىزدىن ئاللىبۇرۇن يىراقلاپ كەتكەن بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىز يەنە خۇشال بولالامسىز؟ خۇشال بولالىشىڭىز ناتايىن، چۈنكى سىزدىكى ئەقىدە، ئادىمىيلىك ئەخلاق ـ پەزىلەت سىزنىڭ تويماس نەپسىڭىز تۈپەيلىدىن سىقىپ چىقىرىش رېئاكسىيەسىدە ھاسىل بولىدىغان ھاسىلاتقا ئوخشاش ئاللىبۇرۇن سىقىپ چىقىرىلغان بولغاچقا، سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن ئۇنىڭ ئىزنالىرىنى تېپىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئادەمدە ئىنتىلىش بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئەقىدىمۇ كىشىلىك تۇمۇشتا كەم بولسا بولمايدۇ. بىز توغرا بولغان ئىنتىلىشنى توغرا بولغان ئەقىدە تەكشىلىكىدە ئېلىگىرىلىتەلىسەك، مۇقەررەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز، شۇنداقلا ۋىجدان تارازىسى ئالدىدا غال ـ غال تىترىمەستىن، تەمكىن تۇرالايمىز. ئىنتىلىش بىلەن ئەقىدە بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ. شۇڭا بىز چوقۇم ئىنتىلىش بىلەن ئەقىدىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھال قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

****************************************************

# ئورمىچىلار قوشىقى ــ چاگان

مۇھەررىردىن: ئورما مەزگىلىدە بىر قانچە ئائىلە دېھقانلىرى لاپقۇتلىشىپ ئورمىلىقتا چىقىدۇ. ئالدى بىلەن بىر مويسىپىت باش بولۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا (چاگان) قوشىقىنى باشلايدۇ. باشقىلار مويسىپىتنى چۆرىدەپ ئورغاقنىڭ بېشىنى بىر قولىدا، ئۇچىنى بىر قولىدا تۇتۇپ پۇلاڭلاتقان ھالدا مويسىپىتقا ئەگىشىپ قوشاق ئېيتىدۇ. ھەر سولنىڭ بېشىدا بىر قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ھەر قېتىمقىسى بىر ـ ئىككى كۇپلېت بىلەنلا چەكلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ ھاردۇقى چىقىپ روھلانغان ھالدا يېڭى سولغا چۇشۇپ كېتىدۇ.

يامان يولۋاس يولدا ياتىپ، چاگان...
شىرغا يول بەرمەس.
ئاتاسىدىن قاغىش ئالغان، چاگان...
ئىلگىرى كەلمەس .

ئېگىز تېرەك ۋاي جەگە سۆگەت، چاگان
موللىمىنىڭ باغى.
موللا كىشى ۋاي غەزەل ئوقۇسا، چاگان
يۈرەكىنىڭ داغى.

يەتتە بىلەن يۈگۈرۈپ چىقتىم، چاگان...
ئازما باشىغا،
سەككىز ئالما ۋاي بەرگەنلىرىم، چاگان...
زەنىڭدە تۇرسۇن.
قايرىپ ـ قايرىپ ۋاي سۆيگەنلىرىم چاگان...
يادىڭدا تۇرسۇن.

ئالتۇن تارتقان ۋاي تارازاڭدا چاگان...
يامبۇ تارتايمۇ؟
خانلار ياتقان يوتقانىڭدا، چاگان...
مەنمۇ ياتايمۇ.

ئاللا ئىگەم ۋاي بەندەم دېسە چاگان...
ئالتۇن جانىمنى،
خۇدايىمدىن ۋاي تىلەپ ئالاي، چاگان...
گاڭگۇڭ يارىمنى .

ئېگىز تاغنىڭ ۋاي ئۇيانىدا، چاگان...
ئۇلاي سايرايدۇ.
ئۇ سايرىغان ۋاي ئۇلاي ئەمەس چاگان...
يارىم چىللايدۇ.

(رەتلىگۈچى : **مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم**)

زەينۇنەم مەمتىمىن

# ئىككى شېئىر



## تاختا كۆۋرۈك

(كىرىيە تەسراتلىرى)

تاختا كۆۋرۈك كۆۋرۈك بېشىدا،
قونۇپ تۇرار ئەنە ھىلال ئاي.
بىر ياققىلا قىستالغان ھايات،
پەقەت سەندە كۆلۈپ ئولتۇرار.

مېھىر بىرىپ تۇرار ئەتراپقا،
يارا قاپلاپ كەتكەن يۈرىكىڭ.
ياشاش سەندە بۇنداق چىن بولسا،
نە ھاجىتى يەنە سېھىرنىڭ.

ئەڭ ئاخىرقى تۆمۈرچى بەلكى،
بىر تال چوغنى ۋىل - ۋىل چاقناتقان.
ئۆچۈرسۈنمۇ ۋەيا ئۇلغايتسۇن؟
ئىككىلىنىپ قىلدى بەك يامان.

يۇپقا ئاينى تۇتۇۋالغاندەك،
نان سېتىپتۇ ياپياش بىر جۇۋان.
ئىشلەتكەنمىش ئۇيغۇر تۇرۇچى،
- يەپ باقسىلا چىقتى ئۆز زۇۋان.

ئاھ،قېتىقچى سۇنغىن بۇياققا،
كۆڭلۈڭدەكلا پاكىز قېتىقنى.
كۆنىگىڭگە قوشۇپ قويدۇڭمۇ؟،
مۇساپىرغا قاياش مېھرىڭنى.

مۇزدەك سوغۇق قادا* ئىچسەكمۇ،
ئوت كەتتىغۇ يەنە يۈرەككە.
مۇز باغرىدا مۇزلىماي تۇرۇپ،
ئوتنى قوشۇپ بەرگەن ئىكەن - دە!

ھېچكىم بىلەن مۇڭداشماي تۇرۇپ،
تاختا كۆۋرۈك سەندە مۇڭداشتىم.
دىلكەشلەرگە ئىسسىق ھىجىيىپ،
جاراھەتلىك دىلدىن خوشلاشتىم.

## كونا كوچا

مەن بۇ كوچىغا كېلىپ باقمىغان ،
كۆز يېشىنى كۆرۈپ باقمىغان.
ھويلىسىنىڭ سوقما تېمىدىن،
قۇش بالىسى ئېلىپ باقمىغان.

ئەجەب تونۇش كۆرۈندى بۈگۈن،
قۇلۇپسىز ئەگىنى مومامنىڭكىدەك.
قوشنامنىڭ ئىشكى ھاڭغىرقاي تۇرۇپ،
مۇڭدىشىشقا چاڭقاپ تۇرغۇدەك.

ئانام كۆمگەن تىغدەك ئاچقۇچنى،
تاپقىنىمدا كېتەتتىم چوڭۇپ.
بولمىسىمۇ بودەك ئاق ئۆجمەم،
يەۋالاتتىم قانغۇدەك تويۇپ.

ئۆڭگەن زەدىۋال كۆرۈنگىنىدە ،
يۈرەككە لىقلىدى تاتلىق بىر مېھىر.
ماشىنا چىڭىدا تىترىگىنىدە،
ئاشكارا بوپ قالدى ئەلىمىڭ بىر - بىر.

ئۆتتىمۇ بېشىدىن ئېغىر كەچمىشلەر ،
جىمپىلا كىتىپسەن شۇنچىلىك تىمتاس.
سېنى تىڭشىماي ئۆتكىنى كىملەر،
مۇساپىر بالاڭغا تۆككىنە بىر ئاز.

# سالامنامە

ئابلىكىم تالىپ

### مۇقەددىمە

سالام يازدىم دوستلارغا،
يۈرىكىمنىڭ قېتىدىن.
يەتسۇن بېرىپ ئىزھارىم،
خوتەننىڭ ئەڭ چېتىدىن.

كېرىيەلىك ئەزىزلەر،
ساق-سالامەت بولۇڭلار.
يوللىرىدا ئىجادنىڭ،
خۇشاللىققا تولۇڭلار.

### رېھىم نىيازغا

قونغان چاغدا چېچىڭىزغا ئاق،
تىكلىدىڭىز «ئۆچمەس ئابىدە»*
كۆڭۈللەرگە«پۈتۈك»* پۈتتىڭىز،
ئەڭ قەدىمي دەريا لېۋىدە.

كېرىيەنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ،
ئەدىبلەرگە بولدىڭىز قانات.
زور ئۈمىدلەر كۈتىمىز سىزدىن،
قىزىلگۈلدەك چاقنسۇن«هايات»*

### مەتقاسىم ئابدۇراخمانغا

«پال قاپىقنىڭ سىرى»* ئېچىلىپ.
كۆكلەپ چىقتى «ئالتىنچى بارماق»*.
پەرۋاز قىلسا «ئىلچى بۈركۈتى»*،
ھېچكىم ئاڭا ئۇرالماس قاپقاق.

### مەمەتئەيسا قۇربانغا

دولقۇنلىسا «كېرىيە دەرياسى»*،
ئۆركىشىدە ئېقىپ كەلدىڭىز.
لاۋۇلدىغان يۈرىكىڭىزنى،
ئانا يەرگە يېقىپ كەلدىڭىز.

پەرۋىش قىلىپ يۇمران كۆچەتنى،
ئۈستۈردىڭىز قاتارغا قېتىپ.
ئۈزۈلمىگەي ئىلھاملىرىڭىز.
قالماڭ ھەرگىز غەپلەتكە پېتىپ.

### ياسىن زىلالغا

چېچىلغاچ يۈرەككە ئوتلۇق «مۇھەببەت»*،
باراقسان كۆكلىدى دىلدا «ساداقەت»*.
پۈتتىڭىز «ئانا»* دەپ بىر بۈيۈك داستان،
مەي باغلاپ بارغانچە ئەقىل - پاراسەت.

بەستىڭىز نامايان «قىرانىنامە»*دە،
تىلىڭىز سايرىدى «زىلالنامە»*دە
ئەزىمۇ «جۇدالىق»* سوغۇق شەھەردە،
چاقنايسىز ھەر دائىم ئەلنىڭ قەلبىدە.

### مەتتۇرسۇن سۇلايمانغا

قالدى «ئىككى تەقۋادار»*،
شۇ «يامغۇرلۇق گۈگۈم»دا*.
رومان سۇنۇڭ بىزلەرگە،
تۇنجۇقتۇرماي تۇلۇمدا.

### ئوبۇل ھاشىمغا

كېزىپ چىقىپ تەكلىماكاننى،
سۆزلىدىڭىز ئەلگە «رىۋايەت»*،
كۆرەلمىسەك يېڭى ئەسەرنى،
سىز ھەققىدە بولار شىكايەت.

### مەتسېلىم مەتقاسىمغا

سۆرۈن تەلەت قىش كەتسە،
«باھار يەنە كېلىدۇ»*.
«تۇردى ھاجى»* تېۋىپنى،
ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

جان دوستىمىز مەتسېلىم،
چوقۇم رومان پۈتىدۇ.
بۇ ئارزۇنى بىز ئەمەس،
ئەل - ئاۋامۇ كۈتىدۇ.

## مەمەت بارات تەشنائىي

سىز «تۇمانلىق كېچە»* دە
«ئەسسالام»* دەڭ ھاياتقا،
ئۇ «كوچا»* دىن قايتسىڭىز ،
ئېرىشسىز قاناتقا.

مۇقام پىرى «مۆجىزى»*
كۆتەر سىزنى بەزمىدە.
دوستۇم بىلىپ مەن سىزنى
چاقچاق قىلدىم نەزمىدە.

## مەتتۇرسۇن ئوبولقاسىمغا

تۇغۇپ بەردى«بۇ شۇنداق جاھان»*،
دوستۇم ساڭا «ئوتلۇق نەپەسلەر»*.
ئەل قەلبىگە چۆكتۈردى سىنى،
قايناپ تۇرغان ئەزگۈ ھەۋەسلەر.

چىللاردائىم ئىجاد جېڭىگە،
چىراي ئېچىپ «قىزارغان ئۇپۇق»*.
قەلىمىڭنى توختاتما ھەرگىز،
يوللىرىڭغا ياپاي مەن يوپۇق.

## ئەنۋەر تاشتۆمۈرگە

دىدى ماڭا «تەنھا قىز»*،
«كىملىكمنى سورىما»*.
باراي ئامان مەنزىلگە،
يوللىرىمنى تورىما.

ساقلار «قەلب ئەركىسى»*،
مىنى دەريا بويىدا.
كۆرۈشەيلى بىر كۈنى،
بويتاقلارنىڭ تويىدا.

## مەتقاسىم مەتنىياز

«ئارخېئولوگنىڭ خاتىرىسى»*
ئۆزۈن بولدى پۈتكىلى.
نېچۈن يېڭى ئەسەر يوق،
نەۋاق سىزنى كۈتكىلى.

## ئابدۇرېشات مۇساجان توغرولغا

دىگەنتىڭىز «باشلىق كېلىدۇ»*،
«مەن تەرجىمان»*، ئاڭلاپ قىلىڭلار.
راست،باشلىقمۇ كېلىپ دىيىشتى،
ئىتىزلىقتا «زاغۇن»* تېرىڭلار.

باشلىق كەتسە ئەشئارنى تاشلاپ،
مىراسلارغا تۇتۇش قىلدىڭىز.
تەتقىقاتنى ئۇشبۇ ھاياتتا،
شېئىردىنمۇ موھىم بىلدىڭىز.

## مەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللاغا

«كاككۇك گۈلى ئېچىلغان دالا»*
كۆتتى ئۇزاق «سالى بوۋاي» نى.
«قىزىل ئالما»* پىشقان باغلارغا
قويۇۋىتىڭ تەنھا تورغاينى.

## ئايىمنىسا سۇلايمان

تۆت پەسىلنىڭ ھەر بىر كۈندە،
كۆيۈپ تۇرار دىلدا «ئوت پەسلى»*.
كۆرۈنمەيسىز مەتبۇئاتلاردا،
ئاچتىڭىزمۇ شەھەردە يەسلى.

## مەتسەيدى مەتقاسىمغا

ئاقلىدىڭىز ئۇمىدنى ئەل - يۇرتنىڭ.
داستان يېزىپ «مەھمۇد» بوۋام ھەققىدە،
قەلىمىڭىز ھېرىپ قالماي چاپسىلا،
چاقنىغايسىز ئىجادىيەت كۆكىدە.

## ھەببە مەمەتئەيساغا

ئېسىمىزدىن چىقمىدى «سەيدەك»*،
دىدارىنى كۆرستىپ پات - پات،
سىزنىڭ قىلغان پەرۋازىڭىزدىن،
قىزىلگۈلگە پۈركەنسۇن ھايات.

## بۇخەلچەم تۇردىغا

يېزىپ كۈندە لىرىكا،
مىنى ئويغا سالدىڭىز.

خىيالىمغا ئوت قويۇپ،
چۈشلىرىمدە قالدىڭىز.

### ئەنۋەر مەتسەيدىگە

«قاراقىر»دا پىياز تېرىپ، باي بولۇپ،
ئالمىدىڭىز قولىڭىزغا قەلەمنى.
سۇباشلىماي ئېتىزىڭغا ئىجادنىڭ،
بىركۈنلەردە يۇتۇپ قالماڭ ئەلەمنى.

### خاتىمە

چىگىلمىسۇن كۆڭلۈڭلار،
تېگىپ كەتسە چاقچىقىم.
چاقچىقىمنىڭ تېگىدە،
بار سىلەرگە تاتلىقىم.

دوستلىرىمغا ھەردائىم
بەخت ـ ئامەت ياربولسۇن،
رىشتىمىزنى باغلاشقا،
يۈرەكلەردە تار بولسۇن.

# شەنبىدە

(ساتىرا)

**ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل**

قاچانلاردا دەم ئېلىش بولغاي نېسىپ شەنبىدە؟
مەرىكىگە كۆپ چېپىپ كەتتىم ھېرىپ شەنبىدە.

ئىدى ئەسلىي دەم ئېلىش، بولدى ئەمدى غەم سېلىش،
تۆكمە بولۇپ مەرىكە كەتتى سېسىپ شەنبىدە.

"شېكەر شەنبە" ئىدى ئۇ، "زەھەر شەنبە" بولدىغۇ،
يانچۇق كولاپ غەم بىلەن يۈردۈم كېزىپ شەنبىدە.

ئۈچ كۈن بۇرۇن تۇشمۇ تۇش باغاق ياغار يامغۇردەك،
كۆپلۈكىدىن باغاقنىڭ كەتتىم ئېزىپ شەنبىدە.

سالام قىلىپ ئۆتكەننىڭ جازاسىمۇ بىلمىدىم،
ئانام ـ ئاتام كۆرمىگەن باغاق يېزىپ شەنبىدە.

پاتماي قالسا شەنبىگە يەكشەنبە بار توۋسى،
نۆۋەت بىلەن بەسلىشىپ قاتار تىزىپ شەنبىدە.

نەۋرە ـ چەۋرە تويلىرى، بۆشۈك توي، قۇلاق تەشمە ...
قۇرۇدى يانچۇق مانا قويماي بىرىپ شەنبىدە.

بوۋاي ـ مو[illegible]يلىرى، خە[illegible] توي ھەم غۇنچە تى[illegible]
تۇغۇلغان كۈن، [illegible]رگەن كۈن ... قالدۇق چېنىپ شەنبىدە.

ئۆي سالسىمۇ مۇبارەك، ئۆي ئالسىمۇ مۇبارەك،
ئۆيدىن ئۆيگە كۆچسىمۇ تەبرىك قىلىپ شەنبىدە.

ئۆگزە ئالسا بىنادىن مۇبارەككە قاتارى،
ئېلىپ سېتىپ تاپاۋەت كەتتى قىزىپ شەنبىدە.

بازار تېپىپ باغاقچى زاۋۇت قۇردى باسارغا،
بىزگە داپ يۈز ئارقىلىق قىممەت سېتىپ شەنبىدە.

كۆپەيگەنچە مەرىكە ئېشىپ باردى سوۋغىتى،
مائاش قانچە؟ پۇل قانچە؟ غەمگە پېتىپ شەنبىدە.

مەرىكىمۇ، تىجارەت، ئادەتمۇ يا تاپاۋەت،
بۇ قىلىقلار چېكىدىن كەتتى ئېشىپ شەنبىدە.

مۇبارەكلەش ئۆز ئارا بولغان تۈزۈك ئەمەسمۇ؟
نە ئىش خەقنى غۇدۇرىتىش، نىزا تېرىپ شەنبىدە.

ئازدۇق، ئەمدى ئازمايلى، باغاقنى كۆپ يازمايلى،
ئەخلاق بىلەن يۈرەككە قولنى سېلىپ شەنبىدە.

ئۆي يۈكى [illegible] يېتەر كۈلپەت، بولدى بەس!
[illegible] ياشايلى ئارام ئېلىپ شەنبىدە.

---

ئىزاھات: * بەلگىسى قويۇلغانلىرى ئاپتورلارنىڭ شۇنامىلىق ئەسەرلىرىنى كۆر سىتىدۇ.

# لىرىكىلار

ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك

## يۈرىكىمدە قالدى ئاۋازىڭ

(كېرىيە خەلق ناخشىچىلىرىغا بېغىشلايمەن)

تۈنلەرنىڭ باغرىنى تەشكەندە ئۈنۈڭ،
يۈرەكنىڭ بېغىشى كۆيدى «پىژ» قىلىپ.
چۈشكەندە ناخشاڭدىن ئازاب تورۇكلاپ،
كەتتى ئاھ،كۆڭۈلگە يالقۇن چېچىلىپ.
پەسلىدى يۇلتۇزلار توپىمۇ بۇكەچ،
قەلبىدىن ھەسرەتنى تورۇتماق بولۇپ.
ۋەلېكىن شۇمشىيىپ قالدى بارخانلار،
سىلىنغاچ شورباسقان قەلبىگە قولۇپ.
بەختىۋر بىز ئۈچۈن بۇقۇلدىغان تار،
قالمىسۇن ھەر ئەسنا ئاۋازىڭ پەسلەپ.
مەردلەرنىڭ كۆكسىدە چېلىنسىمۇ داپ،
يېرىلماس بەك ئاسان، (كەتمە ئەنسىرەپ.)
كۆيلىرىڭ پەر قېقىپ تۇرسۇن ئەبەدىي،
كۆي دېگەن ئۇيغۇرغا قىلدۇ شىپاھ.
داۋۇتجان خۇش بولسۇن شاگىرتلىرىدىن،
ئالقىشقا كۆمۈلۈپ،كۆمۈلۈپ ياشا.

1995 - يىلى 24 - ئۆكتەبىر، كېرىيە - لەڭگەر.

## كۆيۈك لىرىكىسى

ئازابقا چىلىنىپ مۇھەببەت ئۈچۈن،
كۆيگەنلەر مەن ئۈچۈن شۇنچە قەدىرداں.
قارساك لاۋۇلداپ كۆيگەن يۈرەكنىڭ،
چېچەكى لېۋىدە كۆلەر گۈلستان.
ھاياتنىڭ باغرىدا پىلتىڭلاپ ئېقىپ،
كۆيگەنلەر مەن ئۈچۈن شۇنچە قەدىرداں.
پاكلىغاچ ئالەمنى كۆزيېشى بىلەن،
تاڭلارغا تۇغىدۇ ئۇلار بىگۇمان.
شەيتاننىڭ چۈشنى قىلىپ مالىمان،
كۆيگەنلەر مەن ئۈچۈن شۇنچە قەدىرداں.
كۆيۈشنىڭ تىلىنى بىلەلمەي تۇرۇپ،
بەختكە چۆمۈلدۇم دېگىنىڭ يالغان.
قۇچاقلاپ سۆيگۈنى بولسىمۇ ھىجران،
كۆيگەنلەر مەن ئۈچۈن شۇنچە قەدىرداں.
«نەدە سەن لەھەت» دەپ يۈگۈرگەن تۈزۈك،
قەلبىڭدىن بىخلىنىپ چىقمىسا گۈلخان.

## ئاشۇ جايدا بىر قىزچاق بار مەن سۆيەلمىگەن

قىزىلگۈلدەك پورەك - پورەك ئېچىلىپ تۇرۇپ ،
ئاي يۈزۈنغان كۆل بويىدا سۆھبەتلەر قۇرۇپ.
قاقشال شاخقا يۈمران - يۈمران باھار قوندۇرۇپ،
ئاشۇجايدا بىر قىزچاق بار مەن سۆيەلمىگەن.
بۇدۇر چاچلىق قاينامالاردا پىلتىڭلاپ ئېقىپ،
مۇھەببەتنىڭ بۆشۈكىدە چاقماقلار چېقىپ.
چىدىماسلار يۈرىكىگە مىڭ تال مىخ قېقىپ،
ئاشۇ جايدا بىر قىزچاق بار مەن سۆيەلمىگەن.
كەچ كۈزدىكى ئۆرۈكلەرنىڭ ياپرىقىسمان،
ھەر كۆرگەندە چوغ چاچرىتىپ زىننەختىن ھامان.
ۋە شۇكۇتۇپ زىمىستاننىڭ باغرىغا گۈلخان،
ئاشۇجايدا بىرقىزچاق بار مەن سۆيەلمىگەن.

## دىلبەر خاتىرىسىگە

يىنىك - يىنىك چايقالغاندا پىيالەڭ،
كىچەر بەلكىم خىيالىڭدىن ئاپپاق قار.
كەچمىشلەرنىڭ بەرگىگە قاراپ باقساڭ،
سەن ئوتلىغان جايدا مىنىڭ يىشىم بار.
ئېرىشكەننى بەخت دەپ ئويلىما،
سۇبھى بەزى ئازابتىنمۇ تۇغۇلار.
دۇنيا دېگەن سۆيۈلگەننىڭ، سۆيگەننىڭ،
يۈتكۈزگەننى بىلسەڭ يۈرەك بوغلار.

## كۆتەرمىنى...

كۆتەرمىنى تەنها ئورۇندۇق،
كۆتەرمىنى ياپپىشىل ئورمان.

كۆتەرمىنى يىگانە بۇلبۇل،
كۆتەرمىنى چاكقىغان ئۇكيان.
كۆتەرمىنى تەنھا ئورۇندۇق،
كۆتەرمىنى تاتلىق پىچىرلاش.
كۆتەرمىنى ئۇماق تۇمۇچۇق،

كۆتەرمىنى چوغدەك يىلىنجاش.
كۆتەرمىنى شېرىن كېچىلەر،
كۆتەرمىنى يۇمران بىر قانات.
كۆتەرمىنى ئۇياتچان سەھەر،
كۆتەرمىنى كىشنەپ ئاق بوز ئات.

# ئۇزارماقتا كۆلەڭگەم جىمجىت

**مەلىكە مۇھەممەت ئايزىت**

## سىر بولۇپ چۈشلەر قالدى ئۇزاقتا

سۈۋادان قارايدۇ بۇلاققا جىمجىت،
ئايدىڭ يوق ،قاراڭغۇ يوللار سۈكۈتتە.
كېلەر ئەتراپتىن زىرىنىڭ ھىدى،
ئەسلەندىم شۇ دەم ئېيۇن كۈنگە.

ماكمەن تۇتۇپ چوغنى قولۇمدا،
ئوت كەتمىدى ئۇ، بەلكىم مۆجىزە.
ئاتەش تىنىقلار يانغىن بولغان چاغ،
تەرلەپ ھاياجان سىڭدى ئۆزىگە.

سېغىنىش ئىزدىدىم ئۇزۇن يوللاردىن،
ھىجراننى ئېپ كەلدى گۈزەل تولۇن ئاي.
ئاسمانغا قاراپ يىرتسام خىيالنى،
سەن يوق يېنىمدا قەيەرگە باراي؟

تىۋىشلار تونۇش، يولىمىز ئۇزۇن،
قايتتۇق كەلمىگەن يول بىلەن ئاستا.
ئويغاق چۈش كۆردۇق ئاخىرقى كېچە،
سىر بولۇپ چۈشلەر قالدى ئۇزاقتا.

## جىمجىت سېغىنىش

بۇلۇتلۇق ئاسمانغا سۈكۈتتە بېقىپ،
ئۆزۈمچە سېغىندىم مەن يەنە سېنى.
سەن يەنە چىقتىڭ ئۆيۈڭدىن ئېغىر،
شامالار سۆيمەكتە ئاياغ ئىزىڭنى.

سۇرۇلدى بۇلۇتلار سەزگەنسەن بەلكىم،
بىر تامچە دوملاپ ئېسىلدى شاخقا.
پەردەڭنى ئاۋايلاپ چۈشۈردۈڭ ئاستا،
كۆڭۈلنىڭ كۆزىدىن قاراپ يىراققا.

يامغۇرنى تەبرىكلەپ چىقتىم ئۆيۈمدىن،
پەلەمپەي سۇندۇردى مەغرۇرلۇقمىنى.
كۆڭلۈكۈم ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ ئۆيۈمدە،
شامالدا ئۇچاردىم قول ياغلىقمىنى .

يولۇمغا يىغلىدى يامغۇر سۇلىرى،
پاشنىلىق ئاياغتا كەچتىم يامغۇرنى.
خىيالدەك يېنىمغا قاردىم ئىتتىك،
تاردى چېچىمنى شامالنىڭ قولى.

## سۈۋادانلىق كونا ئۇزۇن يول

يېشىل ياپراق قىزارغان كۈنى ،
سۆيۈۋالدىم ئۇنى ئاۋايلاپ.
خىيالىمغا لىرىك ئېلىنىپ ،
يۈرەكلىرىم كەتتى ھالسىراپ.

سۈۋادانلىق كونا ئۇزۇن يول،
جۈپ ئىزلارغا قارايدۇ يانداپ.
ياغلىقنى شامالدا قوغلاپ ،
بىر قىز كېلەر يوللارنى چىڭداپ.

ياغلىقنى يىتتۈرگەن قاچان؟
ئىچ - ئىچىنى ئۆرتەيدۇ ئازاب.
يالاڭ ئاياغ قالدى كەچمىشى،
دېڭىزدەكلا ئۆزىگە تاراپ.

ئەركىلەيدۇ ياپراق شامالغا،
دەرەخلەرنىڭ كۆزلىرىدە ياش،

ئەسلىمىلەر ئىچىدە قالدىم،
يىراقلارغا ئېتىپ كىچىك تاش.

### ئۆزلىرىمىزدىن گۈلەڭگەم جىمجىت

ئورمانلىقتا يۈردۈم يېگانە،
تاپالمىدىم ئىككى دەرەخنى.
ئۆزارماقتا كۆلەڭگەم جىمجىت،
ئارا يولغا تۆكۈپ دەردىنى.

بۇلاقلارنىڭ ئېلىپ سىرىنى ،
سۇرمە تارتتىم كۆزۈمگە تىنىق.

ئىسمىم ئويغان دەرەخ غوللىرى،
كەچمىشلەرگە شاھىتتۇر ئېنىق.

گۆگۈم قالغان ئورمان باغرىدىن ،
قايتتىم ئۇدۇل بۇلاق بېشىغا.
سۇۋادانىنىڭ سىلاپ غولىنى،
سۆيۈپ قويدۇم ئۆزۈمنى ئاستا.

پۈتۈپ قويدۇم ئاخىرقى نەزمە،
مەن ئىزدىگەن دەرەخ تىلىدا.
چاچلىرىنى ئۆرۈپ مەجنۇنتال،
قالدى غېرىب ئەينەك ئالدىدا.

# شېئىرلار

رىسالەت مەردان

### قاراڭغۇلۇق ئىچىدە

قاراڭغۇلۇق كىچىنىڭ جاراھىتى (1)
مەن قاراڭغۇلۇقنىڭ كۆزى،
بىر قولدۇر، ئۇ بىر قول،
قاراڭغۇلۇقتىن ماڭا سوزۇلغان.
يېرىم كېچىدە،
تاشتەك قاتتىق خىيال ئىچىدىن،
تارتىپ چىقتىم ئۆزۈمنى جىمجىت.
قاراڭغۇ تۈن قىستالماقتا،
دېرىزەمنى چېكەر تۈن كۈيى،
مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ،
بېشىمنى قىسايتىپ،
قاراپ قويدۇم قارا كېچىگە،
مۈشۈك بار يا يوقلۇقنى بىلمەك بولۇپ،
بىر تال سۈزۈك ئەسلىمە،
ئېقىپ كىرەر مېڭەمگە،
ئۇيقۇ پەرىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ،
كۆمۈش رەڭ تۇيغۇ،
كۆمۈش رەڭ مىسرالار،
تىزىلىدۇ قارا كېچىدە،
جاراھەتنىڭ ئاغزىدىن ئاققان،
بىر تامچە كۆز يېشىدەك ۋە ياكى،
بىر ئادەمنىڭ قاراڭغۇ كۆڭلىرىدەك،
ئاھ قارا تۈن،
مېھرىم بىلەن سېنى سىلىدىم،
سىلىدىم ھەتتا جاراھىتىڭنى.
(1) بۇ خەيزىنىڭ مىسراسى

### باھادىرنامە

مەن ھازىر ئۆزۈمنى شائىر دەپ ئويلىماس بولدۇم
تەبئەت يازغان مىسرالارغا باققان چېغىمدا
ئۆزۈمدىكى بارلىق ئەسلىمە تىكەنلىرىنى يۇلۇپ ئېلىۋەتتىم
كەلگۈسى قانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ
مەن ياپىرىم... جەمشىت دەپ تۇرمۇش تاۋىكاسىدا يەڭ تۈرگەن بولسامۇ
بىرەر مىسرا شېئىرىمدا ئۆزۈمنى قالدۇرمىدىم.
مەن شائىر ئەمەس
شېئىر مىسرالىرى قولۇمدىن چىقىپ كەتسىلا
ئاق قۇ قانىتىغا پۈتۈلسىمۇ
يۇندى كۆلچىكىگە چۈشۈپ كەتسىمۇ
سەھەردىكى كۆكتات ساتقۇچىنىڭ سېۋىتىدە ئۇخلاپ قالسىمۇ
ئۇ مېنىڭ ئەمەس باشقىلارنىڭ بولىدۇ.

مەن ئۆزۈمنى شائىر ھېسابلىمايمەن

باھادىرنامىنى ئوقۇيمەن
بىر تال قەنت سالغان قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرۇپ
قۇياش نۇرىنى تاماشا قىلىمەن
ئاندىن ئىسقىرتقىنىمچە ئۆيگە كىرىپ
ئۆزۈم ئۈچۈن بىر مىسرا يازىمەن...
پەقەت بىر مىسرا.

## كېچىنىڭ خىيالى

مەن مۇجۇقلاپ تۇتقان نەرسە ئۆزۈمنىڭ يۈرىكى،
مەن كۈتكەن نەرسە ئۆزۈمنىڭ ئۈمىدسىزلىكى،
مەن بىزار بولغان نەرسە دەل ئۆزۈمنىڭ ئەسەبىيلىكى،
بىر تال ياپراقتەك ياكى ئاي نۇرىدەك،
مېنىڭ ھاياتىمغا نۇرىنى چاچقان،
مېنىڭ ئۈمىدلىرىم ياكى ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى.

ئۆتمۈشتە،
سۇزۇلغاندا يىراققا قەدەر،
مەن ھېچنېمىنى ئويلىمىغان،
ھېچنېمىنى ئەسلىمىگەن،
پەقەت بىر تال، بىر تال ياپراقتەك،
شېخىمدا كۆكلەشنى ئۈمىد قىلغان.

ئازاب دەرىخى،
باشقا دەرەخلەرگە ئوخشاشلا كۆكلەيدۇ،
مېنىڭ تېنىمدە يىلتىز تارتىدۇ،
مېنىڭ كۆزلىرىمگە سۇ ياشلايدۇ،
مېنىڭ يۈرىكىمگە زەيكەش ياسايدۇ.
بىر تال تىترىگەن ياپراق،
مېنىڭ قەلبىمدىن ماكان ئىزدەيدۇ،
مەن كېچىنى ئۇيقۇسىز ھالدا تۇغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ،
گۈزەل چۈشلىرىمنىڭ تۇزانىنى ئىزلەيمەن.
ئۇلار ئاللىقاچان يوق،
ئۇلار رېئاللىققا قايتىپ بولدى،

كېچىدە قالغىنى پەقەت،
ئۆزۈمنىڭ جىمجىت قاراڭغۇلۇقتىكى سايىسى.

## دادا سېنى سېغىندىم

دادا سېنى بەكلا سېغىندىم،
كۆز ياش بولۇپ بالقىدى ئازاب.
مەيدەمدە بىر نەرسە كۆيدى لەپىلدەپ،
تېلېفوندا ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ.

دادا، دادا، جان دادا،
ئېسىڭدە بارمۇ مەن تۇغۇلغان چاغ.
خۇش بولغانمۇ شۇ كۈنى بەكلا،
قوللىرىڭدا ۋىلىقلاپ كۈلسەم،
كېتەر دېگەنمۇ يىراق - يىراققا.

سەن يەنىلا ئۈمىد ئىلكىدە،
سەن يەنىلا مەندەك سەپرا.
سەن يەنىلا قىرىق ياشلىقتەك،
ئېتىزلاردىن كەلمەيسەن يانا.

دادا سېنى سېغىندىم بەكلا،
كۆز يېشىمدا يازدىم مىسرا.
سېغىنىشتا ئۆكسۈيمەن ئۇزاق،
سالامەت بول دەيمەن پەقەتلا.

## ھەسرەت

### مۇھەممەت مۇسا

كەلدىم بۇ ئاخشام دەريا بويىغا،
غېرىبلىق باستى مىسكىن دىلىمنى.
قارىدىم يارىم مەھەللەڭ تامان،
مۇھەببەت ئوتى قىيناپ جېنىمنى.

بىلمىدىڭ زىنھار كۆيدى يۈرىكىم،
سېغىنىش بىلەن ئۆتمەكتە كۈنلەر.
كەلدىم بۇ ئاخشام دەريا بويىغا،
سەنمۇ كەلسەڭچۇ ئەي گۈزەل دىلبەر.

ئاھ بۈگۈن ئەجەب قالدىم ئەلەمدە،
سېنى كۆرەلمەي چەكتىم دەرد - پىغان.
سەندىن باشقىغا زىنھار مەيلىم يوق،
ئاڭا گۇۋاھتۇر يەر بىلەن ئاسمان.

# ئانا تىلىم

ئابدۇغېنى تۇرسۇن

مۇقەددەس ماڭا چىن ئانا تىلىم،
جىسمىمدا ئاققان قىپقىزىل قېنىم.
زاتىمنى بىلسەم يورۇيدۇ دىلىم،
ئەي ئانا تىلىم، سەن مېنىڭ جېنىم.

بوۋام يۈسۈفنىڭ يازغان خەتلىرى،
تونۇشلۇق ماڭا ھەر بىر بەتلىرى.
ئەدەپلىك بولغىن دېگەن گەپلىرى،
مۇقەددەس ماڭا چىن ئانا تىلىم.

كاشغەرىي يازدى مۇقەددەس كىتاب،
يۈسۈف خاس ھاجىپ ئوتلۇق بىر كىتاب.
ئانا تىلنى بىلمىگەن بىتاپ،
مۇقەددەس ماڭا چىن ئانا تىلىم.

ئۆتكۈر ئەپەندى بىر ئۆمۈر سۆزلەپ،
كارۋان يولىدىن ئىزلارنى ئىزدەپ.
يازدى تەۋەررۇك، يىراقنى كۆزلەپ،
مۇقەددەس ماڭا چىن ئانا تىلىم.

شائىر ئىبلىيىف زامانغا باقتى،
«تۆگمەس ناخشا» قۇلاققا ياقتى.
نەزم كۈيلىرى تومۇردا ئاقتى،
مۇقەددەس ماڭا چىن ئانا تىلىم.

نىمشېھىت يازدى ئۆزىنىڭ تىلىدا،
قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ دىلىدا.
پۈتتى بىر ئەسەر «بىلىم ئىشقىدا»
مۇقەددەس ماڭا چىن ئانا تىلىم.

مەڭلەشخان دېمەك كېرىيە سەنئىمى،
دۇتارى تەڭكەش قادىر رەھىمى.
سازەندە دىلكەش ئۆتتى سەمىمىي،
مۇقەددەس ماڭا چىن ئانا تىلىم.

# كېچە ئۈزۈلمەس بىر كۈي

پەرھات كازىم

## ئاۋغۇست ۋە يامغۇر

دېڭىزدىن سۇ توشۇپ ھارغان بۇلۇتلار،
ئۈنچە - مارجان ئويىندى كۆكتە،
ئۈنچە تىزغۇسى كېلىپتۇ ،
ئالتۇن توقۇشلۇق قىزىل بۆككە.
چۆمۈچى بىلەن سۇ سەپىسچۇ بىردەم
چېلەكى بىلەن چاچىسچۇ بىر رەت
ئىسسىق، بەڭباش شامالار قامچىلاپ
ئېلىپ كەتتى تاغلار تەرەپكە.

گۈللەر بەرگىدە يالتىرىغان،
ياپراق يۈزىدە چاقنىغان،
بۇلۇتلارنىڭ ئۈنچىسى ئىدى.

قۇشقاچلارنىڭ يېقىا ئۆتكۈزۈپ
بويىنغا رەت - رەت ئاسقۇسى بار.
ئانا تۇپراق قوينىغا سېلىپ
ئىسسىق قوينىدا ساقلىغۇسى بار.
ئالتۇن يېپنى بەرگەندە قۇياش
قالدى ئارماندا گۈل، تۇپراق.
بويىنغا ئاسالماي تىزىق - تىزىق
ئۈنچە مارجاننى چەكتى پىراق.

## كۈز شۈمشەيدى

كۈز ھاياجانلىنىپ كەلمەكتە بۇ يان
غازاڭلىق يوللاردا ئالتۇن كەش كىيىپ.

كەتتى ياز، قول پۇلاڭلىتىپ خوش ئېيتىپ،
سارغايغان ياپراقلارغا يىشىنى سۇرتۇپ.
كۆز كەبى سۇزۇك ھەم تىنىق كۆللەردە،
يۇيۇنۇپ، تارىنىپ مېھرلىك كۇلۇپ.

باغلاردىن گۈپۈلدەپ ھەسەل پۇرايدۇ،
يۇرەكنى ياشارتىپ، دىماقنى يېرىپ.
ساي - سايلاردا كۆكتاش، قورام تاش،
كۆزلىرى نەملىنىپ، يۇرىكى ئېرىپ.

كۆرەڭ كۈز كەلمەكتە خاندەك جابدۇنۇپ،
باغ، ئېتىز، تاغلارغا قاپىقىن تۈرۈپ.
باش چايقاپ بۇلۇتلار كەينىگە مۆكتى،
مېھرى ئوت، قەلبى ئوت، زەر قۇياش كۈلۈپ.

ئات سىلىپ كەلمەكتە ئەنە قىش بوۋاي،
كۈز ئىسنى تاپقۇچە قالدى شۈمشىيىپ.

## كېچە ئۈزۈلمەس بىر كۈي

ئاي ئالتۇن بارماقلىرى بىلەن
ئاستا قايرىدى تۈن پەردىسنى.

تاغلار دۈم يېتىپ كەتكەن ئۈيقۇغا،
شاۋقۇن سىلىپ ئاققان دەريالار ئويغاق.
بەخت ناخشىسى ئېيتىدۇ غەمسىز
سۆيگۈگە لىق تولغان گۈلچىمەن قىرغاق.
ئېتىزدا، باغدا ئوينار شاماللار
گۈل - چېچەك ئەترىنى چېچىپ ساماغا.
ئۆگزىدە ياتىمەن غەمسىز مۈشۈكتەك،
ئۈزەي دەپ تەلمۈرۈپ سامان يولىغا.
چاۋاكنى جىق چالغان ياپراقلار
ئالقىنى سارغىيىپ تۆكۈلەر يەرگە.
ئېھ، سېنىڭ ئالدىڭغا بېرىپ قالسام گەر،
جەزمەن چۆممەن قارا تەرگە.
يىراقتا خاماندا سايرايدۇ ھۇۋقۇش،
چۈنچىلەردىن كېلەر شېرىن تەم.
ياق، مۈكچىيىپ كېلىدۇ يىللار كارۋىنى،
ھەر ئىككى بېشىغا ئارتقىنىچە غەم.
كېچىنىڭ باغرىغا قانمايدۇ ھەر جان،
كېچىگە قانماستىن ئاتار يەنە تاڭ.
كېچە مېنىڭ قەلبىمدە
ئەڭ تاتلىق، ئەڭ قىسقا بىر كۈي، بىر ئاھاڭ.
سۆيىمەن كېچىنى، سۆيىمەن دىلدىن
مەنمۇ دەپ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ
ئاي ئالتۇن بارماقلىرى بىلەن
ئاستا قايرىدى تۈن پەردىسنى.

# شېئىرلار

**ئابدۇراخمان مەتنۇرى**

## مەن سىز بىلەن .....

بىر شېرىن ئاۋازنىڭ ئىلھامى بىلەن ،
ئېتىلىپ چىقتى ئىچىمدىن قورقۇش .
چۆكمەكتىمەن كۆز ياشلىرىمغا ،
ئېرىشكىنىم بەلكىم يوقىتىش .

مەن ئۆزۈمگە بولمەن غەرق ،
قەلبىمدىكى ئازاب بىلەن تەڭ.
تەبىر بېرىش مۇمكىنمۇ ئاخىر؟
نەپرەت، شەپقەت بىر - بىرىدىن كەڭ .

مەشتىكى ئوتتەك كۆيۈپ تۈگەيمەن ،
ئىسسىتىپ بولۇپ تىنىقىڭىزنى .
مەن بوراندەك ۋەھشىيلىك بىلەن ،
ئاچسام دەيمەن ئەسلىي شۇ سىزنى.

مەن ئاھاڭى بۇزۇلغان ناخشا ،
پەقەت سىزلا ئېيتمىغاچ مېنى .
بىز بىر شېئىر ، تېخى پۈتمىگەن ،
يازالايمىز بىر - بىرىمىزنى .

توكلۇق هارۋا كىراكشىدەك ،
ھەممە يەرنى يۇرەرمەن ئەگىپ.

ئىزدىسىڭىز قەبرىستان ئارا ،
مېنىڭ خادىم كەتكەن كۆكرىپ.

مەن كېرىيە دەرياسى ،
ئېقىپ تۇرىمەن پات ـ پات يۆتكىلىپ.
مەن بىر ئاقساقال ،
ئاگاھ بول! دەيمەن قەستەن يۆتىلىپ.

## ۋارقىراپ كېچىنىڭ گىلرەك ئاۋازى

ۋارقىراپ كېچىنىڭ گىلرەك ئاۋازى ،
قۇياشنى بويىدى قىپقىزىل قانغا .
پەقەتلا قالمىسا ياشاشتىن ئۈمىد ،
ئايلىنىپ قالدۇ ئۇلۇمۇ جانغا .

ياشىغۇك كېلدۇ ھاياتقا تېتىپ ،
غۇرۇرۇك بېغىغا ئېتىلغاندا تاش .
ئەقىدەڭنى قىلار دەپسەندە ،
بۇ ھاياتتىن ئۆكۈنۈش ـ ۋايساش.

كېتەر گاھى تۇرمۇشنىڭ ئاھى ،
ساتار كۆيىدەك ئەتراپقا تاراپ .
بىز ھاياتلىق پەلسەپىسىنى ،
ئوقۇماقتىمىز كۈندە ۋاراقلاپ .

دېرىزىسىز تاملارغا قاراپ
شۆرلاپ كەلدىم شېئىرلىرىمغا ،
شارقىراتمىدەك ئۈزۈن بىر چۈشنى.
نېمنى ئەسلەشنى نېمنى ئۇنتۇشنى.

گىلەمنىڭ رەڭمۇرەڭ گۈللىرى ئارا ،
بىر شېرىن خەرىتە سىزدىم ئاخىرى .
ۋەج نېمە بىلمىدىم ئىزىم ئۈستىگە ،
چۈشۈۋاتىمەن دەسسىگەنسىرى .

توپا باسقان مۇھەببىتىمدە ،
كوچىلارغا قارايمەن غەمكىن .
قارىمىسا خۇشالمەن ھېچكىم .

ھېسداشلىقنى ھېس قىلالمىسام ،
شېئىرىمغا چۆكەرمەن تولۇق .
دېرىزىسىز تاملارغا قاراپ ،
دەيمەن دۇنيا بەك قاراڭغۇلۇق .

قېنىمنىڭ رەڭگىدىن گۇمان قىلغاندەك،
شېئىرلىرىمنى ئوقۇما ھارغىن .
چىقىپ كەت ئەمدى ئوقۇرمەن !
ئىچىڭدىكى قاراڭغۇلۇقتىن .

ئۇھ! مەن بەك ھېرىپ كەتتىم ،
شېئىرىمغا كىرىپ كەتتىم .
نەتىجىسى ئوخشاش بولسىمۇ ،
بۈگۈن مۇرادىمغا يەتتىم.

# ئاشىق ھەسرىتى

رۇستەم ئابدۇللا

بەخت ئىزدەپ يۇرسەم يىگانە،
بەخت سىياق كۆرۈندۈك جانان.
نە سەۋەب تۇيۇقسىز كەتتىڭ ۋەيەنە؟
سىرىڭنى مەندىن يوشۇرۇپ پىنھان.

غەملەر يۇتۇپ، كۆزياشلار تۆكۈپ،
يۇرۇشۇمگە بولدى نە سەۋەب؟
ئەمدى بىلسەم ئاددىيلا جاۋاب،
يىغلايدىكەن يۇرەك سىنى دەپ.

تاشلاپ كېتىپ يۇرسەك بىپەرۋا،
يۇرەك ـ باغرىم بولدى جاراھەت.
مەيلى مېنى ئۇنتۇپ كەت جېنىم،
لېكىن سىنى ئەسلەرمەن ئەبەت.

قەلبىم قالدى ھەسرەت ـ پىغاندا،
باھارىمنىڭ سولدى باغلىرى.
ھەممە نەرسە يوقالدى لېكىن،
قالدى پەقەت سۆيگۈ ھەسرىتى.

# ئىككى سائىرا

مەمتىمىن تۇرسۇن

## ئۆي بېزەپ

مەن ئۆزۈمنى شاھ ياراتتىم ئۆي بېزەپ،
بەك ئۇزاق كۈچنى خۇراتتىم ئۆي بېزەپ،
تىلغىغاچ دىلنى ھەشەمەت خەنجىرى،
ئاھ ئەجەب بىر دەردنى تارتتىم ئۆي بېزەپ.

بىر كۈنى قوشنام ئۆيگە چىللىدى،
ئۆي بېزەپتۇ ئاھ، يۈرەكنى تىلغىدى.
دۇم يېتىپ خوتۇن ھەسەتتىن يىغلىدى،
قايتىدىن نىكاھنى چاتتىم ئۆي بېزەپ.

قۇلىقىمغا كىرمەي ئاتامنىڭ كاھىشى،
ئۆي بېزەش دېدىم ئۆزۈمنىڭ خاھىشى.
رام قىلىپ ياتنىڭ ئۆيۈمنى مارىلىشى،
بىر تالاي قەرزگە پاتتىم ئۆي بېزەپ.

ئۆي بېزەپمۇ چىقمىدى ھېچ ھاردۇقۇم،
ئۆيگە لايىق بولمىغاچقا جابدۇقۇم،
بانكىغا چاپقۇزدى قايتا ساندۇقۇم،
بەك يامان پاتقاققا پاتتىم ئۆي بېزەپ.

ئۇچرىغانغا قىپ سالام مەن ئېگىلىپ،
خۇددى «ئالتۇن چىشلىق ئىت» تەك ھىجىيىپ،
ئۆي چىيىمنى يۇتكۈزۈپلا گىدىيىپ،
ئەسلى - ۋەسلىمنى يوقاتتىم ئۆي بېزەپ.

ئۆي بېزەلدى، تامنى ئاسراپ تۇتمىدۇق،
گاھى چاينى كەلسە - كەلمەس يۇتمىدۇق.
پۇلنى ئاسراپ ئاستا ماڭدۇق ئۇخلىدۇق،
مەن گويا زىنداندا ياتتىم ئۆي بېزەپ.

دوستلىرىم سىز ئۆيلىرىمنى كۆرسىڭىز،
غەيۋەتىمدە شاھ قەسىر دەپ يۇرسىڭىز،
شۇندىلا ئاچچىق يۇتۇپ تېز ئۆلسىڭىز،
مەن پۇخادىن پاھ چىقاتتىم ئۆي بېزەپ.

## ئۆي چىيى

ئاھ ،ئادەمنى ئەجەبمۇ زېرىكتۈردىڭ ئۆي چىيى،
شوخلۇقۇمنى ئۆلتۈرۈپ تېرىكتۈردىڭ ئۆي چىيى،
خەق ئۆي ئالسا قەرز قىپ مەن تارتامدىم دەردىنى،
شۇ قەرزگە مېنىمۇ چېتىشتۇردۇڭ ئۆي چىيى.

بارچە ئىنسان ئالەمدىن ئۆي - ماكانسىز ئۆتكەندەك،
سەن ئالەمدە تۇنجى بوپ ئۆينى ئىجاد ئەتكەندەك،
ھەم ئۆزۈڭچە زېمىندىن مارس تامان كۆچكەندەك،
ھەشەمەتكە ئات سېلىپ چېپىشتۇردۇڭ ئۆي چىيى.

بوۋام دەيتتى ئۆي كۆچسەڭ كەم قىلمىغىن نەزىرنى،
داۋام ئېتىپ كەلگەنتى داداممۇ شۇ پەرزنى،
ئەمدى ساڭا كەلگەندە دەستەك قىلىپ قەرزنى،
ئاشۇ ئېسىل ئادەتنى پىلىشتۇردۇڭ ئۆي چىيى.

كەم نەرسەڭنى بىراۋغا سېلىق سېلىپ تاپتۇرۇپ،
ئۇيالمىدىڭ نومۇستىن ئىككى قولۇڭ ساق تۇرۇپ،
ئۆتۈپ قالغان بەش پۇلۇڭ باردەك بىزنى ئاختۇرۇپ،
ئاجىز جاننى ئەجەبمۇ قىيىشتۇردۇڭ ئۆي چىيى.

قاتار چايدا سۇندۇرۇپ قازان - قومۇچ، چىنەمنى،
توي چىيىڭدا ئېپ كەتتىڭ ئۆيۈمدىكى گىلەمنى،
ئۆي چىيى دەپ ساتقۇزۇپ ئەمدى سافا، شىرەمنى،
قېلىنلىق قىپ ئۆيۈڭنى قىقىشتۇردۇڭ ئۆي چىيى.

ھەقلىق دېسەڭ گۈل تۇتۇش تۆت ئېغىز ئۆي سالغانغا،
نېمە دەيمىز ئۆمرىدە ئاتمىش خامان ئالغانغا،
يۇلۇققاندا ئۆلمەمدۇق شەھەر ئالغان پالۋانغا،
شۇ پالۋانغا ئۆزۈڭنى سىلىشتۇردۇڭ ئۆي چىيى.




ھېلىلا ئۇچۇق تۇرغان كۆك ئاسمان سەتھىدە كىر سۇيدەك تۇتۇق دولقۇنسىمان قارا بۇلۇتلار بىر - بىرىگە مەھكەم يېپىشىپ، ئالدىراشلىق ئىلكىدە تىپىرلاۋاتقان بۇ شەھەرنى ئاستا - ئاستا چۈمكەشكە باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ئادەمگە راھەت بېغىشلىغۇچى سەلكىن شامال پەيدا بولدى.

كوچىدىكى يىگىت يەنە شۇ چىملىققا يېتىپ كەلدى. ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما، تەقدىر بۇ چىملىقنى يەنىلا شۇ پېتى ساقلىغان ئىدى. سان - ساناقسىز ئەسلىمىلەر، ئۇنتۇلماس ئازاب، ھىجرانلارنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان زېمىن ئانىنىڭ كىندىكىدەك خىلۋەت، ئەمما، مېھرلىك بۇ چىملىق يەنىلا شۇ پېتى ئىدى. پەقەت ئىلگىرىكى قوپال تاش ئورۇندۇقلارنىڭ ئورنىغا ئەمدىلىكتە سېمونت لاي بىلەن ئېتىلگەن ئورۇندۇقلار ئالماشقان، ئىلگىرىكى كۆنلۈك ئورنىدا سالپىيىپ تۇرغان مەجنۇنتاللارنىڭ ئورنىنى يەنىلا شۇ ھەيكەلتىراشلارنىڭ ئەپلىك قولى بىلەن ياسالغان كاكتۇس يوپۇرماقلىرى ئىگىلىگەن ئىدى.

يىگىت سالماق قەدەملىرى بىلەن قىرقىلىپ كۆتمەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يېشىللىقنى يوقاتمىغان چىملىقتا ئاستا ماڭاتتى. نىشان — كۆز ئالدىدىكى ئوتتاش بولۇپ، يېنىۋاتقان گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولسىمۇ، يۈزۈر كىينىگەن، ھايات بورانلىرىنىڭ ئەللەيلىشىدە ئەمدىلا تولۇپ ھەقىقىي بىر ئانىنىڭ سىياقىغا كىرگەن ئايال، ياق، قىز ئىدى.

قىزمۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ھەر بىر چىمچىقلىشىدا بىر پارچە ئوت چاچرىتىپ ئاشىق يۈرەكلەرنى كۆل قىلىپ تاشلايدىغان قارا بۇلاق كۆزلەردىن ئاجايىپ بىر تەلپۈنۈش، ئېچىرقاش دولقۇنلىرى كۆۋەجەپ سۆزۈك ياش تامچىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — يىگىتنىڭ تەمكىن بۇ سالىمى ئۆزىنى يىگىت باغرىغا ئېتىشقا تەمشەلگەن قىزنى مەڭدىتىپ قويدى. مەڭدىتىپ قويدىلا ئەمەس، قەلبىدىكى غايىبانە تەنتەك ھېسسىياتىنى بېسىقتۇرۇپ، بىر ئايالغا، يەنى ئاللىقاچان شەرمى - ھايالىق بىر مېھرىبان ئانىغا ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. بۇ ... بۇ سەنمۇ؟

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەينى يىللاردا يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ، تالاي كېچىلەرنى بىدارلىققا مۇپتىلا قىلغان، يىللاردىن بېرى خىياللىرىنى ئوغرىلاپ قاچقان ئاق سۆزۈك شوخ يىگىت ئەمەس، قويۇق ساقال باسقان، ئېغىر، جاپالىق ئەمگەك تەسىرىدىن پىشسىپ، تولۇق يېتىلگەن ئېغىر - بېسىق بىر ئىشلەمچى كۆز ئالدىدا تۇرغىنىدىن ھەيران بولماقتا ئىدى.

ئۇلار ئىككىلا كىشى ئاران پاتىدىغان ئورۇندۇقتا ياندىشىپ ئولتۇردى. كۆزلەر يىراق ئۇپۇققا تىكىلگەن ئىدى. تەپەككۇرلار ئۆلگەن. بۇ كۆزلەر تۇتۇق بۇلۇتلار قاپلىغان ئۇپۇقتىن ئەينى يىللاردا پاتقان قىزىل قۇياشنى ئىزدەشمەكتە. يۈرەكلەر بۇلدۇقلاپ ياش تۆكمەكتە. ۋۇجۇدلار روھلىرىدىن ئايرىلغانىدەك سوغۇق - سوغۇق تىترىمەكتە.

يىگىتنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلدى. قەلبىدە «مېنى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم سۆيۈپ قوي!» دەپ كۆز چاناقلىرىدىن ياش تۆكۈپ تىترەپ تۇرغان زىلۋا، ناتىۋان، سولغۇن بىر ۋۇجۇد. «ماڭا، بەخت تىلىگىن» دەپ يالۋۇرۇۋاتقان

سولغۇن بىر سىما بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

— سەن يۇرتۇڭغا كەتكەنغۇ؟ — قىز ئويغاندى، — ئاڭلىسام ئۆزۈڭ ئارزۇ قىلغان ئىشقا ئېرىشىپتىكەنسەنغۇ؟

— ھەئە ... شۇنداق...

— نېمە بولۇپ بۇ يەردە ئىشلەپ قالدىڭ.

— بىلمەيمەن. ئەمما، ھازىر مۇشۇ ياخشى.

— نېمىشقا ؟

— ئەركىن. ۋەھىمە، قورقۇنچ، بۇرۇقتۇرمىلىق يوق. پىكىرلىرىم ئەركىن، ئۆزۈمگىلا... — يىگىت نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولدى - يۇ، ئاخىرىنى دېمەسلىككە تايىن تاپتى. قىز يىگىتكە تىكىلگىنىچە تويماي قاراپ - قاراپ ئولتۇراتتى.

— مەن ساڭا مۇشۇنداق قاراپ ئولتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم. رازىمۇ سەن؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— بۇ مۇمكىنمۇ؟

— ...

يىگىت ئۆزىنىڭ خىيالىدىن قورقۇپ كەتتى ۋە سۇرۇلۇپ خېلىدىن بىرى بىر - بىرىگە تېگىشىپ تۇرغان مۈرىلەرنى ئاستا ئاجراتتى. قىز بۈگۈنگە ۋە يەنە ئەتىگە قايتتى. يىگىت خىيالچان كۆزلىرىنى مۆلىنىپ ياتقان زېمىنغا، توغرىسى، ئۇپۇققا تىكتى.

— مەن سېنىڭ خاتىرىلىرىڭنى كىتاب قىلىپ رەتلەپ نەشرىياتقا بەردىم. پات ئارىدا نەشردىن چىقىدۇ. رازىمۇسەن؟

— نېمىشقا؟ — يىگىت قىزغا لەپپىدە يۈزلەندى - يۇ، لېكىن تېزلا كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى.

— مەن سېنىڭ يۈرىكىڭدىن چىققان بۇ ئۇچقۇنلىرىڭدىن يالغۇز ھۇزۇرلانغاندىن كۆپچىلىك بىلەن بىرگە ھۇزۇرلانغان ياخشى دەپ ئويلىدىم. مەن چالالمىغان يۈرەك تارلىرىڭنى باشقىلار چېلىپ بولغاندۇ؟

— بەلكىم...

— مەن قايتىشىم كېرەك، — قەلبىدە «مېنى كۈتۈۋاتقان بىر ئائىلە بار» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— ...

— مەن ئەتە قايتماقچى. ئېھتىمال، ئەمدى مەڭگۈ كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. سەن بۇنىڭدىن ئەپسۇسلانامسەن؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى، بۇ زېمىندا سېنىڭ ماڭىلا مەنسۇپ قېلىپ قالدۇرغان قەدەم ئىزلىرىڭ بار. مەن بۇ زېمىننى ياخشى كۆرىمەن. ئەتە يامغۇر توختايدۇ. ھاۋا ئېچىلىدۇ. مەن ئەڭ ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ تۇرۇپ بۇ چىملىقتا قاقاھلاپ كۈلىمەن. چۈنكى، سېنىڭ جىسمىڭ بولمىسىمۇ، روھىڭ يەنىلا يېنىمدا بار. مەن جىسمىڭدىن كۆرە روھىڭغا ئامراق. چۈنكى، روھىڭدا ھىجران يوق...

يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. قىز تېز - تېز قەدەم تاشلاپ شەھەرنىڭ ئادەمسىز كوچىسىغا قاراپ ماڭدى. يىگىت كۆكۈم پەرەنجىسىگە ئورالغان قۇرۇلۇش مەيدانىغا قاراپ ئاستا يول ئالدى. يامغۇر تامچىلىرى يىگىتنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلماقتا ئىدى.

# سەھرا قىزى

**ئېلى مەتسەيدى**

سەھرا قىزى بويلىرىڭ زىلۋا،
چاچلىرىڭدا ئوينايدۇ شامال.
ساڭا كۆيگەن ئوتلۇق يۈرەكلەر،
ئىزلىرىڭدا بولىدۇ مالال.

جىگدىلىكتىن يېلىم كولايسەن،
خامانلاردا قىلىسەن پەرۋاز.
سەن سەھرانىڭ گۈلى، يۇلتۇزى،
كۆزلىرىڭدە مىڭ جىلۋە، مىڭ ناز.

ئېتىزلاردا ئىشلەيسەن ھەركۈن،
شوخ ناخشاڭنى ياڭرىتىپ لەرزان.
سەن ئەزەلدىن ۋاپاسى باقمىدىڭ،
ئەجرىڭ بىلەن چۆللەردە بوستان.

گۈل كەشتىلەپ ھارمايسەن ھەركۈن،
يارنىڭ ئىشقى قەلبىڭدە پەۋەس.
بارچە ھايا، پاكلىق ساڭا يار،
تەرىپىڭگە سۆزلەر ماس كەلمەس.




— ۋاي - ۋۇي، بىجەن سۇنجاڭ، نېمە ئۆچەك-شىلا ئۇ ئېشەك بىلەن. چىقسىلا پاسارلىقتىن، مايەرنىڭ توپىسى يۇمشاقراقكەن.

— ئوھوي... كۆرمەمدىغان ما كارامەتنى، كىمنى خىيال قىلسا شۇ كەپتۇردىغان، بىسمىللا... بۇ يېقىنداق، سالامەتمۇ ئۆزلىرى، ئەبەي ئەپەندى.

— ئىنشائاللا... ئوبدان تۇرۇپلا، قارىسام ئېشەككە گەپ قىلىۋاتقاندەك قىللا، گەپلىرنى ئاڭلىمايۋاتامدۇ نېمە؟...

— ھا - ھا - ھا - ئېشەك دېگەن يامان كاساپەتكەن، ئوتى بار نېمىكەن بۇ، دېھقان خەققە نېمە چىقسا يۈكنى شۇ كۆتۈرىدىكەن.

— شۇنداق، كىچىك چاغلىرىدىمۇ ئىنىلىرىنى مەكتەپكە چاقىرغىلى كەلسەم، ئۇنى ئېلىپ قاچمەن دەپ ئۆزلىرى مۇشۇنداق بىر ئېشەككە مىنىپ قېچىپ تىك موللاق چۈشكەنتىلە، دوملاپ - دوملاپ بېرىپ خېلى نېرىدىن قوپقان.

— يائاللا... نەۋاقتىدىكى گەپ ئۇ؟

— ئەللىك يىلنىڭ نېرىراقىغۇ دەيمەن، شۇ خىيالىمغا يەتسىلا ئىختىيارسىز سىلىنى ئەسلەپ قالىمەن.

— چاقچاقتا تولىمۇ ئۇستا - سىلى جۇمۇ، ئەبەي ئەپەندى، بۇرۇنقا تۈك ئۈنمىگەن چاغلار ئىدى ئۇ.

— تۈك ئۈندى، ئاقاردى، شۇ ئىش ئىبرەت بولماپتىكەن سىلىگە.

— ئۇ چاغنىڭ ئېشەكلىرى شۇنداق كېرىلىدىغان بولسا قۇيرۇقى شىندەك قاتاتتى. مۇنداق سالپى ئەمەس، دىڭ تۇرىدىغان، مىنگىلى بولمىغان، مىنسەڭ يا چۈشكىلى، يا توختىغىلى بولمىغان...

— سەكرەپلا ئۇ قاشتىن - بۇ قاتقا ئاتلىغان، پەخەس تۇرمىساڭ دۈلۈڭدىن تېخى چىشلەپمۇ ئالغان.

— ھە دەپ بولغىچە چاچراپلا تۇراتتى.

— راست - راست، يۈگەنسىز تاشقىرىغا ئەپچىققىلمۇ بولمايتتى.

— ئۇنداق ئېشەكلەر يوق ھازىر، سوبو، خولا، بەكمۇ بوشاڭ، سۇغا تېزەكلەيدۇ، چاترىقىنى بىر كېرىۋالسا چارەكلەپ سىيىپ زادى يىغقىلى ئۇنىمايدۇ، ئۇنىڭغا تۈگۈل نەدە ئاتقىمۇ يۈگەن بۈگۈنكى كۈندە.

— ئايغىنى بەرمەيدۇ دېسىلە.

— قەدىمى يوق، كۆۋرۈكتىنغۇ ئۆتكىلى ئۇنىمايدۇ. نىقتىسا ئۈچ قەدەمدە سوكۇلداپ بىر توختايدۇ.

— ھە، بىجەن سۇنجاڭ، يەم - بوغۇزى كەملىكتىنمىدۇ يا بۇ.

— بوغۇزنىغۇ بولۇشچە يەيدۇ. شۇنچە يېسىمۇ قارنىمىلا مۈگۈدەپ تۇرغىنىنى، بىر - تولا ھاللازلاپ قويۇشنىمۇ بىلمەيدۇ.

— ھاڭگىرىغۇسى باردەكمۇ قىلىدۇ.

— نەدىكىنى، ئۇزۇن بوپتۇ ئېشەك ھاڭگىرىغىنى ئاڭلانمىغىلى، سىلىنىڭ تەۋەدە ئاڭلىنامدۇ - يا، ئەبەي

ئەپەندى؟

— يوغسۇ - يوغسۇ، مەنمۇ ئاڭلىمىدىم، ئىلگىرى-سىدىغۇ كۈنى - تۈنى ئىشەك ھاڭراپ قۇلاقنى ھېچنىمە ئاڭلاتمايتتى، يەر ماتاپ زادى تۈرغىلى ئۇنىمايتتى.

— زۇۋانىدىن كېتىپ قورسىقىغىنا يۇغىنىدىغۇ، ھارامزادىلەرنىڭ.

— ئالەم بارغانسېرى قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاۋازى يەتمىسە كېرەك.

— قىزسا ياخشى ئەمەسمۇ، ئوغۇل بالىغىمۇ ئاپ-تاپ پايدا قىلىدۇ.

— ياق - ياق، ئۇنداق ئەمەس، قورسىقىغا ياغ ئالغىنى بىلەن پايدىسىنى كۆرەلمەيدۇ، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكىنى بۇ.

— نېمىسى بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، ئەبەي ئەپەندى؟

— ئاتموسفېرا بۇلغاندى، ئاسماننىڭ ئوزۇن قات-لىمى تېشىلىپ كەتتى دېيىشىدۇ.

— تېشىلىپ كەتتى؟... ئوزۇن قاتلىمى نېمىدۇر ئۇ؟...

— زېمىننى ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ زىيىنىدىن ساقلاپ تۇرىدىغان يوتقان ئىكەن.

— ئەستەغپۇرۇللا... يامان بوپتۇ، يامغىلى بول-ماسمۇ؟

— مۇھت يامايدۇ، مۇھتنى ئادەملەر ئاپىرىدە قىلىدۇ، دەيدۇ.

— توۋا، ئالەم شۇڭا ئىسسىپ كېتىپتىكەنا ...!

— ئىسسىۋېرىپ تاغنىڭ قار-مۇزلىرى نېپىزلىشىپ كەتتى. جىلغا ئەركەك سۇ ئاز ھازىرنىڭ ئۆزىدە.

— ھە - ھە، بىلدىم، بۇلاق سۈيى، قۇدۇق سۈيى دېگەنغۇ چىشى سۇ ئىكەن. ماۋۇ گايىت ساماساق ئوغلى-نىڭ خوتۇنىدىن قېچىپ يۈرۈشى شۇنىڭدىن ئىكەن - دە.

— گايىت ساماساقنىڭ ئوغلىغا نېمە بوپتىكەن؟

— ئىلگىرىسىدىغۇ بالىلىرىنى ئۆيلەپ قويساق ئۆيىدىن خوتۇن قېچىپ تۇرمايتتى.

— ياق - ياق، گايىت ساماساقنىڭ ئوغلىغا نېمە بوپتىكەن؟

— جاھان كېزىپ نە - نەلەردە يۈرۈپ بىر قىزغا ئۇچرىشىپ قاپتىكەن، قېچىپ كەپتۇ. يۇمىلاققىنە قىز ئىكەن، قوغلاپ كېلىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن تويىنى قىپقويغىدەك. ئەسلىدىمۇ خوتۇندىن قورقۇپ چىقىپ كەتكەن ئەركەكتى - ئۇ.

— ھە راست، سۇنجاڭلىق ھېلىمۇ سىلىدە تۇرغان بولسا «كۆزگى تېرىيتتىم» دەپ مۇنداقمۇ جاپا تارتىپ يۈرمەيتتىلىكەن مانا.

— نەدىكىنى «سۇنجاڭ» لىق ئاتامدىن مىراس قالغان لەقەم ئىكەن ماڭا، شۇنداق گەپكەن، سىلىمۇ يول توسۇپ قارا دوسكا ئوقۇتۇپ «ئەپەندى» ئاتال-غانلىرىغا ئوخشاش.

— ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ھەركىتىدى ئۇ، بىر قانچە ھەپتە بالىمۇ ئوقۇتقان.

— ھېلىغىچە مەكتەپ چۆرگىلەپ تۇرغان بولسىلا ئايلىق يەپ تۇراتتىلىكەن تازا.

— شۈكرى — شۈكرى، ياشلىقىمىز كېتىپ قالدى. قېرىپ قالدۇق. قويسىلا يەرنى، باللار- نەۋرىلەر تې-رىسۇن ئەمدى.

— بازا - تۈزدە ئۈنى - بۇنى يەپسالدىكەن، دىلى قويمايدىكەن بۇلار.

— نوقۇيلى، دەس تۇرسۇن.

— ئاۋازى پەس، خېلى ئۇزۇندا ھە دەيدىكەن.

— دېمىسىمۇ ئەجەب تىنچلىنىپ كەتتى ئالەم، تالا - تۈزدە ناخشا - ياخشىمۇ ئاڭلانمايدىغان بولۇپ كەتتى.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئىلگىرىسىدە ئىككى زاغرا يەۋالغان ئوغۇل بالا ناخشا ئېيتىپ تالادىن كىرمەيتتى. بۈرۈت، تەلپەكنى قىڭلاپ تۇرالمايدىغان. ئەمدى كاۋاپ يېسىمۇ ئۈن يوق.

— ئۈن دېگەن شۇ چاغدىكەن؛ داپ، دۇتار، نەغ-مە - ناخشا، تەرەپ - تەرەپ ئوتتۇنچىنىڭ، ئورمىچە-نىڭ، ئېتىزچى - يولچىنىڭ ناخشىسى...

— ئويۇنلىرىغۇ جىق، رامزان، توپ، چاكان، توي، چۆچۈرە، مارجان دەپ خېلى نۇرغۇن قوشاقلىرى-مۇ بار تېخى. ناخشىغا كەلسە تىرىنقىمىزدا چاك چىقىرى-دىغانلاردىنتۇق بىزمۇ، بۇ كەمنىڭ باللىرى ئۈنئالغۇ ئالدىغا بىرىپلا ئۇخلايدۇ.

— ئىشقىلىپ ئېتىزلىق دېگەندە ناخشا ئاڭلىنىپ تۇرسا ياخشىدى.

— شۇ - دە، كۆڭۈل ياشىرىپلا تۇراتتى.

— قوغۇنمىدى تېرىغان يەرلىرى ئەسلىي؟

— نىسپى قوغۇن ئىدى، پىلەك - كۆكتات لاۋزىلىشىپ قالدىمۇ نېمە، مېۋە - چېۋىنىڭمۇ تەمى يوق، قوغۇن - تاۋۇز تازا تاتلىق ئوخشىمىدى، يۇلۇۋەتتۇق.

— راست - راست، ھىزىر قوغۇن - تاۋۇز بەتتەملىشىپ كەتتى.

— سىلىمۇ تېرىپ بولغانلا بوغدايلىرىنى.

— ئازراق قالغان. مۇشۇغىنا ئەمەستۇ تېرىغانلىرى.

— بىر ياپ تۈزدىمۇ بار. سۈيىگە ئەپ دەيدۇ، تۈتاش تېرىتقۇزىدۇ، گايىت ساماساق بىلەن ئېتىز قوشنا.

— نېمە قىلالا بۇنچە تېرىپ، يا ئاشلىقنى تۈزۈۋكرەك پۇلغا ئالمىسا.

— ئۇ تەرەپتىكىسىنى كېلىشىگە ساتىمەن، مۇنۇسىنى ئوزۇق قىلىمەن.

— خامان ئىككىكەن بۇ تۇرقى، نېمى بىر ئاز كېتىپ قاپتۇ، قاچان سالغان بۇ يەرگە ئورۇقنى؟

— ئازنى كېچە.

— مۇشۇ بولماپتۇ، كۈندۈزى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ سالغۇلۇقتى.

— ئەۋۇ قاتتىكى گايىت ساماساق يېنىدىكىسىنى شۇنداق قىلغان. ئورۇقنى ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ سىيالىكىدا بىر ياپ دارقىرىتىپ سېلىۋالمىساق بولمايدۇ. پۇل كېتىدۇ. دېمىسىمۇ شۇنداق قىلمىساق، ئەجرىگە چىقىش قىلمايدۇ، گايىت ساماساق ئوغۇتنى جىق سالىدۇ.

— گايىت ساماساق ياخشىكەن، پۇل چىقمىسا ھوسۇل چىقامدۇ، سىلىنى نانغا تويسۇن، بېيىسۇن دەيدۇ.

— بۇغۇ راست، ئۆزىمىزچە تالىشىپمۇ سېتىۋالىمىز. كارامەت ئوخشايدىكەن زىرائەتى بولمىسا ئوغۇتنىڭ.

— ئوخشايدۇ.

— ھە، ئەبەي ئەپەندى، راستنى ئېيتقاندا، مۇشۇ ئاق ئوغۇت دېگەن بولمايدىغان نىمىكەن جۇمۇ.

— بۇمۇ يوق ئەمەس، چەت ئەلدىغۇ بۇنداق خىمىيۋى ئوغۇتنى بىزچىلىك ئۇنچە كۆپ ئىشلەتمەيمىش.

— نېمىشقا ئۆزى ياساپ، ئۆزى ئىشلەتمەيدىغاندۇ.

— كىرىمنى كۆزلەپچۇ، پۇل تاپىمىدۇ.

— ئەمما، ئەبەي ئەپەندى، مۇشۇ تەۋەدىمۇ زاۋۇت ئوغۇتى ئىشلىتىلمىگەن ئاشلىقنىڭ باھاسى قىممەتمىش، ئېغىل ئوغۇتى ياخشى دەيدۇ.

— ياخشىلىقىغۇ ياخشى، بىراق يەر كۆنۈپ قالدى.

— ئىككى - ئۈچ يىلدا ئوگىشىلارمىش، مۇشۇ يەردىمۇ ئوغۇت سالماي تېرىغانلار بار ئىكەن.

— ئەستاغپۇرۇللا...! بىجەن سۇنجاڭ، ما ھېلىقىنى... شۇڭا ئايرىم تېرىپىلىكەنلىدە، بۇ يەرنى. ئەتىدىنىياقى گەپ ئەگىتىكىچە ئاشۇنداق تېرىغانلارنىڭ بىرى ئۆزۈم دېسىلىچۇ...

— ئاستىراق - ئاستىراق، غەلۋىسى كەلمىسۇن ھېلى.

— ئىشقىلىپ، كۆرگەنلا پايدىسىنى.

— بۆلەك گەپكەن.

— يەنە بىر ھېسابتا ئوغۇت ئۆزىمىزنىڭمۇ ئىشى.

— قالدىسى يەپ كېلىۋاتىدىلا نېنىنى.

— نېنىنغۇ يېدۇق، قۇۋۇتى يوق...

— مانا - مانا ھەق گەپ، ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى دەيدىكەنمىز، پاختەكمۇ ئۆي - ئېغىلدا تۇخۇملايدىغان بولدى. ئادەم - ئۇلاغ ھەممىسىنىڭ يېمى ئېتىزدىكەن... يەنە.

— توغرا - توغرا، ئۆزۈۋەتمەي ئېيتسىلا ئاخىرىسىنى، ئويلىنىپ قالدىلىغۇ.

— ... ئەكەلسىلە قۇلاقلىرىنى، يېقىنراق... ھە مۇنداق، بىزنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر پارچە تەييار يېرىمىز بار ئىدى، ئاچقاملا ئىشەكلىرىنى، سىرەم - جابدۇقلىرىمۇ تەخ ئىكەن، غاچچىدە ئورۇق سېلىۋالايلى.

— بولىدۇ، ئەبەي ئەپەندى، بولىدۇ، دەرھال ئېلىنىپ چىقاي.

— شۇنداق قىلمىسامۇ بولمىغىدەك، قارىسام ئەجەب تۈيۈلۋاتىدۇ، ھەممە نېمە بوش.

— بوش - بوش، چىلىك نېمە يوق.

— ماڭارمۇ بۇ ئېشەك؟

— ماڭار، كۆرۈكى خېلى يېشىلدى.

— بۇمۇ ئوغۇت يەيدىكەن.

— يەيدۇ، ئادەممۇ يىلدا نىمشەك - ئىششەكلەپ ئوغۇت يەيدۇ. گايىت ساماساقمۇ ئاق ئوغۇت بىلەن مال بورادايدۇ. شۇڭا ئوغلى بوش.

# ئەدەبىيات قۇرۇماس بىر بۇلاق

(نەسر)

مەنزىرەم نۇردى

ئەدەبىيات، سەن مەۋج ئۇرۇپ دولقۇنلاۋاتقان بىر دەريا، باغرىڭدىكى تامچە - تامچە سۇلار سېنىڭ شەكىللەنگىنىڭدىن تارتىپ بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلغىنىڭغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا تۆلگەن ئەجىر - مېھنەتلىرىڭنىڭ قان - تەرى. سەن ئەنە شۇنداق ئاز - ئازدىن قان - تەر تۆكۈپ ئاخىرى بۈگۈنكىدەك بۇژغۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان چوڭ بىر دېڭىزغا ئايلاندىڭ.

سەن شۇنچە چوڭقۇر، دېڭىزمۇ سېنىڭ ئالدىڭدا خىجىللىق بىلەن بېشىنى ئېگىدۇ. سەن شۇنچە ئېگىز، شۇنچە پايانسىزكى، ئەڭ ئېگىز چوققىلارمۇ ساڭا باش ئېگىپ، كۆپكۆك دېڭىز، كۆپكۆك سامامۇ سېنىڭ پايانسىزلىقىڭ ئالدىدا خىجىللىقتا قالدۇ.

سېنىڭ روھىيىتىڭ شۇنداق كۈچلۈك، سەن بىز ياشاۋاتقان ئاشۇ چىگىچ، مۇرەككەپ تۇرمۇشنى تولىمۇ ئوبرازلىق، جانلىق سۈرەتلەپ، ئۇنىڭغا بەدىئىي تۈس قوشۇش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن كىشىلەرگە تۇرمۇشنىڭ رەڭدارلىقىنى، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى بىلدۈرسەڭ، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرمۇشنىڭ يىرگىنچلىك تەرەپلىرىنى، ھاياتتىكى رەزىللىكلەرنى پاش قىلىپ، تەنقىدلەپ بېرىدسەن، مۇدھىش پۇراقلارنى قەلبىمىڭ ئارقىلىق يۇيۇپ، كىشىلەرگە ئەقىل،بىلىم ۋە تەربىيە بېرىسەن. نادانلار كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈرگەنلەرنىڭ يولىغا ئۈمىد نۇرلىرىنى چېچىپ چىقىش يولىنى كۆرسىتىپ، ھاياتلىقنىڭ يېڭى بىر سىگنالىنى چالىسەن. سەن چەكسىز بىلىم مەڭگۈ ئۆگىنىدىغان، سەن بىر خەزىنە — مەڭگۈ بايلىقىڭ تۈگەپ قالمايدىغان، سەن — خورىماس بىر بولاق، سۇلىرىڭ مەڭگۈ قۇرۇپ قالمايدىغان!

سەن ئەنە شۇ ئۆتكۈر تىلىڭ بىلەن بىز ياشاۋاتقان بۇ رەڭگا رەڭ، قايناق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئىجادىيەت ماتېرىياللىرىنى توپلاپ،ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، كىشىلەرنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان زور بىر كىتاب قىلىپ چىقىسەن. سەن تارىختا نامى ئۆچمەس تۆھپىكارلارنىڭ مەدەتكارى، سەن ئۇلارنىڭ تىلى، ئۇلار سەن ئارقىلىق توم - توم كىتابلارنى يېزىپ تاماملايدۇ.

سېنىڭ قەلبىمىڭ شۇنچىلىك ئۆتكۈر، شۇنداق خاسىيەتلىككى، قەلەملىرىڭنىڭ بىر ئۇچى سامانىڭ قەرىدە، بىر ئۇچى دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدا، يەنە بىر ئۇچى ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل ۋادىلىرى، سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاقلىرىدا، دەريا - كۆللىرىدە، يەنە بىر ئۇچى ھاياتنىڭ گۈزەللىك ئۇرۇقلىرىنى قۇرۇتۇۋەتمەكچى بولغان رەزىل كۈچلەرنىڭ كۆكسىدە.

سېنىڭ قەلبىمىڭ ئەجدادلىرىم روھىدەك پاك، سەن ياخشىلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، ھەقىقەتنىڭ جارچىسى، ئەلچىسسەن. سېنىڭ قەلبىمىڭ ئادالەتسىزلىككە، رەزىللىككە شۇنداق ئۆتكۈر خەنجەركى، ئاشۇ رەزىللەرنىڭ روھىنى پاكلايدىغان ئابى كەۋسەرسەن. سەن كائىناتتىكى ھەر بىر مەۋجۇداتقا ئىللىق مېھرىڭنى، ئاتەش بولۇپ يېنىپ تۇرغان يۈرىكىڭنى، گۈلخان بولۇپ يېنىۋاتقان مۇھەببىتىڭنى بەردىڭ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا سېنىڭ قېنىڭ ئاقتى. سېنىڭ شۇ مېھنەتلىرىڭنىڭ ئاخىرى چېچەكلەپ مېۋە بەردى. شۇنداق قىلىپ، بىلىپ - بىلمەي سەن ھاياتىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندىڭ. سەن رەزىللىكتىن، مېھرى - مۇھەببەتسىز تۇرمۇشتىن، بىۋاپا، بىكۆيۈم، شەخسىيەتچى، پايدا - مەنپەئەت كويىدىلا يۈرىدىغان ئاشۇ يىرگىنچلىك كىشىلەردىن، يىرگىنچلىك تۇرمۇشتىن بەكمۇ يىراقتا. سەن بىلەن گېپىمىز بىر يەردىن چىقىدۇ، سەن «ۋىجدان» دەپ جار سالساڭ، مەنمۇ ئانام بەرگەن پاك قەلبىم بىلەن «ۋىجدان» دەپ جار سالىمەن. سەن پاكلىقنى، مېھرى - مۇھابىبەتنى، ۋاپانى، ئىللىق، گۈزەل تۇرمۇشنى بارچە كۈچۈڭ بىلەن ئۇلۇغلىساڭ، مەنمۇ پۈتۈن تىرىشچانلىقلىرىم بىلەن ئۇلۇغلايمەن، قەدىرلەيمەن. ئەجەبلەنمە، چۈنكى بۇلارنى سەن ماڭا ئۆگەتكەن، مەنمۇ سەندەك بىر بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن. گاھىدا سەندىكى ئاشۇ تەۋرىنىپ قالمايدىغان ئىشەنچ نۇرى قۇياشتەك پارلاپ تۇرىدىغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىڭ مەڭگۈ مەندىن يىراق كەتمىسكەن، ماڭا ھەمراھ بولسىكەن دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

سەن مېنىڭ قەلبىمدە ئۈزۈلمەس بىر كارۋان، سۈيى مەڭگۈ جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئەزىم دەريا. سەن قەلبىمدە مەڭگۈ توزۇمايدىغان بىر گۈل، مەڭگۈ تىز پۈكمەيدىغان شەمشاد، سەن مەڭگۈ تەڭرىتاغ باغرىنى، ۋەتىنىمنى، خەلقىمنى مەھكەم قۇچاقلىغىن!

مەمەتئەيسا قۇربان

# يۇرتىمىزدىكى يېشىل مەرۋايىت — بوستان شاللىق رايونى



ناھىيەمىز كېرىيەنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا يازلىقى يېشىل مەخمەلدەك جۇلالىنىپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، قىشلىقى كۆپكۆك مۇز بىلەن قاپلىنىپ ئالماستەك چاقناپ تۇرىدىغان بىر پارچە سېھىرلىك زېمىن بار. ئۇ يۇرتىمىزدىكى يېشىل مەرۋايىت بوستان شاللىق رايونى.

بوستان شالچىلىق رايونى كېرىيە — خوتەن تاشيولى 315 — نومۇرلۇق دۆلەت مۇداپىئە تاشيولىنىڭ شەنبە بازار بازىرى بىلەن سىيەك يېزىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بۆلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبى شەنبە بازار بازىرى، كۆكيار يېزىسى ، مۇغاللا بازىرى بىلەن، شىمال تەرىپى قاراخان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئومۇمي كۆلىمى 103 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىشقا بولىدىغان كۆلەم 70 مىڭ مو ئەتراپىدا. ھازىر ئەمەلىي تېرىلىۋاتقان كۆلەم 20 مىڭ مودىن ئاشىدۇ.

## بوستان شاللىق رايونىدىكى كۆللەر ۋە ئېقىنلار

بوستان شاللىق رايونى — كېرىيە دەرياسىنىڭ ئېقىن ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان سۈيى مول، ئوت — چۆپى ئەلۋەك كەڭ يايلاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يىل بويى ئۈزۈلمەي زىلال سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان ئېقىنلار، جەرەن كۆزلۈك بۇلاقلار، كۆك ئاسمان بىلەن رەڭداش چوڭ — كىچىك كۆللەر، ئاپپاق ماموقتەك پۆپۈك چىقىرىپ ئۆسىدىغان قومۇشلۇقلار، يېكەنلىك سازلىقلار، يۇلغۇن، يانتاق،چىگە قومۇش بىلەن ئورالغان توپىلىقلار، كۆز يەتكۈسىز شال ئېتىزلىرى بار، ئاساسلىق ئېقىنلاردىن سېسىق ئىلەك ئېقىن، سايۋاغ يار ئېقىن، ئوي چىغ يار ئېقىن قاتارلىق 8 چوڭ — كىچىك ئېقىن بولۇپ، بوستان شاللىق رايونىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتۈپ كېرىيە دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. چوڭ — كىچىك كۆللەردىن ئىلەك كۆل، يېشىل كۆل، شو كۆل، ئاچا كۆل، ئايدىڭ كۆللەر بولۇپ يىل بويى سۇ ئۈزۈلمەي لەرزان شامالدا دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ. بوستان شاللىق رايونىدىكى سۇ مەنبەسى بۇ يەردىكى ئوت — چۆپلەر، ئورمانلار ۋە شال قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى، مال — چارۋىلارنى، ئۇچار قۇشلارنى يېتەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئىللىق ئېقىم ھاسىل قىلىپ يۇرتىمىزنىڭ ئاتموسفېراسىنى ساپ نەملىك ھاۋا بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرىدۇ. بوستان شال رايونىدا قارا سۆگەت، تاغ سەگۈسى ۋە توغراقلار بىلەن ئورالغان دۆڭلەر بولۇپ يىراقتىن قارىغان كىشىلەرگە خۇددى مىسىر پىرامىدىلىرىدەك ھەيۋەت كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئاجايىپ قىزىق ھەم جەلپكار. مەسىلەن: قارال دۆڭ، زەگەر دۆڭ، داشمان دۆڭ، چوقلا دۆڭ، بورمەك دۆڭ، پاتا دۆڭ، ياماق دۆڭ، پۇچاقچىنىڭ دۆڭى، قوساق دۆڭ دېگەندەك. بوستان شال رايونى ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان يېزا كەنتلەردىكى دېھقان، چارۋىچىلار مۇشۇ دۆڭلەرگە ساتما ئۆي ۋە قوتان ياساپ چارۋا باققان ھەم شال تېرىلغۇسى بىلەن شۇغۇللانغان. بەزىلىرى ئۇزۇن — ئۇزۇن تىگەنلەرنى سوقۇپ دۆڭگە سۇ باشلاپ چىقىپ مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەرنى سېلىپ باغىۋاراڭ قىلغان. كاۋا، قاپاق تېرىغان. داشمان كەنتىدىن توختى ئاخۇن بورمەك دېگەن كىشىنىڭ بورمەك دۆڭگە سېلىپ كۆكلەتكەن دەرەخلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ھازىرمۇ بار. شاللىق رايونىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان پاقا دۆڭنىڭ

كۆلىمى 30 مودىن كۆپ بولۇپ، بۇك - باراقسان قارا سۆگەتلەر ئورالغان «يېشىل داچا» ئىدى. دۆڭنىڭ شەمالىدا مۇزدەك سۇ ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇلاق، شەرقىي جەنۇبىنى بويلاپ ئاقىدىغان كىچىك ئېقىن بار ئىدى. بۇ دۆڭنى سېپەك يېزىسىدىن سەيدى ئاخۇن پادىچى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى ھېيت ئاخۇن پادىچىلار ئىگىدارلىق قىلىپ باشقۇراتتى. پۈتۈن سېپەك يېزىسىنىڭ ئات، كالا، قويلىرىنى مۇشۇ ئىككى پادىچى ئەزىمەت ھۆددىگە ئېلىپ بېقىپ بېرەتتى. ئانىسى ھەۋزەيلىكام دېگەن ئايال قىسرەندى كالىلارنى سېغىپ كۈنىگە نەچچە قاچا قېتىق ئۇيۇتاتتى. ھەم دوغاپ ئېتىپ چوڭ - چوڭ كاسىلارغا ئېلىپ سۆگەت سايىسىدىكى ساتما ئىچىدە ساقلاپ قوياتتى. دۆڭگە (داچىغا) ساياھەتكە بارغانلار، شال تېرىشقا، ئوتاشقا، چارۋا ماللىرىنى يوقلاشقا بارغانلار ھەۋزەيلىكامنىڭ مۇزدەك دوغاپلىرىغا نانلىرىنى چىلاپ يەيتتى ھەم دوغاپنى قانغۇچە ئىچىپ تەشنالىقنى قاندۇراتتى. ئۇمۇمەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن 9 چوڭ دۆڭنىڭ ھەممىسى شالچىلار، چارۋىچىلارنىڭ ياز پەسلىدىكى پاناھگاھى بولۇپ ئەينى زاماندىكى گۈللەنگەن ئاجايىپ مەنزىرىلىك جايلاردىن ئىدى.

## گۆرۈچ ئامبىرى بوستان

ھەممىگە مەلۇمكى شال (گۆرۈچ) مەملىكىتىمىزدىكى ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرى، بىز جەنۇبىي شىنجاڭلىقلار نەزىرىدە گۆرۈچ ئەڭ ئەتىۋارلىق ئاق ئاشلىق ھېسابلىنىپ بۇغدايىنىڭمۇ ئالدىغا قويۇلىدۇ، ئاشلىق نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاشۇ يىللاردا كېرىيە خەلقىنىڭ (شەھەر نوپۇسىدىكىلەرنىڭ) ئايلىق گۆرۈچ نورمىسى 2جىڭ ئىدى. ئون نوپۇسلۇق شەھەر ئاھالىسىنىڭ بىر ئايلىق گۆرۈچ نورمىسى 20 جىڭ بولاتتى. ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى بىزنىڭ ئەقىللىك، ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز بوستان شال رايونىدا يەر ئېچىپ شال تېرىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان، مۇنبەت تۇپراق، مول سۇ مەنبەسى ئۇلارنىڭ شال ئىشلەپچىقىرىش ئارزۇسىغا قانات بېغىشلىغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شال تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر كۆپىيىپ، كۆلەم ئۇزلۇكسىز كېڭەيگەن، بىر قىسىم ھال - ئوقەتى ياخشى دېھقان شالچىلار شالنىڭ ئەلا سورتىنى كېڭەيتىپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە خوتەن، قاراقاش ناھىيەلىرىگە ھەتتا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيەسىگە بېرىپ، سورتلۇق شال ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ھەم ئۇنى بوستان شاللىق رايونىدا ئومۇملاشتۇرغان. ئۇ چاغلاردا ئاساسلىقى يەرلىك چىلگە شال تېرىلاتتى. بوستان شال رايونىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىيالنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 1949 - يىلى شال كۆلەم ئالتە مىڭ 700 مو بولۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 162 جىڭ بولغان. بۇ ئەينى يىللاردىكى شال ئىشلەپچىقىرىشتىكى خېلى يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىناتتى.

شال ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، شالنى ئاقارتىپ ئىستېمال قىلىش ئىستىكىگە تۈرتكە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭدىن 350 يىل ئىلگىرى بوستان شاللىق رايونىدا سۇ كۈچى بىلە ھەرىكەتلىنىدىغان شال ئاقارتىش سوقىلىرى ۋە تۈگمەنلەر بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ شال ئاقارتىپ مەرۋايىتتەك ئاپپاق گۈرۈچلەرنى، تۈگمەنلەردىن پايدىلىنىپ ماسكىدەك يۇمشاق بۇغداي ئۇنى، قوناق ئۇنلىرىنى تارتىپ چىقىرىپ، مەھسۇلاتقا ئىش قوشۇشنىڭ دەسلەپكى ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ ئارقىلىق يېڭىڭ سانائەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالغان. شال ئاقارتىش سوقىلىرى بىلەن تۈگمەنلەر ئادەتتە بىر كالى (سۇ سەكرەپ چۈشىدىغان ئېگىز قاش) غا ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، نەدە تۈگمەن بولسا شۇ يەردە شال ئاقارتىش سوقىسى بولغان. مەسىلەن، يۈسۈپ بەگ (دارىن) نىڭ تۈگمىنى، ئاياغ تۈگمەن، مەمتىبەگنىڭ تۈگمىنى، ئوتتۇرا تۈگمەن، توختاش موللامنىڭ تۈگمىنى قاتارلىق 11 تۈگمەن ۋە 11 شال سوقىسى بار ئىدى. تۈگمەن ۋە شال سوقىسى ماكىدۇرۇلغان جايلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سۆگەت، توغراق، جىگدە، يۇلغۇنلار بىلەن كۆكەرتىلگەن بولۇپ، يىراقتىن كىشىگە خۇددى باغۇ - بوستانلىق كەنتتەك كۆرۈنەتتى.

## ئۇچار قۇشلار ئارامگاھى بوستان

بوستان شاللىق رايونى بىزنى مول ئاش - ئوزۇق بىلەن، چارۋىلىرىمىزنى تۈگمەس ئوت - چۆپ بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، يەنە سېخىي قوينىنى كەڭ ئېچىپ، تۈمەنمىڭ ئۇچار قۇشلارغا يېقىشلىق ئارامگاھ بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ كەڭ ئاسمىنىدا ھاڭغىرت، ياۋا ئۆردەك، ياۋا غازلار پەرۋاز قىلىپ ئوينىسا، بۇلۇتلار سايە تاشلىغان كۆللىرىدە ۋە زۇمرەت ئېقىنلىرىدا كېرىيە چىپار ئۆردىكى، قىل يورغا، بېكەن توخۇلىرى قا-

نات قېقىشىپ ئوينايدۇ. قىش كېلىپ سوغۇق چۈشۈش بىلەن قارا قۇرۇم تاغلىرى ئىچىدىكى قۇشلار سەپ تارتىپ ئۇچۇپ كېلىپ، شال رايونىدىكى كۆللەرنى ماكان تۇتۇپ ياشاپ، ئەتىياز پەسلىدە چۈجە چىقىرىپ، ياز كىرىشتىن بۇرۇن جەنۇبقا كۆچۈپ كېتىدۇ. شالچى ئائىلىلەر، تۈگمەنچىلەر. پادىچىلار باققان غاز، ئۆردەك، توخۇ، كەپتەر قاتارلىق ئۆي قۇشلىرى توپ - توپ بولۇپ شال ئېتىزلىرىدا غاقىلدىشىپ ئوتلىشىدۇ. كۈز پەسلىدە شال خامىنى ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قارا قۇشقاچ، ئاق قۇشقاچ، ياۋا كەپتەر، قاغا قاتارلىق قۇشلار بوستان شاللىق رېيونىغا توشۇپ كېتىدۇ. ئەنۋارلىق قۇشلاردىن بولغان ئاق تۇرنا، ئۇقا قاتارلىق قۇشلارمۇ بۇ جايغا كېلىپ، قىشنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، باش ئەتىيازدىلا تاغلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ. بوستان شاللىق رايونىدىكى ئۇچار قۇشلارنىڭ كۆپ بولۇشى بولۇپمۇ، ياۋا غاز، ئۆردەكلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ئوۋچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولغان. قارچىغا ئوينايدىغان باخشىلار، قىسماق قۇرۇپ جىلە سالىدىغانلار تەرەپ - تەرەپتىن بۇ يەرگە كېلىپ، ئوۋچىلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. قارچىغا قۇشلاش كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىنى ئالغاچقا، يۇرت كاتتىلىرى باخشىلار بىلەن ئوۋ مەيدانىغا كېلىپ، تاماشا كۆرەتتى. ئامەتتى كېلىپ جىقراق ئولجىغا ئېرىشكەنلەرنى بايلار نەق مەيداندا تارتۇقلايتتى.

**بوستان شاللىق رايونىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىياتى**

چىللىدى خوراز جاھاننى ئويغىتىپ تاڭ يورۇدى،
بارچە مىللەت چالدى ساز يۇتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە.

1950 - يىلى 2 - ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ھۆرلۈك مارشىنى ياڭرىتىپ ناھىيەمىزگە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئازادلىقنىڭ ئىللىق قۇياشى قارا قۇرۇم تېغى ئېتىكىدىكى بۇ زېمىننى يورۇتۇپ، ئېزىلگەن خەلقلەرنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزدى ھەمدە ئۇلارنى پارتىيەگە يېقىندىن ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا، يۇرت - ماكانىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى. ئەينى چاغدىكى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى ۋۇ جىمىن، ھاكىم قاسىم پاسارلار كەڭ ئاممىغا يېتەكچىلىك قىلىپ. ئىقتىسادىي ئىگىلىكنى ياخشىلاش ئۈچۈن، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ دېگۈدەك جاپالىق ئىشلىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ناھىيە، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى تېخنىك خادىملارنى تەشكىللەپ، ناھىيەنىڭ سۇ - تۇپراق ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەر، كېڭەيتىشكە بولىدىغان زىرائەت تۈرلىرى، سۇ كۆپەيتىشكە بولىدىغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى، بىر قىسىم لايىھەلەرنى ئىشلەپ چىقتى. بۇ لايىھە ئىچىدە بوستان شاللىق رايونى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان ئىدى. چۈنكى بۇ يەرنىڭ سۈيى مول، ئېچىشقا بولىدىغان يېرى كۆپ ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئىستىقباللىق جاي ئىدى. قايتا - قايتا تەكشۈرۈش، مۇھاكىمە قىلىپ دەلىللەش ئارقىسىدا 1964 - يىلى 3 - ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن «بوستان شاللىق رايونى قوماندانلىق ئىشتابى» قۇرۇلدى. سابىق ھاكىم قاسىم پاسار قوماندانلىققا تەيىنلەندى. قوماندانلىق ئىشتاب قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ سۇ، ئېلېكتىر، تۇپراق، تېرىقچىلىق ساھەسىنىڭ تېخنىكلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، مەخسۇس بوستان شاللىق رايونىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇ يىلى 5 - ئايدا، دۆلەت كادىرلىرى ۋە دېھقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 18 مىڭ ئادەمنى تەشكىللەپ زور تۇتۇش قىلىپ، يېڭىدىن 20 مىڭ مو شاللىقنى كېڭەيتىپ ئاچتى. 1969 - يىلى شال كۆلىمى 37 مىڭ 200 موغا يېتىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 198 جىڭغا يەتتى. 1989 - يىلغا كەلگەندە شال ئومۇمىي مەھسۇلاتى توققۇز مىڭ 552 توننىغا يەتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن دېھقانلارنىڭ شال ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ، بىرلىك مەھسۇلات ۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتتا ئاجايىپ زور ئېشىش بارلىققا كەلگەن. كۆكيار يېزىسىنىڭ شال بىرلىك مەھسۇلاتى 500 كىلوگىرامدىن ئېشىپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان. بىرلىك مەھسۇلاتى 600 كىلوگىرامدىن ئاشقان كەنتلەر، 800 كىلوگىرامدىن ئاشقان ئائىلىلەر بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئۈچ ئامىل مۇھىم رول ئوينىغان. بىرىنچىسى، مەبلەغ سېلىش چىڭ تۇتۇلغان. يەنى كۈنجۈرە ئاساسلىق ئوغۇت قىلىنغان. ئىككىنچىسى، ئەلا سورتلۇق شال ئۇرۇقى ئومۇملاشتۇرۇلغان. 1966 - يىلدىن ئېتىبارەن يەرلىك چىلگە شال ئۇرۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شال ئۇرۇقى ھەر يىلى دېگۈدەك يېڭىلاپ تېرىلغان. مەسىلەن، «78 - 1»، «




401»، « شىنجاڭ شىپلى 1 ـ نومۇر»، «يۇگۇاڭ»، «جۇتيەن شياۋدىڭ» قاتارلىق ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ. ئۈچىنچىسى، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلغان. 1981 ـ يىلىغا كەلگەندە، شالىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئالتە مىليون 625 مىڭ 705 كىلوگىرامغا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان. ئۇ چاغلاردا شالىنىڭ ھەر كىلوسىنىڭ باھاسى بىر مو ئىككى پۇڭ ئالتە لى بولۇپ، مۇشۇ باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، ئومۇمىي شال قىممىتى 408 مىڭ 139 يۈەنگە يەتكەن. بۇ ئەينى چاغدىكى ئەڭ يۇقىرى قىممەت ئىدى.

3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، ناھىيەلىك پارتكوم، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بوستان شاللىق رايونىغا ئۈچ مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، نۇقتىلىق ھالدا سۇغىرىش يەنى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر، يول ـ كۆۋرۈكلەرنى ياخشىلاشقا، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت زۆرۈر بولغان ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. 23 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىككى چوڭ زەيدان ئالدى. 20 مىڭ مو شال ئېتىزلىرىنىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈردى. ئالتە مىڭ 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆت تاناپ تارماق زەيدان چاپتى. بىر مىڭ 200 مو كۆلەمگە ئىگە 15 بېلىق كۆلى قازدى. 11 كۆز ئېلېكتىرلەشكەن قۇدۇق كولاپ، بۇنىڭدىن 4 نى يۈرۈشلەشتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلار بىر تەرەپتىن شال ئىشلەپچىقىرىشنى، بىر تەرەپتىن كۆل قومۇشى (بورا قومۇشى) كۆلىمىنى كېڭەيتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، قوش مول ھوسۇل ئېلىپ كەلمەكتە. بوستان شاللىق رايونىدا بورا قومۇش كۆلىمى سەككىز مىڭ موغا يېتىپ، ئۇنىڭدىن قىلغان ئومۇمىي كىرىمى يىلىغا ئىككى مىليون 400 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك بولماقتا. شالچى ئائىلىلەر ۋە بورا قومۇش ئۆستۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كىچىك ماشىنا، تىراكتور سېتىۋېلىپ، زامانىنىڭ ئۆزلىرىگە سۇنغان ھالاۋىتىدىن ھوزۇرلانماقتا.

بوستان سېنى كۆرمەككە كەلدىم،
شالزارلىقتا يۈرمەككە كەلدىم.
قۇچاقىڭدا ئازاد زامانىنىڭ،
شوخ پەيزىنى سۈرمەككە كەلدىم.

# چۆچۈرە قوشىقى ①

چۆچۈرەم چۆچۈرەم قايىنايدۇ
ئانام بىرنى بەرمەيدۇ
بەرمىسىمۇ بەرمىسۇن
كۆڭلۈمگىمۇ كەلمىسۇن.
ئالتە كەپتەرنى مەن باقتىم
ئىككىسى موللاقچى
موللاقچىنىڭ باللىرى
شاپاقچى.

* *

مەرەم پوك
مەرەم يوق
ئىشتىنى پوق
ئېيتاي دېسەم لاتا يوق

لاتا دېگەن نەدىكەن
ئۆگزىدىكەن
چىقاي دېسەم شوتا يوق
شوتا دېگەن نەدىكەن
دەرەخ كېسەي دېسەم
پالتا يوق
پالتا دېگەن نەدىكەن
پالتا دېگەن ساندۇقتا

ئاچاي دېسەم ئاچقۇچ يوق.
ئاچقۇچچى موللام ئۆلۈپتۇ
كونا مازارغا كۆمۈپتۇ.
يىغلىغىلى ئادەم يوق.
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.

(رەتلىگۈچى : **مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم**)

① بۇ بالىلار قول تۇتۇشۇپ دۈگىلەكلىشىپ بىر بالىنى ئارىغا ئېلىپ ئايلىنىپ تۇرۇپ قوشاق ئېيتىپ ئوينايدىغان ئويۇن.




شەنبىن پسىخولوگىيە دوختۇرى ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ دوختۇرخانىسىغا ناھايىتى ئېسىل كىيىنگەن بىر ئەر كىرىپ كەلدى. شەنبىن قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى:

— قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزدىن خۇشالمەن، ئەپەندى، — دېدى ئۇ. بىراق، ھېلىقى ئەرنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىنكاس كۆرۈلمىدى، پەقەت سوغۇققىلا قىلىپ:

— مەن سىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ، ئەپەندى، — دەپ سورىدى.

ئىلگىرىكى تەجرىبىسىگە ئاساسلىنىپ، شەنبىن بۇ كىشىنىڭ قەلبىدە ئۇنى قىيناۋاتقان قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىمكان بار ئىللىق مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشىپ، سىپايىلىق بىلەن:

— سىزگە نىمە دېسەم بولار، چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، مېنىڭ ۋەزىپەم پسىخىكىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، روھىي ئازابقا ئۇچرىغان كىشىلەرنى نورمال ھالەتكە قايتۇرۇپ كېلىش، — دېدى.

ھېلىقى ئەر بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن سىناش تەرىقىسىدە سورىدى:

— ئەگەر، سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەلگەن بىمار بىر جىنايەتچى بولسا، سىز ئۇنى ساقچىغا مەلۇم قىلامسىز؟

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! — دېدى شەنبىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — مېنىڭ قېشىمغا كەلگەن ھەرقانداق بىر كىشى پەقەت پسىخىك جەھەتتىن بېسىمغا دۇچ كەلگەن بىر بىمار، خالاس. ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكى مۇتلەق ساقلىنىدۇ، ئەپەندى، ئەمدى سىز ماڭا كېسىلىڭىزنى خاتىرجەم ئېيتىۋەرسىڭىز بولىدۇ.

شەنبىننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئەرنىڭ كەيپىياتى نورماللىشىپ يېنىكلىگەندەك بولدى ـ دە، ئۆزى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلى سۆزلەشكە باشلىدى.

بۇ ئەرنىڭ ئىسمى گۇاڭتيەن بولۇپ، بىر بانكىنىڭ دىرېكتورى ئىكەن. ئون نەچچە كۈن ئىلگىرىكى بىر ئاخشىمى، ئۇ بىدىي ئىسىملىك بىر دوستى بىلەن ماشىنىسىنى ھەيدەپ سىرتقا چىقىپتۇ. قايتىپ كېلىۋاتقان يول ئۈستىدە ئۇ ماشىنىنى بەك تېز ھەيدىۋەتكەنلىكتىن، بىر ئادەمنى سوقۇۋېتىپتۇ. گۇاڭتيەن ماشىنىدىن چۈشۈپ قاراپ باقماقچى بولغان ئىكەن، بىدىي ئۇنىڭغا بۇ كېچىدە بۇ ئىشنى ھېچكىم كۆرمىگەن بولغاچقا كېتىۋېرىشنى ئېيتىپتۇ. گۇاڭتيەن ئۇنىڭ گېپى بويىچە ماشىنا سوقۇۋەتكەن كىشى بىلەن كارى بولماي كېتىۋېرىپتۇ. كىم بىلسۇن، شۇنىڭدىن كېيىن بىدىي ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن پۇل سورايدىغان بولۇۋاپتۇ. يەنە كېلىپ بىر قېتىمدا قىرىق ـ ئەللىك مىڭ يۈەن سورايدىكەن، ئەگەر گۇاڭتيەن بېرەلمەيدىغانلىقىنى ياكى كېيىنچە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتسىلا، ئۇ ھېلىقى ماشىنا ۋەقەسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭغا تەھدىت سالىدىغان بوپتۇ. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىدىي ئۇنىڭدىن بىر قېتىمدىلا ئىككى مىليون يۈەن پۇل تەلەپ قىپتۇ ھەمدە مۇشۇ قېتىملىقى بىلەن بولدى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق، گۇاڭتيەن ئۇنىڭ ھەرگىز بولدى قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ يېتىپتۇ. ئەگەر بەرمىسە ئۇنىڭ ساقچىغا ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

گۇاڭتيەن ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بولغاندىن

كېيىن يەنە:

— دوختۇر، مەن ئەزەلدىن بۇنداق پېشكەلچىلىككە ئۇچراپ باقمىغان ئىدىم، بىدىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئەبلەخنىڭ روھى ھەمىشە مېنى پاراكەندە قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئاخشىمى كۆزۈمنى يۇمسالىلا، ئۇ مۇشتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ مېنى قورقۇتىدۇ. داۋاملىق مۇشۇنداق بولىۋېرىدىغان بولسا، مەن چوقۇم ساراڭ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن. دوختۇر، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ مېنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىڭ، — دېدى.

گۇاڭتيەن سۆزلەۋېتىپ قوللىرى بىلەن مەيدىسىنى كۆچەپ باستى، پۈتۈن بەدىنى توختىماي تىترەيتتى. گۇاڭتيەنىنىڭ بۇ ئازابلىق ھالىتىنى كۆرۈپ شەنبىن كۆڭلىدە تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ كېسەللەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىۋېلىپ شۇ ئارقىلىق پۇل ئۈندۈرۈۋېلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان بىر ئەبلەخ ئىدى. ئۇ گۇاڭتيەنىنىڭ بانكا دىرېكتورى ئىكەنلىكىنى، ھازىر بولسا ئادەم ئۆلتۈرۈپ جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇنداق ئادەملەردىن تېخىمۇ كۆپ پۇل ئۈندۈرۈۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى پەملىدى ۋە ئىلاج بار ئۇنى تۇتۇپ قېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. شەنبىن بىرنەچچە يۇتۇم چاي ئىچكەندىن كېيىن، ئۆزىنى ناھايىتى ئازادە تۇتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ گۇاڭتيەنگە تەسەللى بەردى:

— ئەپەندى، مەن سىزنىڭ ئازابىڭىزنى بەكمۇ چۈشىنىمەن، لېكىن، بۇ ئىش ئۇنچىۋالا قىيىن ئەمەس، سىز سوغۇققان بولۇپ، بىدىگە ئوخشاش ئەبلەخ ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەپ يۈرمەڭ. مېنىڭچە، سىزنىڭ ھەردىكىتىڭىزنى باتۇرلۇق دېيىشكە بولىدۇ.

— باتۇرلۇق؟ — گۇاڭتيەن تولىمۇ ھەيران بولغان قىياپەتتە سورىدى، — سىزنىڭچە، مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىم توغرا بوپتۇ - دە؟

— ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسامىمۇ بەلكىم شۇنداق قىلىشىم مۇمكىن ئىدى، راست دەۋاتىمەن، — دېدى شەنبىن، — ئاددىي كىشىلەر نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئېيتقاندا، مەنمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاشلا بىدىنىڭ قىلمىشىنى رەزىللىك دەپ قارايمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ رەزىل قىلمىشى ئۈچۈن چوقۇم بەدەل تۆلىشى كېرەك. ئېھتىمال، ئۆلۈملا ئۇنداقلارغا نىسبەتەن ئەڭ مۇۋاپىق يول بولۇشى مۇمكىن.

— راستما؟ — گۇاڭتيەن خۇددى كىچىك بالىدەك سادىدىلارچە قىياپەتتە سورىدى، كەيپىياتى بايىقىدىن زور دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئىدى. شەنبىن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— شۇنىڭ ئۈچۈن سىزدە بۇندىن كېيىن ئۆزىڭىزنى گۇناھكار ھېسابلاش تۇيغۇسى بولماسلىقى كېرەك، ئەكسىچە، قايتىدىن روھلىنىپ يېڭى تۇرمۇشقا قەدەم بېسىڭ. ھېلىقىدەك، ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭ. سىز ماڭا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. مەن سىزنىڭ بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىڭىزگە ياردەم قىلالايمەن، — دېدى ۋە گۇاڭتيەننى باشلاپ پىسخىكىلىق داۋالاش ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى.

شۇندىن باشلاپ گۇاڭتيەن دائىم شەنبىننىڭ داۋالاش ئورنىغا كېلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتىمۇ تېزدىن ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.ئەلۋەتتە، شەنبىنمۇ بۇ ئارقىلىق گۇاڭتيەندىن كۆپ پۇلغا ئېرىشتى.

بۈگۈنمۇ شەنبىن قانداق قىلىپ گۇاڭتيەندىن تېخىمۇ كۆپ پۇل ئۈندۈرۈۋېلىشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى، دەل شۇ چاغدا گۇاڭتيەن ناھايىتى جىددىيلەشكەن ھالدا ئۇنى ئىزدەپ كەلدى.ئۇنىڭ روھىي ھالىتى تولىمۇ ناچار كۆرۈنەتتى، چىرايى جىددىي تۈس ئالغان ئىدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا:

— دوختۇر، مەن يەنە بىر قىيىن ئىشقا يولۇقتۇم، — دېدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى شەنبىن ھەيران بولغاندەك قىلىپ.

— يەنە شۇ قاقتى - سوقتىلىق! — دېدى گۇاڭتيەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىدي ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا شياۋشەن ئىسىملىك يەنە بىرىنىمۇ قاقتى - سوقتى قىلغان ئىكەن. بىدي گۇاڭتيەننى ئۆزىگە ئىككى مىليون يۈەن ئەكېلىپ بېرىشكە قىستىغاندا، ھېلىقى شياۋشەننىمۇ ئۆزىگە پۇل ئەكېلىپ بېرىشكە بۇيرۇغان ئىكەن، شۇ كۈنى گۇاڭتيەن بەلگۈلەنگەن جايغا شياۋشەندىن بۇرۇن يېتىپ بېرىپتۇ ۋە پىلانى بويىچە بىدىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا شياۋشەنمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ - دە، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شياۋشەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گۇاڭتيەننى قاقتى - سوقتى قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ - دە، بۈگۈن ئاخشاملا گۇاڭتيەنىنىڭ بەش مىليون يۈەن پۇلنى بەلگىلەنگەن جايغا ئەكېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى، بولمىسا ئۇنىڭ قاتىللىق قىلمىشىنى ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.




گۋاڭتيەن ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ قويدى:

— مېنى نىمشقا بۇنچە پالاكەت باسىدىغاندۇ، — دېدى.

— سىز شياۋشەننىڭ قانداقراق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى شەنبىن.

گۋاڭتيەن بېشىنى چايقىدى:

— بىلمەيمەن.

— باشقىلار تەرىپىدىن قاقتى - سوقتى قىلىنىش ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ. بىراق، قارشى تەرەپنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىق بىلمىگەن ئەھۋالدا سىز ئالدىراپ يېنىكلىك قىلماڭ. مېنىڭچە، سىز بۇ قېتىم ئۇ تەلەپ قىلغان پۇلنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرىڭ، — دېدى شەنبىن.

— نىمە دەۋاتىسىز؟ — گۋاڭتيەننىڭ غەزەپتىن پۇتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى، — مەن ئەمدى ئۇنىڭغا بوزەك بولمايمەن!

— ئۇنداقتا، سىز قانداق قىلماقچى؟ — شەنبىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سورىدى، — ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىمۇ؟

گۋاڭتيەن «ئۆلتۈرۈش» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا، خۇددى ئۇستىخانلىرى ئاجراپ كەتكەندەك كىرىسلوغا يىقىلدى. گۋاڭتيەننىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ شەنبىن يېنىك بىر تىنىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ قارىشىمچە، باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغانلار ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى بەدىگە ئوخشاش باشقىلارنى مەڭگۈ پاراكەندە قىلىدىغانلار. يەنە بىر خىلى مەقسىتىگە يەتسىلا ھەرىكىتىنى توختىتىدىغانلار. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى قانۇنغا خىلاپ. شۇڭا سىز ھازىرچە يەنىلا تاقەت قىلغىنىڭىز ياخشى. ئەگەر شياۋشەن ئىككىنچى خىلدىكى ئادەملەردىن بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا ئۇ سىزدىن بەش مىليون يۈەننى ئېلىپلا بولدى قىلىدۇ. بۇ سىزنىڭ ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىڭىزدىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

گۋاڭتيەن بۇنى ئاڭلاپ خۇددى ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك:

— قارىغاندا، مۇشۇنداق قىلمىسام بولمىغۇدەك، — دېدى - دە تولىمۇ ئۈمىدسىزلەنگەندەك قىياپەتتە سىرتقا ماڭدى. شەنبىن ئۇنى توختىتىپ ۋە ئۇنىڭغا:

— مۇنداق قىلايلى، سىز ئۇنىڭغا پۇل بەرگەندە ئۇنى ئوبدان بىر ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇۋېتىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، سىز پۇل قاچىلانغان خالتىغا بىر دانە پىچاق سېلىپ قويۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۇ سىزنىڭ نىيىتىڭىزنى چۈشىنىدۇ - دە قايتا قاقتى - سوقتى قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، — دېدى.

گۋاڭتيەن بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە كېتىپ قالدى.

كەچقۇرۇن گۋاڭتيەن پۇلنى ئېلىپ كېلىپ، بەلگىلەنگەن جايغا قويدى - دە، تېزلىكتە ئۆزىنى چەتكە ئالدى. تەخمىنەن بىر سائەتتىن كېيىن، بىر قارا كۆلەڭگە پۇل قويۇلغان يەرگە كەلدى. ئۇ پۇل قاچىلانغان خالتىنى ئالدى ۋە پۇلنىڭ ئۇستىدىكى پىچاقنى ئېلىپ پۇلاڭلىتىپ قويدى - دە، مەغرۇرلانغاندەك كۈلۈپ قويدى.

— ياخشىمۇسىز، شەنبىن دوختۇر!

كەينى تەرەپتىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان كۆرەڭلەرچە ئاۋازدىن قارا كۆلەڭگە قورقۇپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. بۇ قارا كۆلەڭگە دەل شەنبىن ئىدى، گەپ قىلىۋاتقان كىشى گۋاڭتيەن ئىدى. شەنبىن ئېسىنى يىغىپ بولغىچە گۋاڭتيەن ئېغىز ئاچتى:

— قالتىسكەنسىز دوختۇر، بىراقلا بەش مىليون يۈەنگە ئېرىشتىڭىز!

شەنبىن تولىمۇ گاڭگىراش ئىچىدە سورىدى:

— سىز... سىز قانداق قىلىپ مېنى بىلىۋالدىڭىز؟

— ھا...ھا...ھا...، — گۋاڭتيەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — سىزنى قارماققا ئىلىندۇرۇش ئۈچۈن مەن ئىككى ئاي ۋاقىت سەرپ قىلدىم.

شەنبىن بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە گۋاڭتيەننىڭ نىمە دېمەكچى بولغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— سىز تېخىچە چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟ بۇ بىر قىلتاق! — دېدى گۋاڭتيەن.

شەنبىننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى:

— قىلتاق؟ ئۇنداقتا سىز ئىلگىرى ماڭا ئېيتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى يالغان ئىكەندە!

— ھا... ھا... ھا... — گۋاڭتيەن تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى، — راست ياكى يالغانلىقىنى بىردەمدىن كېيىن چۈشىنىپ قالىسىز. بىراق، شەنبىن ئەپەندى، سىز بەك بىپەرۋادەك قىلىسىز، قولىڭىزدىكى پىچاق ۋە خالتىغا ياخشىراقمۇ قاراپ باقمىدىڭىز - ھە؟

غۇۋا ئاي نۇرىدا شەنبىن ئىنچىكىلەپ قارىۋىدى،

قولىدىكى پىچاقنىڭ قىپقىزىل قانغا بويالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ خالتىنىڭ ئىچىدىكى پۇللارنى ئىبلىۋىدى، ئاستىدا قانغا مىلىنىپ كەتكەن بىر ئادەم بېشى تۇراتتى. شەنبىن خۇدىنى يوقاتقاندەك ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ:

— بۇ... بۇ بىدىمۇ؟— دەپ سورىدى.

گۇاڭتيەن دىمىقىنى قېقىپ سوغۇق كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە:

— بەك ئەقىللىك ئىكەنسىز ئەپەندى، بۇ دەل بىدى. مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى كەينىگە سۈرۈپ بۈگۈنگە توغرىلىدىم، — دىدى.

شەنبىن تېخىمۇ ھودۇقۇپ:

— سىز... سىز زادى نىمە قىلماقچى؟ — دىدى.

— بۇ خالتا ۋە پىچاقتا سىزنىڭ بارماق ئىزىڭىز قالدى. باياتىن مەن يەنە رەسىمگىمۇ تارتىۋالدىم. ئەگەر مۇشۇ دەلىل - ئىسپاتلارنى ساقچى ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بەرسەم، ئەتىلا پۈتۈن شەھەر خەلقى شەنبىن دوختۇرنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ... — دىدى گۇاڭتيەن.

شەنبىن خۇددى مۇز ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ جان تالىشىۋاتقاندەك قىلىپ:

— ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز، سىزنىڭ مەقسىتىڭىز زادى نىمە؟— دېدى.

گۇاڭتيەن تولىمۇ سوغۇق قىياپەتتە دېدى:

— بىدي مېنى قەلەندەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغىلى تاسلا قالغان ئىدى. ھازىر مەندە پەقەت مۇشۇ فوتو ئاپپارات بىلەن بىر دانە تاپانچىلا قالدى. سىز ماڭا بەش مىليون يۈەن قەرز بېرىپ تۇرالامسىز؟ خاتىرجەم بولۇڭ، مەن باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان ئادەم ئەمەس. ئىككىمىزنىڭ سودىسى پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا بولىدۇ. سىز بۈگۈن ئەتىگەنلا ماڭا ئىككىنچى خىلدىكى قاقتى - سوقتى قىلغۇچىلار مەقسىتىگە يەتسىلا بولدى قىلىدۇ دېمىگەنمىدىڭىز؟ ماڭا ئايان، باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىش قانۇنغا خىلاپ.

گۇاڭتيەننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ شەنبىننىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى - دە، يەرگە يىقىلدى.

«ھېكايىلەر» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق 3 - سانىدىن **ئالىمجان ئابلىز** تەرجىمىسى.

ھەق يولىدا كىم ساڭا بىر ھەرىپ ئوقۇتسا كۈچ بىلەن، ئادا قىلمىسا بولماس ئۇنىڭ ھەققىنى يۈز كۈچ بىلەن.

ئە. نەۋائى

ئىلىم بېرىش يالغۇز مەكتەپنىڭلا ئىشى ئەمەس. مەكتەپ شۇ بىلىمگە ئاچقۇچ بېرىدۇ، خالاس. مەكتەپتىن سىرت ئوقۇش ھاياتنى ئۆز پېتىچە قامالاپ ئالىدۇ. ئىنسان ئۆمۈر بويى ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرۇشى لازىم.

ئا. ۋ. لوناچارىسكىي

ئوقۇغۇچىنى ئەمگەك قىلىشقا ئۆگەت. ئۇنى ئەمگەكنى ھەقىقىي سۆيۈشكە، ئەمگەك بىلەن شۇنداق شۇغۇللىنىشقا ئۆگەتكىنكى، ئەمگەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەبەدىي سىڭىپ كەتسۇن، ئۇنى شۇنىڭغا ئۆگەتكىنكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز كۈچى ئارقىلىق بىرەر نەرسىنى بىلىۋالالماسلىق ئەقىلگە سىغمايدىغان ھالەت ھېسابلانسۇن، ئوقۇغۇچى مۇستەقىل ئويلىشى، ئىزلىنىشى، ئۆزىنى كۆرسىتىشى، ئۆزىنى

قابىلىيەتلىك ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈشى لازىم.

ئا. دىستېرۋېگ

بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئىرادە باغلاشقا ئالدىرىما. ئىرادە باغلىدىڭمۇ، قەتئىي بول.

ھولۇقماستىن سۆزلە، ئالدىراڭغۇلۇق ئەقىلسىزلىكنىڭ بەلگىسىدۇر.

بەختسىزلىككە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئادەم بەختسىزدۇر.

كۈچ بىلەن ئەمەس، ئىشەنچ بىلەن ياشا.

ياشلىقىڭدا قېرىلىق ئۈچۈن دانالىقنى توپلا. چۈنكى ئۇنىڭدىن ئىشەنچلىكرەك بىسات يوق.

يىگانە ۋە ئەڭ مۇدھىش خاتالىق بۇرۇنقى خاتالىقلارنى تۈزەتمەسلىكتۇر.

دانالار ھېكمەتلىرىدىن



# ئىككى ھېكايە

## باي بولغاندا ئاجرىشايلى

بې مىڭ

خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىز مائاشلىقلار قاتلىمىغا مەنسۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئائىلىمىزدىكى ئۈچ جاننىڭ تۇرمۇشىنى ئاران قامداپ ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتتۈۋاتىمىز. مەن خوتۇنۇم بىلەن بەش يىل مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان بولۇپ، مۇھەببەت ئاساسىمىز پۇختا ئىدى، بىراق يېقىندا خوتۇنۇم بىر نەچچە قېتىم ساۋاقداشلار يىغىلىشىغا قاتناشقاندىن كېيىن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزدە تۇيۇقسىز جىددىي ئۆزگىرىش بولدى، ئۇ بىر نەچچە قېتىم مەن بىلەن ئاجرىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئاجرىشىشنىڭ سەۋەبىنى سورىسام، ئۇ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ بىزنىڭ بەك نامراتلىقىمىزدا ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتتى.

مەن ئاجرىشىشنى ماقۇل كۆرمەي ئۇنىڭدىن:

— سىز ماڭا تەگكەن چاغدىمۇ مەن مۇشۇنداق نامرات ئىدىم، سىز شۇ چاغدا مېنىڭ نامراتلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ماڭا تەگكەن ئەمسە؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇچاغدا مەن پۇلنىڭ مۇنچىۋالا مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتكەنمەن، — دېدى ئۇ، — قاچان ئاجرىشىمىز؟

— باي بولغاندا ئاجرىشايلى، — دېدىم مەن سالماقلىق بىلەن.

— نېمىشقا؟

— ئاڭلاپ تۇرۇڭ ، — مەن بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەبلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىشقا باشلىدىم، — بىرىنچى، نامرات چېغىمىزدا ئاجراشساق مەنىۋى جەھەتتە ھېچقانداق خۇشاللىققا ئېرىشەلمەيسىز، خەقلەر سىزنى «بايغا قىزىقىپ نامرات ئېرىنى تاشلىدى، پۇلنى مېھرى - مۇھەببەتتىن ئەلا بىلىدىكەن» دەپ ئەيىبلەيدۇ ھەم ئۆزىڭىزمۇ ۋىجدان ئازابىدا قالىسىز، بۇنىڭ بىلەن قايتا ئەرگە تېگىشىڭىزگە تەسىر يېتىدۇ.

ئىككىنچى، نامرات چېغىمىزدا ئاجراشساق، ماددىي جەھەتتە ھېچقانداق مال - مۈلۈككە ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول كېتىسىز. سىز مېنى نامرات دەپ مەندىن ئاجراشقانغا ئوخشاش، باشقا ئەرلەرمۇ سىزنى نامرات دەپ سىز بىلەن توي قىلىشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن نامرات پېتى قېلىۋېرىسىز.

ئۈچىنچى، نامرات چېغىمىزدا ئاجراشساق نارەسىدە قىزىمىزنى نابۇت قىلىمىز. سوت ئۇنى ماڭا بۆيرۈپ بەرسىمۇ، سىزگە بۆيرۈپ بەرسىمۇ ئوخشاشلا نامراتلىق ئازاۋىنى تارتىدۇ. بىچارە قىزىمىز بىر پۈتۈنلۈكنى يوقاتقان ئائىلىدە پاجىئەگە يولۇقسا يۈرىكىمىز قانداق چىدار؟

— ئەمسە قانداق قىلىمىز؟— خوتۇنۇم گەپلىرىمنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى سەزدى بولغاي، دىققەت بىلەن ئاڭلاپ بولۇپ سورىدى.

— مېنىڭچە ئەڭ ياخشىسى جان تىكىپ ئىشلەپ بېيىپ پۇللۇق بولغاندا ئاجرىشايلى، — دېدىم مەن.

— ئۇ چاغدا مەن سىزدىن نېمىشقا ئاجرىشىدىكەنمەن؟ مەن يا ساراڭ بولمىسام، — دېدى خوتۇنۇم.

— ئەمسە نېمە دەپ ئاجراشقۇدەكمىز؟ — دېدىم مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا.

(«مىكرو ھېكايىلەر ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2011 - يىللىق 8 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

# جەننەتتىن كەلگەن خەت

لىيۇ شياۋخېي

نەشرىيات سودىگىرى تاۋخەي ئادىتى بويىچە كرېسلوغا تاشلىنىپ قېنىق دەملەنگەن قەھۋەنى ئوتلىغاچ ژۇرنال كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەقىللىك ئادەم بولۇپ: «ئۇچۇرغا ئېرىشىش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى؛ پايدىلىق ئۇچۇرلار كۆپىنچە نەزەرگە ئېلىنمايۋاتقان گېزىت - ژۇرناللاردىن چىقىپ قالىدۇ» دەپ قارايتتى.

بۈگۈن تاۋخەينىڭ كۆرۈۋاتقىنى بىر ئاياللار ژۇرنىلى ئىدى. ۋاراقلاپ 38 - بەتكە كەلگەندە «دوست ئىزدەش» توغرىسىدىكى بىر پارچە ئېلان ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى: «مەن بۇ يىل 20 ياشتا، قىزىقىدىغان نەرسىلىرىم بەك كۆپ، ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىرمەن، ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرىمەن. بەختكە قارشى قان راكىغا گىرىپتار بولۇپ قالدىم، دوختۇرلار كۆپ بولسا ئۈچ ئايغىچە ياشىيالايدۇ، دەپ دىياگنوز قويدى. بۇ گۈزەل پانىي دۇنيادىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىغانلىقتىن قالغان ئەڭ ئاخىرقى ئۆمرۈمدە بىر يېقىن دوست تۇتۇش نىيىتىگە كەلدىم. مەن بىلەن دوست بولۇشنى خالىسىڭىز خەت ئەۋەتكەيسىز، دەپ: مەلۇماتلىق مەسۇمە ۋېنشۇ»

بۇ ئېلاننىڭ مەزمۇنى دەرھاللا تاۋخەينىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغىدى: «بىر بەختسىز ھەم تالانتلىق قىز. ئۇنىڭ ئېيتىدىغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى بولۇشى چوقۇم. مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا خەت يازمايمەن، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق خەت - ئالاقە قىلىشالىسام ئۈچ ئايغىچە ئۇنىڭدىن كەلگەن جاۋاب خەتلەر بىر كىتابچە قىلىپ چىقىرىشقا يېتىپ قالىدۇ، ھازىر كىتاب بازىرىدا ئېغىر كېسەل كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسى تەسۋىرلەنگەن كىتابلار بەك كەمچىل، بۇ ئالەمدە كىم ھاياتقا تارتىشمايدۇ، كىم ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى تەسىراتلىرىنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلالىسام مەنمۇ بىر بەختسىز ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلغان بولىمەن» تاۋ خەي پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر ئادەم ئىدى.

ئۇ دەرھال كرېسلودا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇ بىچارە قىزغا خەت يازدى. نەشرىيات سودىگىرى تاۋ خەي يېزىقچىلىققىمۇ ماھىر ئادەم ئىدى. خەت ئۇزۇن، ئەمما تىلى ئىنتايىن يېقىملىق ئىدى، ئوقۇغان كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتەتتى.

ئون كۈندىن كېيىن، ۋېنشۇنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەت ئىنتايىن كۆركەم پوچېركا، تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ھەر بىر سۆز، ھەربىر جۈملىسىدىن ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈش، پانىي دۇنياغابولغان ئەزگۈ تىلەكلەر تولۇپ تاشقان ئىدى. تاۋ خەي ۋېنشۇنىڭ جاۋاب خېتىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىققىنىغا بەكمۇ خۇشاللىنىپ كەتتى.

خەت يېزىشىش داۋاملاشتى. تاۋخەي باشقا ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ قىزغا ۋاقتى - ۋاقتىدا خەت يازماقتا ئىدى .

تاۋ خەي ئاللىقانداق بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ ئەسلىي مۇددىئاسىدىن ھالقىپ چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت بېغىشلىغۇچى بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيمايلاقالدى. قىزنىڭ جاۋاب خېتى كۆپلەپ كەلگىلى تۇردى، ھەتتا بەزىدە ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە پارچە كېلەتتى. بەختسىز قىز ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى، ئازابلىرىنى، ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئېسەنگىرەشلىرىنى ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى قىممەتلىك يالداما سۈپىتىدە، ئۆزى ئەڭ يېقىن دوستۇم دەپ تونۇغان تاۋ خەيگە تېز - تېز يەتكۈزۈۋاتاتتى.

ئۈچ ئاي ئىچىدە تاۋ خەي قىزغا نۇرغۇن خەت يازدى. ئۈچ ئاي ۋاقىت توشۇش ئالدىدا ۋېنشۇ ھەسرەت - نادامەتكە تولغان ئەڭ ئاخىرقى خېتىنى ئەۋەتتى. بۇ خېتىدە كېسىلىنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىپ كەتكەنلىكىنى، بۈگۈن - ئەتىلا ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

نەشرىيات سودىگىرى تاۋخەي خەتنى ئوقۇپ بولۇپ گويا راستىنلا بىر يېقىن دوستىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك قايغۇ ئىچىدە قالدى. ئۇ ۋېن شۇغا يەنە بىر پارچە خەت يازدى، بۇ خېتىدە مۇنداق بىر جۈملە بار ئىدى: «بەختسىز دوستۇم، سىز خۇدا ياخشى كۆرگەن كىشى، خۇدا ياخشى كۆرگەن كىشىلەر ئومۇمەن بالدۇرلا

كىتىپ قالدۇ.»

ۋىن شۇدىن جاۋاب خەت كىلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغان بولسىمۇ تاۋ خەي تىخىچە ئۇنىڭ جاۋاب خىتىنى تاپشۇرۋالمىدى. تاۋخەي ئۇنى ئاللىقاچان ئۇ دۇنياغا كەتتى دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋىن شۇنىڭ خەتلىرىنى كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن رەتلەپ، تولۇقلاپ ىىزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

تاۋخەي ۋىن شۇنىڭ خەت ـ چەكلىرىنىڭ ئارگىنالىنى باسمىغا تاپشۇرۇۋاتقان پەيتتە ناتونۇش بىر كىشىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۋالدى.

خەتتە مۇنداق دىيىلگەن ئىدى:قەدىرلىك يازغۇچى، ياخشىمۇسىز! سىزگە ئەللىك مىڭ يۈەن قەلەم ھەققى ئەۋەتتىم، چۈنكى سىزنىڭ تەسەللى بەرگۈچى خەت ـ چەكلىرىڭىزنى توپلاپ نەشر قىلىش مىنىڭ نەشرىياتىمغا بەخت ـ ئامەت، شان ـ شەرەپ كەلتۈردى، مەن بىر نەشرىيات سودىگىرى، ۋىن شۇ بولسا مىنىڭ قىزىم، بىراق ئۇ سەككىز ياش ۋاقتىدا ئاق قان كىسىلىگە گىرىپتار بولۇپ بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان ئىدى. قىزىمنىڭ بەختسىزلىكى ئارقىلىق سىزنىڭ ھىسداشلىقىڭىزنى قولغا كەلتۈرۈشۈم پۈتۈنلەي ئامالسىزلىقتىن بولغان ئىش، چۈنكى يىقىنقى يىللاردىن بۇيان مىنىڭ نەشرىياتىم كاساتلاشقان ئىدى. ۋەيران بولۇپ تاقىلىش گىردابىغا بىرىپ قالغان نەشرىياتىمنى قۇتقۇزۇپ قىلىش ئۈچۈن توساتتىن شۇنداق غەلىتە خىيالغا كىلىپ قالغاندىم. مىنىڭ بۇ ئالدامچىلىقىمنى كەچۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىز بىر ياخشى ئادەم، سىز ئەڭ ئاخىرقى خىتىڭىزدە تىلغا ئالغان قىزىمنى ياخشى كۆرگەن خۇداغىلا ئوخشايسىز. شۇ سەۋەبتىن خەت ـ چەكلەر توپلىمىڭىزغا «جەننەتتىن كەلگەن خەت» دەپ ئىسىم قويدۇم. سىزگە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتاي: خەت چەكلەر توپلىمىڭىزنىڭ تۇنجى نەشرى ئاللىقاچان سىتىلىپ بولدى. نەشرىياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالغىنىڭىزغا رەھمەت!

تاۋخەي خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ھەيران قالدى ۋە كۈلۈپ كەتتى.

«ھىكايىلەردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن **رىجەپ ئىبراھىم** تەرجىمىسى

ئاچىنىڭ كۆزى ئاشتا،
توقىنىڭ كۆزى ھىكمەتتە

ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ ئالىم بولۇر.

ئازنى بىلمىگەن كۆپنى بىلمەس.

ئەقىل تاپاي دىسەڭ ئۆگەن،
بەخۋاشلىققا سالغىن يۈگەن.

بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب.

بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن مىڭ كۈن ئۆگەن.

تىرىشقاق تاپار،
تاشقا مىخ قاقار.

چوڭ قوغۇنىڭ تىلىمى كۆپ،
تىرىشچانىڭ بىلىمى (كۆپ).

سورا ـ سورا بىلىم ئالار،
ئويلا ـ ئويلا كىيىن قالار.

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۈر كۆرمىگىنىڭ،
كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ.

كۆپ ئوقۇغان كۆپنى بىلۇر،
ئوقۇمىغان نىمىنى (بىلۇر)

ئون دوزاشتىن بىر سوراش ئەلا.

ئۇستاز زىرەك بولسا، شاگىرتى روناق تاپار.

ئۆگىنىشنى ئار كۆرمە،
بىلىملىكنى خار (كۆرمە).

دۇنيانىڭ چىتى يوق،
ئۆگىنىشنىڭ چىكى (يوق)

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن




بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى بىر يۇرتتا ئۈچ يېتىم بالا بولغان ئىكەن. بۇ بالىلارنىڭ بىرى ماڭقا، بىرى تاز، يەنە بىرى چاپاق ئىكەن. تاز ھەر كۈنى يۈز مىڭ قېتىم كاللىسىنى قاشلاپ، قولىنى كاللىسىدىن نېرى ئاپىرالمايدىكەن. يەنە قاشلايدىكەن، يەنە قىچىشىدىكەن. ماڭقا بولسا بۇرنىدىكى ماڭقىسىنى ئېرتىپ توختىتالماي ئاۋارە ئىكەن. يەنە ئېرتسا يەنە چىقىدىكەن، يەنە ئېرتسا يەنە چىقىدىكەن. ئۇنىڭ كۈنى بۇرنىنى ئېرتىش بىلەنلا ئۆتىدىكەن. چاپاقنىڭ كۆزىدىن چاپاق قايناپلا تۇرغاچقا، ھېلى ئۇۋۇلسا يەنە قىچىشىپ چاپاق قايناپدىكەن. يەنە ئۇۋۇلايدىكەن، يەنە قايناپدىكەن. بۇ ئۈچ يېتىم بالا شەھەر سىرتىدىكى بىر مازارنىڭ گۈمبىزىدە بىللە تۇرىدىكەن. ئۇلار يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىپ جېنىنى جان ئېتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇلار يىراق بىر يۇرتقا بارماقچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. يول بويى تاز كاللىسىنى قاشلاپ، ماڭقا پوتلىسىنى ئېرتىپ، چاپاق كۆزىنى ئۇۋۇلاپ مېڭىپتۇ. بۇلار شۇنداق كېتىۋاتسا بىر باي سودىگەر ئۇچراپ بىللە سەپەرداش بولۇپ قاپتۇ. سودىگەر قېچىر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بۇ ئۈچ بالىنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىنىڭ زادى بىكار تۇرمايدىغانلىقىنى، ھەممىسىنىڭ بىردىن ئەيىبى بارلىقىنى كۆرۈپ بۇلارنى بىر ئەخمەق قىلغۇسى كەپتۇ ـ دە:

— ھەي بالىلار، سىلەر كىمنىڭ بالىلىرى؟ نېمىشقا قولۇڭلار بىردەم جىم تۇرمايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تاز جاۋابەن:

— بىز ئاتا ـ ئانىسىز يېتىم بالىلارمىز، كىچىكىمىزدىن مۇشۇنداق ئەيىبناق بولۇپ قاپتىكەنمىز. قولىمىزنى بىردەم جىم تۇتساق زادى چىدىيالمايمىز، — دەپتۇ. سودىگەر:

— ئۇنداق بولسا بىز شەرتلىشەيلى، ئالدىمىزدىكى يۇرتقا بارغۇچە ھېچقايسىڭلار قولۇڭلارنى ئەيىبىڭلارغا ئاپارمايسىلەر، ئەگەر مۇشۇنىڭغا چىدىيالىساڭلار مەن سىلەرگە بىردىن خوتۇن ئېلىپ بېرىپ، ھەر بىرىڭلارغا بىردىن ئۆي سېلىپ بېرىمەن، قاچاندىكى شەرتكە خىلاپلىق قىلىپ، قولۇڭلارنى ئەيىبىڭلارغا ئاپارساڭلار سىلەر ماڭا ئۈچ يىللىق مەدىكار بولۇپ ئىشلەيسىلەر، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بالىلار ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. «ماقۇل» دەي دېسە كۈنۈپ قالغان ئەيىبىنىڭ قىيىنىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. «ياق» دەي دېسە بىردىن خوتۇن بىلەن ئۆينىڭ مېھرىدىن كېچەلمەپتۇ. شۇ ئارىدا تاز:

— بوپتۇلا ئاغىنىلەر، ئۆزىمىز ئىشلەپ خوتۇن ئالىمىز دېسەك مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىمىز. غەيرەت قىلىپ «ماقۇل» دەپ باقمايلىما، يا قايناملىدىن چىقارمىز، يا سايرامدىن؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق قىلىلى ئەمىسە، — دېيىشىپتۇ ماڭقا

بىلەن چاپاق ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ.

شۇنداق قىلىپ بۇلار قوللىرىنى ئەيىبىگە ئاپار-ماسلىققا مىڭ قەسەملەر قىلىپ، بەللىرىنى يەتمىش يەردىن باغلاپ، سودىگەرنى جايلاشنى پايلاپ مېڭىپ كېتىپتۇ. سودىگەر قېچىر ئۈستىدە يېتىم بالىلارنى كۆزىتىپ مېڭىپتۇ.

ماڭا - ماڭا بىر يەرگە كەلگەندە تازنىڭ كاللى-سى قىچىشىپ، قىچىشىپ، بارا - بارا قىزىلمۇچ سۈر-كىگەندەك ئېچىشىپ كېتىپتۇ. تاز چىشىنى چىشىغا چىشلەپ چىداپ مېڭىپتۇ. ماڭقىنىڭ پوتلىسى سوزۇلۇپ يەرگە تېگەي دەپ قاپتۇ. قوللىرى بۇرنىغا يۈگۈرۈپ بىئارام بولۇشقا باشلاپتۇ. شۇنداقتىمۇ تاز بىلەن چا-پاقتا قاراپ «ئاشۇلار چىدىغان يەردە مەنمۇ چىداي» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ يولنى داۋام ئې-تىپتۇ. چاپاقنىڭ كۆزىدىن قايناغان چاپاق قېتىپ يو-غىناپ كۆزىگە يار يېلىم سۈركىگەندەك بولۇپ كېتىپ-تۇ. كۆزلىرى قىچىشىپ قەدەمدە مىڭ قېتىم كۆزىنى چىمچىقلىتىپ ئاران مېڭىپتۇ. سودىگەر بۇ ئەسراغا ئىچىدە كۈلۈپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بۇلار شۇنداق يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ بىر يەرگە كەلگەندە تاز زادىلا بولالماي قاپتۇ - دە بىر ئامال قىلىپ كاللىسىنى قاشلىۋېلىش ئۈچۈن سو-دىگەرگە:

— باي ئاكا، كىچىك ۋاقتىمدا دادام رەھمەتلىك ماڭا بىر چاقپەلەك ئېتىپ بەرگەن ئىدى، بۇ چاقپەلەك شۇنداق يوغان ئىدىكى تۈگمەن تېشىچىلىك كېلەتتى، — دەپتۇ. سودىگەر تازنىڭ گېپىگە قىزىقسىنىپ ھەم-مىنى ئۇنتۇغان ھالدا «ھە، ھە» دەپ مېڭىپتۇ.

— بۇ چاقپەلەكنى ئازمىغا سېلىپ ئۈستىگە سۇ چۈشۈرسەم شۇنداق چۆرگىلەيتتىكى، يا ئەيىۇھا-ناس! چاقپەلەك دېگەن ئۇنداق ئايلانماس! «پىلدىر، پىلدىر، پىلدىر» قىلىپ چۆرگىلىشى شۇنداق ئاجايىپ ئىدى، — دېگەچ ھەربىر «پىلدىر، پىلدىر» دېگەن-دە دوپپىسىنى قولى بىلەن تۇتۇپ، كاللىسدا ئايلان-دۇرۇپ، كاللىسىنى قاشلىۋاپتۇ. بۇنى سودىگەر بىلە-مەپتۇ. چاپاق تازنىڭ بۇ ھىيلىسىنى سېزىپ، ئۇمۇ كۆزىنى بىر ئۇۋۇلىۋېلىشنى ئويلاپ سودىگەرگە دەپ-تۇ.

— كىچىك ۋاقتىمدا ئۆيىمىزنىڭ يېنىدا بىر قو-غۇنچى بار ئىدى، بۇ قوغۇنچىنىڭ قوغۇنلىرى شۇنداق ئوخشايتتى، ھەر تەكىيىدەك، ھەر تەكىيىدەك قو-غۇنلار قوغۇنلۇقتا يېتىپ كېتەتتى، — دەپتۇ. سودى-گەرگە بۇ پاراڭلار خۇشياقىپ، «ھە، ھە» دېگىنچە يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

— بىر كۈنى قوغۇنچىنىڭ بېغىغا كىرىپ، بىر سويمىنى ئۈزۈۋېلا قاچسام قوغۇنچى مېنى تۇتۇۋېلىپ شۇنداق ئۇرۇپ كەتتىكى ياھەززەت! تايىقى بەئەينى زەھەر! مەن ئاغرىققا چىدىماي مۇشۇنداق يىغلاپ، — دەپ ئىككى مۇشتۇمنى كۆزىگە ئاپىرىپ يىغلىغان-نى دورىغاچ كۆزلىرىنى راسا بىر ئۇۋۇلىۋېلىپ راھەت-لەنگەندىن كېيىن ئاندىن:

— ئىككىنچى ئوغۇرلۇق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەنمەن، — دەپتۇ.

چاپاقنىڭ بۇ ھىيلىسىنى سودىگەر بىلەلمەپتۇ، لېكىن ماڭقا بۇنى سېزىپ قېلىپ، ئۇمۇ پوتلىسىنى ئېرتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. لېكىن ئويلاپ - ئويلاپ ياخشىراق بىر چارە تاپالماپتۇ. بۇ چاغدا ماڭ-قىسى يەرگە سۈرىلىپ، توپىغا مىلىنىپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ماڭقا ئوڭ قولىنى بۇرنىنىڭ ئاستىدىن سىيرىپ ئۆتكۈزگەچ سول تەرە-پىدىكى تازنى كۆرسىتىپ:

— سېنىڭمۇ توغرا، — دەپتۇ ۋە سول قولىنى بۇرنىنىڭ ئاستىدىن سىيرىپ ئۆتكۈزگەچ ئوڭ تەرىپى-دىكى چاپاقنى كۆرسىتىپ:

— سېنىڭمۇ توغرا، — دەپتۇ ھەم شۇ باھانىدە بۇرنىدىكى پوتلىسىنى سۈرتۈۋاپتۇ.

شۇ ئارىدا بۇلار شەرتلەشكەن مەنزىلگە كېلىپ قاپتۇ. سودىگەر قارىغۇدەك بولسا يېتىم بالىلار ئۆز ئەيىبىگە قولىنى ئاپارماي بەخىرامان كېتىۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر لەۋزىدىن يانالماي، يېتىملار-نى تاشلاپ قاچالماي، تاز، ماڭقا، چاپاقلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن خوتۇن ۋە بىردىن ئۆي ئېلىپ بېرىپ-تۇ. بۇ ئۈچ يېتىم بالا كېيىنكى ئۆمرىنى خاتىرجەم كاللا قاشلاپ، ماڭقىسىنى سۈرتۈپ، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئۆتكۈزۈپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى: شەنبە بازار بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن **ئېزىز قاسىم ياغ**)




## قىتىچى نامى توغرىسىدا رىۋايەت

1

قەدىمكى زامانىدا ھازىرقى سىيەك ئۆستەڭىنىڭ ئورنىدا ئىككى تارماقتا بۆلۈنۈپ ئاقىدىغان تەبىئىي ئېقىنلار بولغان ئىكەن، ھەر قايسى تارماق ئېقىنىدىن سۇ ئىچىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا پات ـ پات سۇ تالىشىش ماجىرا تۇغۇلۇپ تۇرىدىكەن، بۇ جىدەل ـ ماجىرانىڭ ئايىغى زادىلا ئۈزۈلمەي ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن شىمالىي ئېقىن بويىدىكىلەر كېرىيە خان ئامبىلىغا ئەرز تۇتۇپتۇ، خان ئامبال مەزكۇر ماجىرانى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئاراسىيەك كەنتىگە بىر مانجۇ ئەمەلدارنى ئەۋەتىپتۇ، بۇ ئەمەلدار مەسىلىنى ئىككى تەرەپكە ياققۇدەك ئادىل ھەل قىلىپ ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇپ قويۇپتۇ، شۇنىڭدىن بۇيان ئارا سىيەكنىڭ نامى «قىتايچى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «قىتىچى»غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

2

رىۋايەت قىلىنىشىچە چار پادىشا زامانىسىدا رۇسىيەنىڭ ئايال پادىشاھى پەرغانە ۋە ماۋەرائۇننەھرنى قارام قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەنجان ۋە بۇخارا تەرەپلەرگە قوشۇپ تارتىپ بۇ جايلارنى ئۆزىگە قوشۇۋاپتۇ ھەمدە زۇلۇم ـ ستەمنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپتۇ، بۇ خىل چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمغا چىدىمىغان كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن دىيارىمىزغا قېچىپ كېلىشكە باشلاپتۇ، شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەنجان ۋە كابۇللاردىن كەلگەن بىر قىسىم كىشىلەر سىيەك يېزىسىنىڭ ئارا سىيەك كەنتىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ قاپتۇ ۋە يەرلىكلەر بىلەن ئىناق ـ ئەتىپاق ئۆتۈپ ئۇلارغا ئۆزلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار غىزا ئورنىغا كۆپرەك ئات گۆشىنى بولۇپمۇ ئاتنىڭ قىتىسى (ئاشقازىنى)نى يېيىشكە ئامراق ئىكەن، شۇ سەۋەبتىن بۇ جايغا «قىتىچى» دەپ نام قويۇلۇپ قالغان ئىكەن. ھازىرمۇ سىيەك يېزىسىدا ياشاۋاتقان «ئەنجان»، «كابۇل»، «بالتۇ (بالتى)» لەقەملىك جەمەتلەر ئەنە شۇ چاغدا كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: سىيەك يېزا كۆكمەت كەنتىدىن ئابدۇۋەلى قۇربان غورا خەلپەت ھاجىم
توپلاپ رەتلىگۈچى: مەرھۇم دىھقان يازغۇچى: ئېزىز ئىمىن ساباھى

## نۇرىكۆل ھەققىدە رىۋايەت

نۇرىكۆل سىيەك يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بىر كىچىكرەك كەنت بولۇپ، سىيەك يېزىنىڭ مەكىت كەنتىگە ئازادلىقتىن ئىلگىرى بەگ بولغان كېرەمبەگ كەنت ياقىلىرىنى كەڭەيتىش ۋە بوز يەر ئېچىپ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئىنىسى نۇراخۇننى ھازىرقى نۇرىكۆلگە بۇيرۇيدۇ. نۇراخۇن مەرد، سېخىي ھەم ئىشلەمچى ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ بۇ جاينى ئېچىپ گۈللەندۈرۈپتۇ ھەمدە ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆلىمى ئۈچ مو كەلگۇدەك بىر كۆل كولاپتۇ، كۆل ئەتراپىغا تۇرلۇك دەل ـ دەرەخلەرنى تىكىپ بۇ جاينى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇ دەل ـ دەرەخلەر شىمال تەرەپتىكى تەكلىماكاننىڭ قۇم بورانلىرىنى توسۇپ بۇ جاي ئېخىمۇ ئاۋات تېپىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ كۆل نۇرىكۆل دەپ ئاتىلىپتۇ كېيىنچە بۇ نام كەنتنىڭ نامىغا ئايلىنىپ بۈگۈنگىچە كەلگەن ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەمتىمىن ئەكرەم، بارات كېرەم
توپلاپ رەتلىگۈچى: مەرھۇم دىھقان يازغۇچى ئېزىز ئىمىن ساباھى

# ئاپتورلار سەمىگە

پارتىيە 17 ـ قۇرۇلتىيى 6 ـ ئو-
مۇمي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ
ناھىيەمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا
يەنىمۇ تۆھپە قوشۇش ھەمدە يېقىندا مەر-
كەزدە چاقىرىلغان 8 ـ نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ـ
سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاش-
تۇرۇپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ناھ-
يەمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىل-
دۇرۇش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى
ئارقىلىق ناھىيەمىزنى سىرتقا تەشۋىق قىلىش
ھەمدە ناھىيەمىزدىكى ئاپتورلار قوشۇنىنى
يەرلىك مەتبۇئات نەشر ئەپكارى ئاستىغا ئۇيۇش-
تۇرۇپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئە-
دەبىي ئىجادىيىتىنى ياخشى بولغان مەتبۇئات
سەھنىسى بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن كېرىيە
ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن
قوللىشى بىلەن ناھىيەمىزنىڭ مەخسۇس نەشر
ئەپكارى بولغان «كېرىيە» نامىدىكى ئۇنىۋېر-
سال مەجمۇئەنىڭ تۇنجى سانى رەسمىي نەشر
قىلىنىپ تارقىتىلدى.

«كېرىيە» ناملىق بۇ ئۇنىۋېرسال مەج-
مۇئە مۇشۇ ساندىن باشلاپ ئىچكى جەھەتتە
يىلدا 4 سان چىقىرىلىدۇ. مەجمۇئە ئۇنىۋېرسال
خاراكتېرلىك بولۇپ تۆرلۈك ئەدەبىي ۋە بەدى-
ئىي ئەسەرلەر ئېلان قىلىنغاندىن باشقا كېرىيە-
نىڭ تارىخ مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى،
فولكلورى، جۇغراپىيەسى، غەيرىي ماددىي مە-
دەنىيەت مىراسلىرى، ساياھەت نۇقتىلىرى،
ساياھەت نۇقتا ئېچىش ئەۋزەللىكلىرى، كېرى-
يەدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر، تۆھ-
پىكارلارنى تونۇشتۇرۇش، ئىچكىرى ئۆلكىدى-
كى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ئېغىزلار بو-
يىچە ياردەم بېرىشى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن
غايەت زور ئۆزگىرىش ۋە نەتىجىلەر تەسۋىر-
لىنىدىغان ماقالە ـ ئەسەرلەر قاتارلىق
كېرىيەنى، كېرىيە روھىنى تەشۋىق قىلى-
دىغان تۆرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەر ئېلان
قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەدەبىيات-سەنئەتنى
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتى-
مىز، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇل-
غاندىن بۇيان پارتىيەمىزنىڭ توغرا رەھبەر-
لىكىدە ناھىيەمىزدە مەيدانغا كەلگەن غايەت
زور تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر تەشۋىق
قىلىنىدۇ ۋە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. ئىسلاھات،
ئېچىۋېتىش نەتىجىلىرى نامايان قىلىنىدۇ.

كەڭ ئاپتورلار ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ نا-
دىر ماقالە ئەسەرلىرى ئارقىلىق «كېرىيە» نام-
لىق بۇ ئۇنىۋېرسال مەجمۇئەنى قوللاپ قۇۋ-
ۋەتلىشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز! ژۇرنال
ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك بولغاچقا قوبۇل قىل-
ىماقچى بولغان ئەسەرنىڭ ژانىرى، تېما دائى-
رىسى چەكلەنمەيدۇ! ۋاقىت ۋە ئادەم كۈچى
قىيىنچىلىقى بىلەن ئاپتورلارنىڭ ماقالە ـ ئە-
سەرلىرىنى كومپيۇتېردا ئۇرۇپ ئۇرۇلغان
نۇسخىسى ۋە كومپيۇتېر ھۆججىتىنى بارماق
دىسكىغا قاچىلاپ بىرگە ئېلىپ كېلىشىنى،
يىراقتىكىلەرنىڭ تور ئارقىلىق E-mail ئادرې-
سىمىزغا يەنى keriye@126·com غا يوللاپ
بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز!

ئەسەر قوبۇل قىلىش ئادرېسى: كېرىيە
ناھىيەلىك ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
ئىشخانىسى (مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزى
3 ـ قەۋەت)

تېلېفون نۇمۇرى: 6818005

كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
«كېرىيە» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

2012 ـ يىلى 1 ـ مارت

# ھۈسەنجان قاسىم ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما















# مەتتوختى بارات فوتو سۈرەتلىرىدىن













# ئارزىگۇل ئەيسا فوتو سۈرەتلىرىدىن















刊　　名：**克里雅**（维吾尔文）
主管单位：中共于田县委宣传部
主办单位：于田县文学艺术界联合会
出版单位：《克里雅》杂志编辑部

新疆维吾尔自治区新闻出版局内部资料（报刊型）一次性第0004号
（内部资料，免费交流）